# ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر شېئىرلىرى





ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر شېئىرلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى : مەنزىل گۇرۇپپىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر شېئىرلىرى




ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى : مەنزىل گۇرۇپپىسى

# مۇندەرىجە

1. ئىز ---------- 6
2. مەن ئاق بايراق ئەمەس ---------- 6
3. چىللاڭ خورىزىم، چىللاڭ ---------- 10
4. ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس ---------- 10
5. تووا دەيمەن، تووا ---------- 14
6. ئۇچراشقاندا ---------- 17
7. ھىدايەتنامە ---------- 18
8. ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك ---------- 26
9. ئەينەك ---------- 43
10. بولمىسا ---------- 44
11. مۇزلىغان شەھەر ---------- 44
12. ئىت ئۈرەر،كارۋان يۈرەر ---------- 46
13. يىراقتىن خەت ---------- 46
14. ئىنساننىڭ ئاجىزلىقى ---------- 51
15. تاڭ زىياسى يوقمىدۇر ---------- 51
16. خەجلە ،خائىنلار خەجلە ---------- 52
17. ياخشى ---------- 53
18. قەلەمگە ---------- 54
19. ئايلىناي ---------- 55
20. تووا دەپ تۇتتۇم ياقا ---------- 56
21. باھار چىللايمەن ---------- 57
22. سەرلەۋھەسىز شېئىرلار ---------- 59
23. تاماكا بايان ---------- 60
24. جەنۇبقا خەت! ---------- 61
25. سەجدىگاھىمغا ---------- 62

26. ئارمان نېمە ---------------------------------------------------------------- 63
27. تەلكە ھەققىدە قوشاق -------------------------------------------------- 64
28. كەل-كەل سابا ------------------------------------------------------------ 66
29. سالام دەڭ ---------------------------------------------------------------- 66
30. شامالدار---------------------------------------------------------------------- 68
31. ئەي تولۇن قىز ------------------------------------------------------------ 69
32. بۆشۈك ئەللىيى ---------------------------------------------------------- 71
33. كېڭەش -------------------------------------------------------------------- 74
34. كۆچا يولىدا بىر تۈن------------------------------------------------------ 75
35. غەزەل ------------------------------------------------------------------------ 77
36. ئەلۋىدا ساقا ---------------------------------------------------------------- 77
37. ياشلىق----------------------------------------------------------------------- 79
38. يۇرتۇم قالدى -------------------------------------------------------------- 81
39. كىشەن---------------------------------------------------------------------- 83
40. يېتەر، ئەي چەرخ ------------------------------------------------------- 83
41. قايتىش----------------------------------------------------------------------- 84
42. مۇھەببەت ھەققىدە غەزەل-------------------------------------------- 86
43. خەلق ماقاللىرىدىن ئىقتىباسلار --------------------------------------- 86
44. قەلبىم باھار ---------------------------------------------------------------- 88
45. ۋىجدان دەۋىتى ------------------------------------------------------------ 89
46. مەڭگۈ شۈكرانىم تولا ------------------------------------------------------ 90
47. شائىر دوستۇمغا ------------------------------------------------------------- 91
48. مەي بولمىدى------------------------------------------------------------------ 92
49. فۇرقەتكە مۇشائىرە----------------------------------------------------------- 93
50. كۆزكېچىسى ------------------------------------------------------------------- 93
51. ئىت ئۈرەر، كارۋان يۈرەر ---------------------------------------------- 95
52. يالقىن غەزىلگە مۇخەممەس--------------------------------------------- 96
53. مۇختەمىلات ---------------------------------------------------------------- 98



www.uyghurkitap.com

54. غەزەل --- 98
55. نەۋائىي غەزىلىگە مۇخەممەس --- 99
56. باھار ۋەسلىگە مۇشتاقلىق --- 100
57. يانغۇسى تاڭ مەشئىلى --- 101
58. ئەسسە گۈل باغدىن سابا --- 102
59. گۈل ئەمەسكەن ياشلىقىم --- 103
60. ئىچەي قەشقەر شارابىدىن --- 103
61. بابۇر غەزىلىگە مۇشائىرە --- 104
62. ئاق ئەمەس ساچىمدىكى... --- 105
63. تىپىلماس --- 106
64. قىتئەلەر --- 106
65. كېرەك بولسا --- 107
66. غەنىيمەت --- 108
67. ياخشى --- 109
68. ياڭرات ۋەتەن مۇقامىنى --- 110
69. تېخى كۆپ ئىمتىھان شۇنچە --- 111
70. باھار كەلدى --- 112
71. خۇشلۇقۇم --- 112
72. خۇش مۇبارەك بۇ ئىشىك --- 113
73. بۇيىلۇق --- 115
74. ئىدىقۇت --- 117
75. بېزەكلىك --- 118
76. بوغدا ئانام --- 120
77. خاسىيەتلىك ئۇچرىشىش --- 121
78. بالام بولسا، شۇنداق بولسا --- 124
79. ئەسسالام ئەي قەشقىرىم --- 130
80. قەشقەر گۈزىلىگە --- 131
81. قەشقەر قىزى --- 131

82. ئاھ مۇئەللىم، مۇئەللىم ---------------------------- 132
83. ياشناۋەر سۆيۈملۈك بوغدا ---------------------------- 134
84. ئەلئۇدا، ئەي نەغمە ئۇستازى ---------------------------- 136
85. سايە ---------------------------- 137
86. باھار ھەققىدە غەزەل ---------------------------- 138
87. مەرھۇم ئەھمەت ئۆمەرگە مەرسىيە ---------------------------- 139
88. بىر يۇلتۇز ئۆچتى ---------------------------- 139
89. شائىر تېيىپجان ئېلىيېفقا مەرسىيە ---------------------------- 140
90. سالام، يۇرتۇم ---------------------------- 142
91. سالام، قەشقەر ---------------------------- 144
92. مەرھابا ---------------------------- 145
93. قەشقەر كېچىسى ---------------------------- 146
94. رۇبائىيلار(1) ---------------------------- 279
95. رۇبائىيلار(2) ---------------------------- 282

# ئىز

ياش ئىدۇق مۇشكۈل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز،
ئەمدى ئاتقا مىنگۈدەك بوپ قالدى ئەنە نەۋرىمىز.
ئاز ئىدۇق مۇشكۈل سەپەرگە ئاتلىنىپ ماڭغاندا بىز،
ئەمدى چوڭ كارۋان ئاتالدۇق قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز.
قالدى ئىز چۆللەر ئارا گاھى داۋانلاردا يەنە،
قالدى نى-نى ئارسلانلار دەشتى-چۆلدە قەبرىسىز.
قەبرىسىز قالدى دىمەڭ يۇلغۇن قىزارغان دالىدا،
گۈل چېچەككە پۈركىنۈر تاڭلا-باھاردا قەبرىمىز.
قالدى ئىز چۆللەر ئارا گاھى داۋانلاردا يەنە،
چىقسا بوران كۆچسە قۇملار ھەم كۆمۈلمەس ئىزىمىز.
توختىماس كارۋان يولىدىن گەرچە ئاتلار بەك ئۇرۇق،
تاپقۇسى بۇ ئىزنى بىر كۈن، نەۋرىمىز-يا ئەۋرىمىز.

## مەن ئاق بايراق ئەمەس

(1)

كۈمۈش كەبى يالتىراق،
مەرۋايىتتەك پارقىراق.
بىر چوققا بار ئاسمانغا مەغرۇر بېشى تاقاشقان،
ئۇنىڭ ئېتى خانتەڭرى، تىيانشانغا جايلاشقان.

مەشرىقتىن چىقسا ئاپتاپ،
ھەممىدىن ئاۋۋال باشلاپ،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

شۇ چوققىنى سۆيىدۇ مەڭزىگە يېقىپ مەڭزىن،
ئۆتۈپ ئۇنىڭ قېشىدىن، غەربكە ماڭار ئاندىن.

كېچە بولسا تولۇن ئاي،
ئۆتمەيدۇ ئۇندىن قونماي.
يەتتە يۇلتۇز ھەم ھۈكەر، زۇھەل بىلەن مۇشتىرى
ئۇنى يوقلاپ ئۆتىدۇ تەزىم قىلىپ ھەر بىرى.

ئېرىمەيدۇ، قىش - يېزى،
ئاق شايىدەك قار - مۇزى.
كۆكرىكىگە تاقاقلىق تەبىئەتنىڭ ئەكسى -
تاشنى يېرىپ چىققان ئۇ مۆجىزە قار لەيلىسى.

شۇڭلاشقىمۇ بۇ چوققا
بەزى بولۇپ ھۆرلىقا.
كۆرىنىدۇ كۆزلەرگە ئاق ئېچىلغان گۈل كەبى،
ياكى باھار كۈنلىرى ئاققۇ قونغان كۆل كەبى.

(2)

بۇ بىلمەي بىر جاناب،
خانتەڭرىگە بىر قاراپ،
دەپ تاشلىدى: «بۇ چوققا يىراقتىن قارىماققا -
ئوخشايدىكەن ئەل بولغان قۇشۇن تۇتقان بايراققا».

(3)

خانتەڭرى بۇنى ئاڭلاپ،
كۈلۈۋەتتى قاقاقلاپ.
دېدى: نەدە چوڭ بولغان بېشى قاپاق جانابىسىز،

قۇلاق سېلىڭ، قالمىغاي بۇ گېپىڭىز جاۋابسىز.

دەرۋەقە، ئاق مەن ئۆزۈم،
ساقال - چېچىم ھەم يۈزۈم.
لېكىن ھەرگىز ئەمەسمەن سىز ئېيتقاندەك ئاق بايراق،
تەبىئىتىم - مىجەزىم ئاق بايراقتىن بەك يىراق.

ئادەم ئاتا ھەم ھاۋا
جەننەتتىن چىققان چاغدا،
تۇنجى تۇغۇلغان ئوغلى مەن ئىدىم بۇ زېمىندە،
بوز ئېچىپ، ئۇرۇق چاچقان يېشىل ۋادى تېرىمدە.

نوھنىڭ كېمىسى توپاندا،
يول تاپالماي ئازغاندا،
ئاغزىمغا زەيتۇن چىشلەپ بارغان كەپتەر مەن ئىدىم،
ھاياتلىقنىڭ نىشانى - ئاشۇ جەۋەر مەن ئىدىم.

قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر
باشلاپ كەلگەندە خەتەر،
ئۇنىڭ ئۆتەر يولىنى توسۇپ قويغان مەن ئىدىم،
شەرقلىقنىڭ كۈچىنى تونۇتۇپ قويغان مەن ئىدىم.

يىپەك يولىكلىگەن كارۋان
قوڭغۇراق جاراڭلاتقان
ئاشۇ قەدىم يوللاردا ھەم قورۇقچى - پاسىبان،
ئاش - تۇز بېرىپ كارۋانغا ھەم بولغانتىم ساھىبخان.

ئەي جانابى مۆھتەرەم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تارىيسى
www.uyghurkitap.com

بىلىپ قويۇڭ شۇنى ھەم.
تارىخ دېگەن كىتابنىڭ خېتى مەندە پۈتۈلگەن،
نى - نى چېگىش تۈگۈنلەر مېنىڭ بىلەن يېشىلگەن.

قەغەز، كومپاس، مەتبەئە،
دورا دېگەن مۆجىزە
مەندىن ئۆتۈپ جاھانغا تارالغان ھەم كېڭەيگەن،
مەدەنىيەت بۆشۈكى ئۆز قولۇمدا تەۋرەتكەن.

(4)

دېمەك، تا ئەلمىساقتىن -
بېرى بارمەن ئۇزاقتىن،
شۇڭا بېشىم ئاقارغان، ھەتتا كەيگەن تونۇم ئاق،
لېكىن ئۆزۈم ئەمەسمەن سىز ئېيتقاندەك ئاق بايراق.

بۇ ھۆر زېمىن ۋەتىنىم،
ئاڭا باغلىق جان - تېنىم.
چاچ - ساقاللىنىڭ ئاقلىقى - تارىخ قەسرىنىڭ ئۇلى،
كۆككە تاقاشقان بېشىم شۇ ۋەتەننىڭ سىمۋولى.

قارا بۇلۇت توسسىمۇ،
چاقماق كېلىپ سوقسىمۇ.
ئېگىلمەستىن بۇ بېشىم مەغرۇر تۇردى ھەممە ۋاق،
قانداق قىلىپ مەن ئەمدى بولۇپ قالاي ئاق بايراق،

قەلبىم قىزىق چوغ تۇرۇپ،
قىزىل تۇغنى كۆتۈرۈپ.
كېتىۋاتسام مەردانە ناخشام غالىپ، ياڭغىراق،

قايسى يۈزىڭىز بىلەن مېنى دەيسىز ئاق بايراق!

## چىللاڭ خورىزىم، چىللاڭ

نىم دىگەن ئۇزۇن كېچە، ئەجەپمۇ تاڭ ئاتماي قالدى،
چىللاڭ خورىزىم، چىللاڭ، تاڭغا قاراپ كۆزىم تالدى.

چىللاڭ خورىزىم، چىللاڭ، ئۇخلاق جاھانىم ئويغانسۇن،
مېنى تاشلاپ ئۇخلىغان گۈلى رەيھانىم ئويغانسۇن.

چىللاڭ خورىزىم، چىللاڭ، يارنى چىللاپ ئويغىتىڭ،
يۈزىگە قانات يېيىپ، ئاستا سىپاپ ئويغى تىڭ.

ئاچسا يارىم كىرپىكىنى يەنە ئۇيقۇ باسمىسۇن،
ئۇيقۇ بىرلە مەن غېرىپنى مەڭگۈ تاشلاپ ئەتمىسۇن.

چىللاڭ خورىزىم، چىللاڭ، تاڭ ئاتىدۇ دەپ چىللاڭ،
تاڭ ئالدىدا يارىڭىز سىزنى كۈتىدۇ دەپ چىللاڭ.

چىللاڭ خورىزىم، چىللاڭ، چىللاڭ ئۇ گۈلۈستانغا،
يارىم ئويغانسا خەۋەر بېرىڭ مەن باغرى قانغا.

## ئۆمۈر ھەققىدە مۇخەممەس

ئۆمۈر مەنزىلدە ئىستەپ غۇبارسىز چىن ھەقىقەتنى،

قەلەندەردەك كېزىپ يۈردۈم چېكىپ مىڭبىر مۇشەققەتنى.
ۋە لېكىن يوق ئىكەن تۈز يول تېپىشتا ئۇشبۇ مەقسەتنى،
تېگىرقاپ ئۆتتى كۆپ ئۆمرۈم چۈشەنمەي سىرى ھېكمەتنى،
ئىشت دىلبەر، بايان ئەيلەي ساڭا بۇ ھەقتە سۆھبەتنى.

تۇغۇلغاچ ئىككى مۆمىندىن، ئۆتۈپ ئەللىكتە سەككىز يىل،
يەكۈنلەش سائىتى يەتتى ئۆمۈرنى ئەمدى ئەستايىدىل.
نە زەر سالسام بىسىپ ئۆتكەن يولۇمغا بولمايىن غاپىل،
ئاقۇر كۆزياشلىرىم گويا بولۇپ ئېرتىش ۋە ياكى نىل،
جاھاندا چەكمىگەي ھېچكىم مېنىڭدەك كۆپ نادامەتنى !

يا ھەققە ئەتمىدىم قۇللۇق، يا ئەلگە قىلمىدىم خىزمەت،
بېغىمغا كۈز يېتىپ كەلدى، قولۇمدىن كەتتى كۆپ پۇرسەت.
ھەمىشە ئۆرتىبان دىلنى يىلىنجاپ بىر ئەلەم-ھەسرەت،
ئازابلاپ كېچە يۇ- كۈندۈز قىلۇر جانىمنى بىتاقەت،
راۋادۇر قانچىلىك قىلسام ئۆزۈمگە دوق - مالامەتنى.

ئانا يۇرتۇم بىرىپ ئاق سۈت، بېقىپ ئۆستۈردى مىڭ ئاسراپ،
ئاۋايلاپ مايسىدەك ھەر تاڭ چېچىپ باشىمغا زەر ئاپتاپ.
بىرىپ تىل ھەم ئەقىل - ئىدراك، قاتارغا قوشتى يول باشلاپ،
قاناتى ئاستىغا ئالدى ئېغىر كۈنلەردە مىڭ- مىڭلاپ،
نېچۈكمۇ ياندۇرارمەن بۇ ئانالىق مېھىر- شەپقەتنى !

باھارنى كۈيلىشەر قۇشلار چېغىدا ھەر سەھەر دەمدە،
نېمىشقا بولمىسۇن بىر ھېس تىرىك پەرزەنتى ئادەمدە ؟
ۋەھالەنكى، ئادا بولماي ھېسابىسىز قەرز بۇ زىممەمدە،
ھامان قايىنامدۇ ھەسرەتلىك پۇشايمان ئابى دىدەمدە،
ئۆمۈرنى زايە قىلما سەن ئېلىپ مەندىن بۇ ئىبرەتنى.

خىيالىم دېڭىزى تىنماي تېشىپ مىڭ چايقىلىپ قايناق،
كېچىلەر ئاز يۇمۇپ كۆزنى ۋە گاھى تاڭغىچە ئويغاق.
چىقاردىم بىر يەكۈن ئاخىر ئۆمۈر مەنزىلىدىن شۇنداق،
ئۆمۈردۇر بىر كۈرەش، ھەرگىز ئەمەس ئۇ بىزگە ئاۋۇنچاق،
يولاتما ئەي كۆڭۈل ئەمدى ئۆزۈڭگە زەررە غەپلەتنى.

پىكىر دەرياسىغا قانچە تىرەن چۆمگەنسېرى ھەر تۈن،
كۆڭۈلنىڭ كىرلىرى شۇنچە يۇيۇلدى، تارقىدى ئەپسۇن.
ھاياتىم گەرچە پۇشمانلىق، دىلىمدۇر ناتىۋان، مەھزۇن،
ۋە لېكىن جان كىتابىغا قوشۇلدى يۈز تۈمەن مەزمۇن،
شۈكۈركىم، قوغلىدى مەڭگۇ يورۇق تاڭ قارا زۇلمەتنى.

تەپەككۇر كۆزىلە باقساڭ ئەگەر ئالەمگە بىر كەررە،
ئەمەستۇر خالىي ھېكمەتتىن ۋە ھەتتاكى ھەسەل ھەرە.
چۈمۈلە چېغىدا تىنماي تاپۇر ئۆز ئەجرىدىن مەررە،
كىشىكىم بىلسە بۇ بەلكى خەزىنە سىرىدىن زەررە،
پىكىر قىل ھەم چۈشەن، ئۆگەن بۇ جانلىق سىرى ھېكمەتنى.

بىلىپ يەتكەنسېرى ئىنسان ھاياتنىڭ سىرىنى كۆپرەك،
كۆڭۈل روشەنلىشىپ ئاندىن چۈشەنگەي ئۆزىنى خوپراق.
مىسال قارغۇ نېچۈك بىلسۇن قۇياش قانداقۇ ئاي قانداق،
بىلۇر، ئەمما گۆدەك ھەتتا نېچۈكتۇر گۈل، نېچۈك ياپراق،
دېمەككى، مەرىپەتتىن جان تاپۇر ئەقلۇ - پاراسەتنى.

ئۆلۈمنى ئويلىسا ھەر كىم، بىلۇر ئۆز زاتىنى ئاندىن،
تۇغۇلماق، سوڭرە ئۆلمەكلىك ئاياندۇر ھەممىگە ئايدىن.
لېكىن نەدە، قاچان، قانداق ئۆلۈشنى كىم بىلۇر ئالدىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يېشلمەس بىر تۈگۈن بولدى بۇ ماۋزۇ دەۋرى - دەۋراندىن،
غەنيىمەت بىل ئادەمزاتقا بىرەر تۆھپە ۋە خىزمەتنى.

جاھان باقى ئەمەس، لوقمان چېغىدا تاپمىدى دەرمان،
مىسالدۇر رۇمى ئىسكەندەر ۋە ھەتتا ئەركە چىڭگىزخان.
كىلىپ - كەتمەك بىلەن مەشغۇل جاھانغا بىھىساب كارۋان.
ئۆتەر دۇنيا، كېچەر دۇنيا، پەقەت خەلقلا سۈرەر دەۋران،
ئۆمۈر مەنزىلىدىن تاپتىم ناھايەت شۇ ھەقىقەتنى.

تۇغۇلغان ھەر بوۋاق يىغلاپ چۈشەرمىش يەرگە ئادەتتە،
ئەجەل كەلسە يەنە يىغلاپ كېتەرمىش كىشى ھەسرەتتە.
ۋە لېكىن يىغلىماي كەتكەن كىشىلەر ھەم بار ئەلۋەتتە،
كى شەرمەندە قىلىپ ھەر دەم ئۆلۈمنى جەڭگىۋار سەپتە،
نە يەڭلىغ بەخت ئىدى بىزگە،ئەگەر تاپساق شۇ پۇرسەتنى.

يېتىپ كۈز، سوغ شامال تەگكەچ، غازاڭ بولغان كەبى ياپراق،
ئۆمۈر مەنزىلىدە ئاخىر بولۇرمىز بىر دۆۋە تۇپراق.
بۇ تۇپراقتا ئۈنەر بەزەن تىكەن ياكى خۇنۇك قامغاق،
ئېچىلغاي بەزىدە گۈللەر، چېچىپ خۇش ئەترىنى ھەر ياق،
دېمەك، ھەر كىم بېرۇر شەخسەن ئۆمۈرگە ئۆزى قىممەتنى.

كىشى قىسمەتنى بىلمەيدۇ سوراپ ھەتتا سۈھەيلىدىن،
تاپۇر ئىززەت ۋە يا كۈلپەت كۆڭۈلنىڭ زەۋقى مەيلىدىن.
نېمە تەرسە شۇنى ئالماق بولۇر ئۆز خۇيى - پەيلىدىن.
نە بولدى ھالى فىرئەۋننىڭ تەكەببۇرلۇق تۈپەيلىدىن،
ئۇرۇقنى تاللىماي چاچساڭ، تىكەن باسقاي زىرائەتنى.

ئۆمۈر گويا ئېرۇر بىر شام، تۈگەر ئەلۋەتتە كۆيگەنچە،

ئاشار قەدرى لېكىن شۇنچە ئېرىپ جىسمى تۆگگەنچە.
كۆرۈڭكى، ئاشىقى پەرۋان كۆيۈپ ئىشقىدا مىڭ - مىڭچە،
تەسەددۇق ئەيلىدى جانىنى كېچە شام نۇرىغا شۇنچە،
ئۆمۈر مەنزىلىدە كاشكى، كىشى تاپسا شۇ قىسمەتنى.

بايان قىلغانلىرىم گەرچە دېڭىزدىن تامچىدۇر، ئەمما،
نامايەندۇركى، قۇياش ئەكسى بىر تامچە سۇدىمۇ ھەتتا.
مۇخەممەس ئەلگە يەتكۈزسە ئۆمۈر چىنلىقىدىن مەنە،
مۇكاپات شۇ ئىدى مەنچۈن، ئەمەسمەن ئۆزگىگە تەشنا،
كۆچەتنى تىككۈچى مەيلى كۆرەلمەي ئۆتسە راھەتنى.

## توۋا دەيمەن، توۋا

ھەددىدىن ئېشىپ،
بۇلدۇقلاپ تېشىپ،
قازاننى قويۇپ ئېغىزدا-
قايناپ چىققان بوپتۇ شوۋا!

«سەھەت تىلىسەڭ ئاز يە،
ئىززەت تىلىسەڭ ئاز دە»-
دەيتتى ئاتا-بوۋىمىز،
لېكىن، بىزنىڭ بەزىمىز-
پۇتتا ئەمەس، ئېغىزدا،
قۇرۇق مېڭىپ ئېڭىزدا،
شەھەر ئالدىغان بولدۇق،
توۋا دەيمەن، توۋا.....

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكسەل ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆز ئىككى، قۇلاق ئىككى،
قول ئىككى، ئاياق ئىككى،
ئېغىز، بۇرۇن بىر پەقەت،
شۇنىڭ ئۆزى بىر ھېكمەت...
شۇنداق تۇرۇقلۇق ئەمدى،
ئېغىزغا يۈكلەپ يۈكنى،
ئوڭ-تەتۈر كىيىپ بۆكنى،
گەپ-سۆزدىن «سۇخەن» توقۇپ،
سېۋەت-سېۋەتتە ساتماقنىڭ-
نېمە لازىمى تۇۋا!!

ھەي چوكا، ھەي سەن چوكا،
(تۇۋا دەيمەن، تۇۋا ! )
ئاش يەيدىغان ئەسۋابنى
نېمە قىلىۋالدۇق ئەمدى؟
بۇنى ئېيتىشقا دوستلار،
تىلىم بارمايدۇ زادى.
ئاتىدىن قالغان ئۇدۇمۇ،
ياكى مىراس تۇلۇمۇ،
يا پەيلىمىزگە لايىق
بىر لەنىتى كۆرۈمۇ؟
نىمە بولسا بولسۇن،
تۇۋا دەيمەن تۇۋا !

مۇندىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن،
ھېلىقى سارائ قۇيۇن-
ئېچىۋەتكەن ئوخشايدۇ
بەزى كونا گۆرلەرنى.

تامدىن تارىشا چۈشكەندەك ،
ئەرۋاھ تىرىلىپ چىققاندەك ،
بازارغا كىرىپ قاپتۇ
لەنەت تەككۈر «لىق» ۋە «لىك» ،
«سەن سەھرالىق، مەن شەھەرلىك،
ئاۋۇ ئاداش قەيەرلىك؟»-
دەيدىغان ئۆتمەس ماتا .
(بەزىلەر زورلاپ ساتا،)
توۋا دەيمەن، توۋا !
بۇ گەپلەر تېخى ئازدەك،
ئۈچىغا چىققان مازدەك،
سۈرۈشتۈرۈپ ئۇستخان ،
«مەن پالانى، سەن پالان،
مېنىڭ ئەسلىم ئېسىلزات،
ئېسىلقتا تاپقان ئات.
پالانچى ئۆزى كىمكەن،
ئۇ مېنىڭ تېڭىممكەن؟ »
دەيدىغان لاۋزىلىقلار
ئەدەپ قاپتۇ خىلىلا ،
توۋا دەيمەن، توۋا !
يەنە قاراپ نەسەبكە،
مەرتىۋە ھەم مەنسەپكە ،
تۆرمۇ تالىشىدىغان بولدۇق
سۆزەڭگۈر خېنىملاردەك،
ئولتۇرىشىمىزمۇ قالتىس ،
. غادايغاق بېگىملەردەك
قايسىبىرسىنى ئېيتاي،
توۋا دەيمەن، توۋا !

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچراشقاندا

سەھەر كۆرگەن چېغىم كۆزۈم سۈلتانىنى،
دېدىم سۈلتانمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق – ياق .
كۆزلىرى يالقۇنلۇق، قوللىرى خېنىلىق،
دېدىم چولپانمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق – ياق .

دېدىم ئىسمىڭ نېمە؟ دېدى ئايخاندۇر،
دېدىم يۇرتۇڭ قەيەر؟ دېدى تۇرپاندۇر،
دېدىم باشىڭدىكى؟ دېدى ھىجراندۇر .
دېدىم ھەيرانمۇسەن؟ ئۇ دېدى ياق – ياق .

دېدىم ئايغا ئوخشار، دېدى يۈزۈممۇ؟
دېدىم يۇلتۇز كەبى، دېدى كۆزۈممۇ؟
دېدىم يالقۇن ساچار، دېدى سۆزۈممۇ؟
دېدىم ۋولقانمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق – ياق .

دېدىم قىياق نەدۇر؟ دېدى قاشىمدۇر،
دېدىم قۇندۇز نەدۇر؟ دېدى ساچىمدۇر .
دېدىم ئون بەش نەدۇر؟ دېدى ياشىمدۇر،
دېدىم جانانمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق – ياق .

دېدىم دېڭىز نەدۇر؟ دېدى قەلبىمدۇر،
دېدىم رەنا نەدۇر؟ دېدى لېۋىمدۇر .
دېدىم شېكەر نەدۇر؟ دېدى تىلىمدۇر .
دېدىم بىر ئاغزىمە؟ ئۇ دېدى ياق – ياق .

دېدىم زەنجىر تۇرار، دېدى بوينۇمدا،
دېدىم ئۆلۈم باردۇر، دېدى يولۇمدا،
دېدىم بىلەزۈكچۇ؟ دېدى قولۇمدا،
دېدىم قورقارمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق – ياق .

دېدىم نېچۈن قورقماسسەن؟ دېدى تەڭرىم بار،
دېدىم يەنىچۇ؟ دېدى خەلقىم بار .
دېدىم يەنە يوقمۇ؟ دېدى روھىم بار .
دېدىم شۈكرانىمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق – ياق .

دېدىم ئىستەك نەدۇر؟ دېدى گۆلۈمدۇر،
دېدىم چېلىشماققا؟ دېدى يولۇمدۇر،
دېدىم ئۆتكۈر نېمەڭدۇر؟ دېدى قولۇمدۇر،
دېدىم ساتارمۇ سەن؟ ئۇ دېدى ياق – ياق ...

1947-يىلى 8-مارت ئۈرۈمچى

## ھىدايەتنامە

ئۆمۈر مەنزىلىدىن تىنماي قىدىردىم مەن ھەقىقەتنى،
تەپەككۇر بولدى بىر ھادى تېپىشتا چىن ھىدايەتنى.
تىلەپ ھەر سۆزگە باي مەنا يەنە جانلىق پاساھەتنى،
دىلىم ئىستەيتتى ئىزھارغە ھەمىشە مەقبۇل پۈرسەتنى،
كىلىك ئەي دوستلىرىم ئەمدى خۇشال باشلايلى سۆھبەتنى.

سۆزۈمنىڭ باشى بىسمىللاھ بۇ مۆئمىنلىك ۋەزىپەمدۇر،

www.uyghurkitap.com

سانايۇ ھەمدىلەر ئېيتسام تۈمەن مىڭنى يەنە كەمدۇر.
قۇرۇق، تۈزسىز ئىبادەتتىن ئەمەل ئەۋزەل، ئەقىدەمدۇر،
بۇ دەئۋايىمغا بۇرھانىم، مۇشۇ يازمىش قەسدەمدۇر،
تىلەيمەن رەببىم ئاللاھتىن قۇلۇمغا كۈچ ۋە قۇۋۋەتنى.

تەئەججۇپ ئەيلىشەر بەلكىم بىراۋلەر بۇ قەسدەمدىن،
ئەجەپلەنمەس ئىدى ئىچسە ئەگەر بىر قەترە چەشمەمدىن.
ئېزىلگەنمەن مەنمۇ بىر چاغلەر ناگاھ تەۋرەپ ئەقىدەمدىن،
شۈكرىكىم رەھنامە تاپتى كۆڭۈل سۇلتانى تەۋبەمدىن،
ئىلاھا ئەيلىگىل مەڭگۇ ماڭا بۇ بەختۇ-ئامەتنى.

تۇغۇلغاچ ئىككى مۇئمىندىن ئۆتۈپ ئەللىكتە سەككىز يىل،
يەكۇنلەش سائىتى يەتتى، ئۆمۈرنى ئەمدى ئەستايىدىل.
نەزەر سالسام بېسىپ ئۆتكەن يولۇمغا بولمايىن غاپىل،
ئاقۇر كۆز ياشلىرىم گويا بولۇپ ئېرىتىش ۋە ياكى نىل،
جاھانداچەكمىگەي ھېچكىم مېنىڭدەك كۆپ نادامەتنى .

سەھەردە ھەمدىلەر ئېيتار ئۇچار قۇشلارمۇ ھەر دەمدە،
نىمىشقا بولمىسۇن بىر ھىس تىرىك پەرزەنتى ئادەمدە.
ۋاھالەنكى ئادا بولماي ھىساپسىز قەرىز بۇ زىممەمدە،
ھامان قايىنايدۇ ھەسرەتلىك پۇشايمانلار بۇقەلبىمدە،
ئۆمۈرنى زايە قىلماڭلار ئېلىپ مەندىن بۇ ئىبرەتنى.

باھار يامغۇرلىرى ھەرتاڭ يۇيار ھەم ياشنىتار تاغنى،
ئېرىقلار بىرلە كەلگەن سۇمۇ ھەتتا گۈللىتەر باغنى .
مۇيەسسەر قىلسا مەقسىدىم مۇراتقا يولنى ئاچماقنى،
ئېرىتسە ھېچ ئەجەپمەسكىم كۆزۈمنىڭ ياشلىرى داغنى،
ئاتا قىلسا ئىلاھىم خەزىنەسىدىن قەترە رەھمەتنى .

سىراتەلمۇستەقىم تاپماق ئەگ-ئەربولسا نەسىبەمدە،
نادامەت داغلىرى قالماس ئىدى مەھزۇن بۇ سېنەمدە،
ئۈمىدىم بىر بېقىپ ئىقبال كۈلۈپ تەلەي پىشانەمدە،
جاراڭلاپ كەتسە قەلبىمنىڭ ساداسى بۇ قەسىدەمدە،
نىسىپ ئەيلەپ ياراتقان زات ماڭا بەختۇ- سائادەتنى .

خىيالىم دېڭىزى تىنماي چايقىلىپ ھەممىشە قايناق،
كىچىلەر ئاز يۇمۇپ كۆزنى ۋە گاھى تاڭغىچە ئويغاق،
قۇلۇم يەتمەيدىغان شاختا ئېسىلدىم شۇنچىلىك مۇشتاق،
ئىلاھىم ئۆزى يار بولغاي ئۈمىدىمگە يەنە كۆپراق،
ئاسان ئەيلەپ بۇ مەنزىلدە ماڭا ئۇچرار مۇشەققەتنى.

پىكىر دەرياسىغا قانچە تىرەن چۆمگەنسىرى ھەر تۈن،
كۆڭۈلنىڭ كىرلىرى شۇنچە، يۇيۇلدى-تارقىدى ئەپسۇن،
ھاياتىم گەرچە پۇشايمانلىق دىلىمدۇر ناتىۋان مەھزۇن،
ۋە لېكىن جان كىتابىغا قوشۇلدى تومەن مىڭ مەزمۇن،
يېقىن كەلتۈرمە ئى رەببىم كۆڭۈلگە ئەمدى غەپلەتنى .

تەپەككۇر كۆز بىلەن باقسا كىشى ئالەمگە بىر مەررە،
ئەمەستۇر خالى ھىكمەتتىن ۋە ھەتتاكى ھەسەل ھەرە،
ئادىمىزات يۈكسىلىپ گەرچە ئاتومدىن تاپتى مول زەررە،
ۋە لېكىن بىپايان سىر دېڭىزىدىن بۇتېخى ئازغىنە قەترە،
ئىلاھا قىل كەرەم كۆپرەك بىلەيلى سىرۇ-ھىكمەتنى.

بىلىپ يەتكەنسىرى ئىنسان خەزىنەڭ سىرىنى كۆپرەك،
كۆڭۈل رۇشەنلىشىپ ئاندىن تونۇر ئۆز زاتىنى خوپراق،
مىسال قارىغۇ نىچۈك بىلسۇن ,قۇياش قانداغۇ ئاي قانداق،

بىلۈر ئەمما گۆدەك ھەتتا نىچۈكدۈر گۈل نىچۈك ياپراق،
دېمەككى مەئرىپەتتىن جان تاپۇر ئەقلۇ -پاراسەتنى.

تۆمەن مىڭ يىل داۋامىدا ئۆتۈپ سانسىز ئاقىل -دانىش،
ھايات سىرىنى بىلمەكنى قىلىشتى ئارزۇ ھەم خاھىش،
بىراۋلەر قىلىسمۇ كۆچەپ خۇداسىزلىقنى پەرمايىش،
ۋە لېكىن ئەكسىرى مۇتلەق ئېلىپ مەيداندا ئەزمايىش،
ئاخىرى ئېتىراپ قىلدى ئۆلۈغ بىر روھى قۇدرەتنى،

مىسال بىر قەترەدىن ئادەم بىنا بولغاننى ئويلاپباق،
ئانا قارنىدا بۇجانغا ھاۋا بولغاننى ئويلاپ باق،
تۇغۇلماق سائىتى يەتسە ئانا بولغاننى ئويلاپ باق،
بۇ مۇشكۈلگە نە قانۇن پانا بولغاننى ئويلاپ باق،
شۇ چاغدا تاپقۇسى قەلبىڭ بىرەر مەنتىقى-پىكرەتنى.

بۇگۈن پەن يۈكسىلىپ شۇنچە قىلۇر پەرۋازىنى ئەركىن،
ۋە ھەتتا ئاي ۋە يۇلتۇزدا يەر ئوغلى ياتقۇسى يالقىن،
بۇنىڭدا ئەۋلادى ئادىمزات ئۇققۇر مىڭ مەدھىيە - تەھسىن،
لېكىن ئادەم بىنا قىلماق بۇ ئادەمگە نىچۈك مۇمكىن،
ياراتقان تەڭرىدىن باشقا كىشى تاپماس بۇ قۇدرەتنى.

نىمىشقا ئاياغ ئىككى، كۆز ئىككى، ئېغىز بىردۇر؟
يەنە كۆزلەرگە قاش كىرپىك بىنا قىلغان قايسى تەھرىردۇر؟
نىمىشقا مىڭ كىشى چىھرى يەنە مىڭ خىلدا تەسۋىردۇر؟
قېنى ئېيتىڭچۇ، بۇسىرغا نىچۈك سۆز توغرا تەبىردۇر؟
تەپەككۇر ئاچقۇسى كەڭ يول چۈشەنمەككە بۇسۈرەتنى.

ئۆلۈمنى ئويلىسا ھەر كىم بىلۇر ئۆز زاتىنى ئاندىن،

تۇغۇلماق سۆگرە ئۆلمەگلىك ئايانىدۇر ھەممىگە ئايدىن،
لېكىن نەدە، قاچان، قانىداق ئۆلۈشنى كىم بىلۇر ئالدىن؟
ئېچىلماس سىر بولۇپ كەلدى بۇ ماۋزۇ دەۋرى -دەۋراندىن،
ھەمىشە يىغىسمۇ دۇنيا بۇ سىرغا ھەممە دىققەتنى.

ئۆلۈمگە بىر دەۋا ئىزلەپ جاھاندىن كەتتى كۆپ دەنا،
ۋە لېكىن تاپمىدى ھېچكىم بۇ ئىشتىن زەررىچە مەنا،
ئارىستو ياكى لوقماندەك ھەكىملەرمۇ بىمۇستەسنا،
دېيىشتى ئاخىرى مۇتلەق ئۆلۈغ قۇدرەتكە ئامەننا،
دېمەك مۇمكىن ئەمەس بۇزماق بۇ قانۇنىي زۆرۈرەتنى.

قۇياشۇ ئاي ۋە يۇلتۇزلار سامادا سەيىر ئېتىپ ھەركۈن،
مۇئەييەن يول ۋە تەرتىپتە خاتاسىز دەۋر ئېتەر ھەركۈن،
بۇڭا ھاكىم ئىكەن مۇتلەق ئەجەپ بىر مۇنتەزىم قانۇن،
بۇ چەكسىز كائىنات تاپمىش ئەشۇ خىلدا تولا مەزمۇن،
يۇرۇپ نۇرلانغۇسى قەلبىڭ چۈشەنگەنچە بۇھالەتنى .

ۋە بەلكى بەزىلەر ئېيتار تۈزەلمەكلىك تەبىئەتتۇر،
ۋەھالەنكى تەبىئەت ھەم ئەجەپ بىر خىلدا ھەيئەتتۇر،
بۇ ئالەم سىرلىرى بىزگە ھونۇز بىر ياخشى ئىبرەتتۇر،
شېغىل تاش ھەر زامان تاشتۇر ,زۇمرەتلەر -زۇمرەتتۇر،
تەپەككۇر تاشقىنى يۈتسۇن كۆرەڭ باتىل -جاھالەتنى.

مىسال پەن -ھۈنەر ئەسرى قۇرۇپ ھىكمەت دۇكاننى،
ياراتتى ئىپتىخارلىق بۇ مۆجىزاتلار زاماننى،
يەنە ھەم ئاشقۇسى كۆپلەپ بۈيۈك ھىممەت داۋاننى،
لېكىن ئادەم تۈگۈل ھەتتا ئۇنىڭ بىر قەترە قاننى ،
ياسالماس ھەر نىچۈك ئالىم قىلىپ تەقلىد بۇ قۇدرەتنى .

www.uyghurkitap.com

ھاياتلىق سىرىغا تەكرار تۇخۇمنى كەلتۈرەي بۇرھان،
تۇخۇمسىز ئالۇر ھەر كىم تۇخۇمدىن چۈجىنى ئاسان،
ئەگەرچە يەنە مىڭ ھەسسە تەرەققى قىلسىمۇ دەۋران،
تۇخۇمنىڭ ئۆزىنى لېكىن ياسالماس بەلكى بۇ ئىنسان،
دېمەك مەخلۇق ھامان مەخلۇق بىلۇر خالىقلا خەلقەتنى .

نەزەر سالساق ئەگەر بۇغداي ۋە ياكى باشقا بىر دانىغا،
تېرىپ ئۆستۈرمىسە دېھقان ھوسۇل تولمايدۇ خامانغا،
ئەگەرچە دان ياساش مۇمكىن بولۇپ قالسىدى ئىنسانغا،
زاۋۇتلاردا ياساپ ھەر كۈن پۈلى توختايتتى ئەرزانغا،
دېمەك مەخلۇق ئەمەس قادىر ياراتماققا تەبىئەتنى .

ھاياتلىق سىر لىرى شۇنداق ئاجايىپ كەڭرى دۇنيادۇر،
بىلىپ يەتكەنىمىز تامچە، ئەگەر ئۇ بەھرى دەريادۇر،
كىمىكى مەۋجۇدات زاتەن ئۇلۇغ ھىكمەتلەر ئەھيادۇر،
كى تۇپراق بولمىدى كىمىيا مەگەر بولسا ئۇ خۇليادۇر،
ھايات قانۇنى ھەردەمدە قىلۇر تەكرار بۇ ئىبرەتنى.

مىسالنى يەنە يۈز-يۈزلەپ تېپىش مۇشكۈل ئەمەس ھەر ئان،
ۋە لېكىن ھەممىدىن ئەئلا ئۇلۇغ مۆجىزە دۇر قۇرئان،
خۇسۇسەن بولسا تەپسىرى «سۈرە ئەررەھمان»،
كۇپايە قىلمىسا كاشكى ئاشۇنچە «ما تۈكەززىبان»،
قۇلۇپلۇق بولمىسا قەلبىڭ قۇبۇل ئەيلەر بۇ دەۋەتنى.

تۇلۇق ئون تۆت ئەسىر ئۆتتى نە ئىشلەر بولمىدى سادىر،
نىمىكى دېسە قۇرئاندا بۈگۈن دۇنيادا شۇ زاھىر،
بۇنىڭدەك مۆجىزە ئىشقە نىچۈك مەخلۇق بولۇر قادىر،

ئۇنىڭ تەئرىپىگە سۆزنى تاپۇر قايدىن ئەدىپ، شائىر،
نىسىپ قىلمايدىكەن تەڭرى ئەگەر تىلغا بالاغەتنى .

ئۆتتۈپ بىر مىڭدا تۆت يۈز يىل ھاۋادىسلەر بىلەن بىر-بىر،
بىرەر ئىش قالمىدى شەكلەن ۋە مەئنەن بولمىغاي تەغىير،
بىراۋلارقەست بىلەن قۇرئان بېتىنى قىلسىمۇ تەھرىر،
لېكىن ئۆزگەرمىدى بىر ھەرىپ,ۋە ھەتتا بىر زەبەر ۋە يا زىر،
چۈشەنمەك نەمۇشكۈلدۇر بۇ مۆجىزە - كارامەتنى.

پۈتۈن ئۆمرىدە يا مەكتەپ يا ئۇستاز كۆرمىگەن بىر زات،
ئۇقۇپ بىركۈن «ئىقرە بىسمى رەببىكەللەزى»نى ھەيھات،
تېپىپ قۇددۇسى قۇدرەتنىڭ ئۇلۇغ ئەنۋارىدىن ئىرشات،
نەبۇۋەت ئەسرىنىڭ شانلىق تۇغىنى ئەيلىسە بۇنياد،
نىچۈكمۇ ئىنىراپ قىلماس ئەقىل مۇنداق ھەقىقەتنى .

ئۇقۇپ كۆرسەڭ بۇ تارىخنى ئەجەپ بىر ئەسرى ھىكمەتتۇر،
مۇبارەك تەرجىمەھالى تامامى پەزلى -خىسلەتتۇر،
رەقىپلەر ئىتىراپىمۇ بۇڭا ئەلۋەتتە ھۆججەتتۇر،
بۇ زاتنىڭ ئىسمى شەرىپى رەسۇل ئەكرەم مۇھەممەددۇر،
ياراتتى مەڭگۈ ئۆلمەس بىر ئۇلۇغ ئەسرى سائادەتنى.

نەبۇۋەت تاڭى ئاتماستا ئەرەپنىڭ ھالىنى ئەسلەڭ،
جاھالەت دەستىدىن ئەلنىڭ ئايانچ ئەھۋالىنى ئەسلەڭ،
زالالەت ھەم رەزىللىكنىڭ ياۋۇز ئېماسىنى ئەسلەڭ،
مىسال بىر قىز تۇغۇلسا گەر زەبۇن ئىقبالىنى ئەسلەڭ،
يىمىردى نەبۇۋۋەتلا ئەرەپتىن بارچە زۇلمەتنى.

ۋەھىنى بەزىلەر ئىلھام دىيىشتى بىر زامان ھۆكمەن،

ۋەھالەنكى ئۇلۇغ قۇرئان ئەمەستۇر قسسە يا رومان،
ئۇنى ئلھام بلەن ئجاد قلشقا بولسا گەر ئمكان،
نمشقا يازمدى برکم يەنە ئككنجى بر قۇرئان،
نچۇكمۇ ئتراپ قلماس كشى مۇنداق ھەقىقەتنى .

براۋلار قلدىلەر دەئۋا, نەبلك ئۇستدە ھەتتا،
تېپىپ ملك ھىلە -نەيرەڭلەر, ئۆزنى كۆرستىپ تەقۋا،
يېزىپ ئايەتكە تەقلدلەر,ۋە ھەتتا قلسمۇ غەۋغا،
جاھاندىن كەتتلەر لكىن, بولۇپ ئالەمگە ملك رەسۋا،
تاپالماس چۈنكى باتللق,ھەقىقى شانۇ-شۆھرەتنى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى جانلق ئۇلۇغ مۆجىزە ئەلۋەتتە،
يەنە قانداق دەلىل لازىم بايان قلماققا بۇ ھەقتە،
ئەقل ساھىپلرى جاندىن ئۆتەر تەستىق, قانائەتتە،،
ئەگەرچە ياق دىسە بەزى مۆخالىپلار جاھالەتتە،
ئۆزگە رەھنامە قلسۇن ئەدىل , مەردانە پىكرەتنى.

**خاتىمە**

بايان قلغانلرىم گەرچە دېڭىزدىن تامچىدۇر ئەمما،
نامايەندۇر قوياش ئەكسى بر تامچە سۇدىمۇ ھەتتا،
قەسدەم ئەلگە يەتكۈزسە ھىدايەتنى برەر مەئنا،
مۇكاپات شۇ ئىدى مەنچۈن, ئەمەسمەن ئۆزگىگە تەشنا،
كۆچەتنى تىككۈچى مەيلى كۆرەلمەي ئۆتسە راھەتنى.

ئەقىدەم ھەققە باغلانغان, بۇ يولدا ئەتىمادىم بار،
شۈكرىكىم,ھەق ئاتا قلغان ئىرادە، ئېتىقادىم بار،
ئەقىدە ساھىبى بولغاچ دىلىمدا پەخرۇ -يادىم بار،
دىمەيمەن مۇنچە گۇستاھلىق,قلىشقا نىمە ھەددىم بار،

پىسەنت قىلماس كۆڭۈل چۈنكى قۇرۇق تەئنە -مالامەتنى.

جاهان باقى ئەمەس، لوقمان چېغىدا تاپمىدى دەرمان،
مىسالدۇر رومى ئىسكەندەر، ۋە ھەتتا ۋەھشى چىڭگىزخان،
كېلىپ -كەتمەك بىلەن مەشغۇل، جاھانغا بېھساپ كارۋان،
ئۆتەر دۇنيا, كېچەر دۇنيا، پەقەت ھەقلا سۇرەر دەۋران.
ئۆمۈر مەنزىلدە تاپتىم نىھايەت شۇ ھەقىقەتنى.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۆمۈر مەنزىللىرى» ناملىق توپلامدىن ئېلىندى.

## ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك

تۈلكە ئۆز ئىنىغا ئۇرسە ، قوتۇر بولۇر
(تۈركى تىللار دىۋانىدىن)

بىر زامانلاردا مەنمۇ سىزدەك ياش ئىدىم ،
ياشلىقىم غۇرۇرىدىن بەگباش ئىدىم .
گاھ يۈگەنسىز شوخ- ئاساۋ بىر تاي كەبى ،
گاھ بۇلۇتلار ئىچرە ئۈزگەن ئاي كەبى .
تەلپۈنەتتىم ھەرنەپەس مۇشتاق بولۇپ ،
ئارزۇ دەرياسىغا قانماق بولۇپ .
بىر زامان تەكلىماكانغا ئىشتىياق -
قوزغىلىپ ، قويدۇم ئاتقا دادىل ئاياق .
تەلىيىمگە ھەمراھىممۇ بار ئىدى _
كى ، خوتەن كارۋانلىرى تەييار ئىدى .
قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز ماڭدۇق ئۇزاق ،
گاھى ئاتلىق ، گاھ ئىشەكلىك، گاھ ياياق .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تارېيسى

بىزگە يول باشلار ئىدى ھېچ تىنمەي ،
كۆپنى كۆرگەن ،كۆپنى بىلگەن بىر بوۋاي .
ئاخشىمى سۆكسۆك قالاپ ، گۇلخان يېقىپ ،
سوزۇلۇپ ئارام ئېلىپ چۆلدە يېتىپ ،
گاھ ھىكايەت ئاڭلىشاتتۇق ، گاھ راۋاپ ،
ئۇچرىسا چۆلدە كىيىك يەيتتۇق كاۋاپ ...

بىر كۈنى تۆشكۈن قىلىپ قونغاندا بىز ،
بەك قىززىق بىر چۆچەكنى ئېيتتى بوۋىمىز .
بەلكى بۇ چۆچەكنى سىزمۇ ئاڭلىغان ،
ياكى بىر مەلۇم كىتاپتىن ئوقۇغان .
كونىراپ قالماس لېكىن ھەق گەپ پەقەت ،
گەرچە تەكرار بولسىمۇ بىر نەچچە رەت ،
چۈنكى كۆپ سۈرتكەنسېرى ئەينەكنى بىز
شۇنچە روشەن بولغۇسى ئۆز ئەكسىمىز .
يەنە ھەر گۈلنىڭ پۇراقى ئۆزگىدۇر ،
گۈل خۇمارلار دىماغى ھەم ئۆزگىدۇر .
شۇڭا ، ئۇ چۆچەك مېنىڭدە كەتمىگەي ،
ئاڭلىغاننى باشقىلارمۇ ئاڭلىغاي ـ
دەپ بۇگۈن تۈزدۈم بايانىغا قوشاق ،
بولسىمۇ نۇقسانى گەرچە بىر قۇچاق .

(1)

بار ئىكەن تەكلىماكاندا بىر شەھەر ،
بۇ شەھەرنى دەر ئىكەن شەھرى قەمەر.
تا قەدىم <<يىپەك يولى >> دا كۈن ۋە تۈن
شەرق بىلەن مەغرىپ ئارا بولغاچ تۈگۈن .
پۈر كېتىپ داڭقى جاھانغا دەممۇ دەم ،

بولۇپتۇ ئەلنىڭ نەزىرىدە مۆھتىرەم .
ھەيۋىتى ھەم قەسرىدەك كاشانىسى
شۇ زامان بازارىنىڭ يىگانىسى .
كوچىلارغا سايىۋەن چىنارلىرى ،
بويلىشىپ بۇلۇت بىلەن مۇنارلىرى ،
چېلىنار كۈن ئالدىدا بوم قوڭغىراق ،
تارقىلار ئارچا ئىسىدىن خۇشپۇراق .

چۆرىسى خۇددى ئۇنىڭ باغى ئەرەم ،
باغ ئارا رەيھان پۇرايدۇ سۈبھى دەم .
تاغلىرىدا قاشتېشى ھەم كەھرىۋا ،
سۈپسۈزۈك مەرمەر بىلەن ياقۇت تولا .
سۈلىرى ئاندىن شىپالىق ، جىلۋىگەر ،
زەر چاچار ھەر مەۋجۇدە شامۇ سەھەر .
ئوتلىشار بۇغا - مارال پادا - پادا ،
قۇشلىرى پەرۋاز قىلار كەڭ دالادا .
خەلقى كۆپ مەشھۇر ئىكەن ھۈنەر بىلەن ،
قىز جۇۋانلار بەسلىشەر ئەرلەر بىلەن .
شايى - ئەتلەس ، زىلچىسىدىن دەمۇ دەم
رەشك بىلەن ھەيران ئىكەن ھىندۇ ،ئەجەم
شاھىمۇ ئۆز تەختىدە مەسرۇر ئىكەن ،
ئامتى ، ئىقبالىدىن مەغرۇر ئىكەن .
ئۆزىمۇ تاۋغاچقا تەۋە شاھ ئىكەن ،
بولسا تاۋغاچ بىر دەرەخ ، ئۇ شاخ ئىكەن.
ھەممىدىن تاۋغاچ خانىغا كۆيئوغۇل -
بولغىنى ئۈچۈن ، سۇ ئىچىپ ئاندىن كۆڭۈل ،
ئۆتكۈزەركەن ئۆمرىنى بىدەرت بىغەم
لىك تولا قىنايدىكەن بىرلا ئەلەم .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۈنكى بىر ئوغۇل يۈزىنى كۆرمەي ھۆنۈر ،
باشلىنىپ قاپتۇ ئۆمۈر باغدا كۈز .
ئاھ چېكىپ ، ھەسرەت چېكىپ ، ئەپغان بىلەن ،
ئۈزۈلتۈپ يىللارنى شۇ ئارمان بىلەن ،
ئاخىرى يالغۇز قىزنى پادىشاھ -
تەختىنىڭ ۋارىسى دەپ قىپتۇ جاكار .
شاھ قىزى ھۆسنى جامالدا ھۆر ئىكەن ،
بەلكى كۆپ ئەللەر ئارا مەشھۇر ئىكەن .
بىر كۆرۈپ قالغان كىشى بوپتۇ ئادا ،
ئىككى كۆرسە قىلغۇسى جاننى پىدا .
كۆن بىلەن ئاي تەڭلا چىققاندەك شۇدەم،
ھۆسنىگە ئەمدى قوشۇلغاچ تاجى ھەم .
بىر بىرىدىن قىزغىنىپ بەگزادىلەر ،
ئەڭ يىراق ئەللەردىكى شەھزادىلەر -
ئەلچىسى بىرلە تولۇپ كەتكەچ شەھەر ،
پادىشاھقا ھەم يېتىپتۇ بۇ خەۋەر .
قارىسا بىر - بىرىدىن ئالىي مۇقام،
ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق گەپنى تامام ؟
ئاخىرى قىزىغا بېرىپ ئەركىنى شاھ ،
قىپتۇ خىلۋەتخانىنى باشقا پاناھ .
رازىلىق بىلدۈرمىگەچكە قىز بىراق ،
تارقىلىپتۇ بەزى بەگلەر ھەر قاياق .
بەزىلەر ئاڭلاپ بۇ قىز جاۋابىنى
باشلىشىپتۇ ئۆچ - ئاداۋەت بابىنى .
بەزىلەر ئۆزمەي ئۈمىد قىپتۇ داۋام ،
شاھ قىزىغا ھەر كۈنى يوللاپ سالام .
شۇ يوسۇن بىر نەچچە ۋاق ئۆتكەن ئىمىش ،
ئاقىۋەتتە يۈز بېرىپتۇ غەيرىي ئىش .

(2)

شۇ شەھەرنىڭ چېتىدە بىر تۇل ئايال -
كۈن كۆرەركەن ئوغلى بىرلە قەدرى - ھال .
ئوغلى بىر پالۋان يىگىت بوپتۇ ئۆسۈپ،
ئەل ئىچىدە ئاتىسغا ئىز بېسىپ .
گاھىدا يەر باغرىنى تىلغايدىكەن ،
گاھىدا چۆلدە كىيىك ئوۋلايدىكەن .
بىر كۈنى قاچقان كىيىككە دۇچ كېلىپ ،
يىقىتىپ تۇرغان ئىكەن ئوقيا ئېتىپ ،
دەل شۇ چاغدا چۆل تەرەپتىن بىر پەرى ،
بىر پەرىكىم ، بارچە گۈللەر دىلبىرى ،
قولدا ئوقيا ، بەلدە خەنجەر پارقىراق ،
ئاستىدا چىلان تورۇق شوخ ئارغىماق ،
قوغلىشىپ كەپتۇ كىيىكنى بىتۈيۇق ،
بۇ يىگىتنىڭ ئاتقىنىدىن خەۋىرى يوق ،
ئۇ پەرى بىلگەچ كېلىپ ئىشنىڭ سىرىن ،
ئاتقۇچىغا دەپتۇ دەرھال ئاپىرىن .
ئۇ يىگىت ، ئاتلىق پەرىگە بىر قاراپ ،
تېڭىرقاپ قاپتۇ گوياكى كۆز قاماپ ،
"نىمە بۇ ، ئادەممۇ ياكى ئۆزگە سىر ؟
ياكى كۈندۈز ئۇچرىغان شۇئىقەدىر ؟
ئادىمى بولسا ئەگەرچە ، ئېھتىمال ،
شاھ قىزىدۇر "دەپ يىگىت قىپتۇ خىيال .
شۇ مەھەلدە ئارقىسىدىن ئات قويۇپ ،
بىپايان چۆللەر ئارا چاڭ توزدۇرۇپ ،
يېتىشىپ كەپتۇ يەنە بىر توپ پەرى ،
خۇددى باغنىڭ گۈللىرى ئىكەن ھەر بىرى .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

ھەممىسى ئاتتىن چۈشۈپ نىزان بىلەن ،
شاھ قىزىغا باش ئېگىپ ئېكرام بىلەن ،
قوشتۇرۇپ قول تۇرغۇدەك قاتار - قاتار ،
بويلىرى گويا يېڭى ئۆسكەن چىنار .
دەل شۇ چاغ ئۆلگەن كىيىكنىڭ جۆرىسى -
كۆرۈنۈپ قاپتۇ يىراقتىن قارىسى .
شاھ قىزى ھەم كېنىزەكلەر شادىمان ،
ئات قويۇپتۇ تۇشمۇتۇشتىن شۇ تامان .

ئەلقىسسە ، شۇ بايىقى مەرگەن يىگىت ،
ئەمدىلەتتىن ھۇشىغا كەلگەن يىگىت
باشقىچە ھالغا چۈشۈپ ناگىھان ،
خۇددى ئەمدى قالمىغاندەك تەندە جان .
بىر تۇرۇپ ئاھ دەيدىكەن مىڭ تولغۇنۇپ ،
بىر تۇرۇپ پاھ دەيدىكەن باغرى كۆيۈپ ،
ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن نىمە بولغىنىن ،
نىمە دەرت ، نىمە بالاغا قالغىنىن .
بىرلا دەرت قىينايدىكەن بارغانسېرى ،
شاھ قىزىنىڭ سۈرىتى كەتمەي نېرى .
ئۆرۈلۈپمۇ شۇ خىيال ، شۇ ۋەسۋەسە ،
چۆرۈلۈپمۇ شۇ خىيال ، شۇ تەلۋەسە .
شۇ ئىكەن جاننى قىسىپ ئىسكەنجىدەك
ھەم غىدىقلاپ قىينىغان تىلسىز تىلەك .
قىسقىسى مەرگەن يىگىت شۇندىن بۇيان -
مۇپتىلالىق ئوقىغا بوپتۇ نىشان ،
نە شىكار ، ئېتىز ئىشى ، نە كالىسى
يادىغا كەلمەيدىكەن نە ئانىسى .
كۈنبويى ئاھ دەپ يۈرۈپ ، ۋاھ دەپ يۈرۈپ ،

تۆن بويى پەريات بىلەن پاھ دەپ يۈرۈپ ،
سارغىيىپ چىرايىمۇ بوپتۇ سامان .
راست ئەمەسمۇ" ھەممىدىن كۆيۈك يامان "،

(3)

نە تىۋىپ ، نە پىرىخون ، نە بىر دۇئا -
بولمىغاچ بۇ غەلىتە دەردكە داۋا،
ئانىسى مىك يالۋۇرۇپ ، مىڭبىر سوراپ ،
ئاڭلىماقتا بوپتۇ ئوغۇلدىن بىر جاۋاپ ،
ئاخىرى يىغلاپ ئوغۇلمۇ زارۇزار،
قىپتۇ سىرنى ئانىسىغا ئاشكار.

ئانىسى كۆز ياش تۆكۈپ تارام - تارام ،
دەپتۇ :" جان باغرىم ، جىگەر پارەم بالام ،
شۇنچە دەركە قالغىنىڭغا مەن سەۋەپ ،
چۈنكى سەندىن سورىمىدىم ھالىڭ نە دەپ .
نە قىلايكى ، تۆل خوتۇن بىچارىمەن،
كاج پەلەك رەپتارىدىن ئاۋارىمەن .
ھەر يىلى بەك قىسقا كەلدى قولىمىز ،
ھىچ ئېچىلماي ياخشى ئىشقا يولىمىز .
گەر ھايات بولسا داداڭ ئۇ رەھىمىتى
( چوڭ ئىدى ھەر ئىشتا ھىممەت غەيرىتى ).
ھالىمىز بولماس ئىدى مۇنچە يامان .
ھەم سېنى ئۆيلەر ئىدۇق ئاللىقاچان .
ھېلىمۇ بولساق ئامان ، بۇ كۈز چوقۇم ،
سادىغاڭ بولسۇن بالام بارۇ يوقۇم .
شەھىرىمىزدە قىز تولا گۈل غۇنچىدەك ،
تىگى - تەكتى پاكىزە ھەم ئۈنچىدەك .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

ئەتىلا ئۇمىد بىلەن ئۆيدىن چىقاي ،
تەلىيىڭنى بىر سىناپ كۆرۈپ باقاي .
شاھ قىزنى ئويلىما ئوغلۇم لىكىن ،
ئاينى ئالماقتىنمۇ بۇ بىزگە قىيىن .
ھەر كىشىنىڭ ئۆز خىلى ، ئۆز جورى بار ،
كونا تۇگمەن چىغىدا ئۆز نورى بار .
شاھ قىزى بولماس ساڭا ھەرگىز قاياش .
تاڭسىمۇ تۇرماس ياغاچقا چۇنكى تاش ."

شۇ يۇسۇن قىلسا نەسىھەتلەر ئانا ،
ھىچ پىسەنت بولماپتۇمىش لىكىن ئاڭا .
ئەكسىچە ، ئەزۋەلىشىپ بارغانسىرى ،
يەر قۇچاقلاپ ، باش كۆتۈرمەي ، ئاخىرى -
دەپتۇكى :" گەر شاھ قىزى بولماس نىسىپ ،
ئۇشبۇ دەردتە ئۆلسەم ئەمدى نە ئەجەپ ،
ياخشىسى مەندىن رىزا بولغىن ئانا ،
قىسمىتىم شۇ بولسا ئەمدى ، ئەلۋىدا !"
ئاقىۋەت بىچارە مەزلۇم باغرى خۇن ،
شۇ نادان ، تەرسا ئوغۇلنىڭ كۆڭلىچۈن ،
تا ئۆلۈمگە ھەم تەۋەككۇل ئەيلىبان ،
ئوردىغا دادىل قەدەم بوپتۇ راۋان .

(4)

ئەلقىسسە ، ئۈچ كۈن ئۇدا ئوردا ئالدىنى -
سۈپۈرۈپ قىلغاندا ئىزھار دادىنى .
شاھقا يەتكەچ بۇ خەۋەر ، قىپتۇ قوبۇل ،
بولسىمۇ بۇ ئەلچىدىن كۆڭلى مەلۇل .
مەيلى دەپ ئۇ شاھمۇ بۇزماي ۋەدىسىن ،

چىللىتىپتۇ ئالدىغا مەلىكىسىن .

شاھ قىزى ھەيران بولۇپ قىپتۇ سۇئال :
" كىم تەرەپتىن كەلدىڭىز ، بۇ نىمە ھال ؟"
شۇندا ئۇ بىچارە مەزلۇم ناتىۋان ،
شاھ قىزىغا ھەممىنى قىپتۇ بايان .
شاھ قىزى مەرگەن يىگىتنى ئەسلىگەچ ،
قەھقەھە بىرلە كۈلۈپ مەسخىرلىگەچ .
دەپتۇ كىم : شۇ ئوغلىڭىز كەلسۇن كۆرەي ،
ھەم جاۋابىنى ئۆزىگە روشەن بېرەي .

ئوردىدىن قايتقاچ ئانا ملك غەم بىلەن ،
نەملىشىپ كىرپىكلىرى شەبنەم بىلەن .
شاھ قىزىنىڭ گەپلىرىن قىپتۇ بايان،
ھەم ھاقارەت قىلغىنىن تۇتماي نىھان .
شۇندىمۇ گەپكە پىسەنت قىلماي يىگىت ،
ئانىنىڭ كۆز يېشىغا باقماي ، ئىسىت ،
خۇددى مەست پىلدەك چىقىپ ئۆيدىن گاراڭ ،
ئوردىغا ئۈمىد بىلەن بوپتۇ راۋان .

شاھ قىزى كۆرگەچ يىگىتنىڭ ھالىنى ،
ھېچ تاپالماي قايتۇرۇش ئامالىنى ،
ئويلىنىپ بىردەم ، ئاڭا دەپتۇ كېيىن :
" تويلۇقۇمغا كۈچىڭىز يەتمەسمىكىن ؟"
" قېنى ، - دەپتۇ ئۇ يىگىت ، - ئاڭلاپ كۆرەي ،
گەر كېرەك بولسا بۇ جاننى ھەم بېرەي ."
" ياخشىسى ،- دەپتۇ ئۇ قىز ، - سىز سورىماڭ،
مەنمۇ ئېيتماي ، جېنىڭىزنى قىينىماڭ .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

سىز ئەمەس ، مەنمەن دىگەن بەگ چېغىدا ،
ئاڭلىسا ، قالغاي پۇشايمان دېغىدا ."
" مەيلى ، - دەپتۇ ئۇ يەنە ، - ئاڭلاپ كۆرەي ،
نىمە بولسا ھەم ئۆزۈمنىڭ شورى دەي ."
شاھ قىزى دەپتۇ ئاخىر :" ئۆز مەيلىڭىز ،
خۇن تۆلەشكە بولسا شۇنچە رەيىڭىز .
ئانىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ ھازىرغىنا ،
يۈرىكىنى ئەپكىلىڭ ئىسسىققىنا .
تويلۇقۇم شۇلدۇر مىنىڭ ، بۇ سۆز تامام ،
پائىلاتۇن ، پائىلاتۇن ، ۋەسسالام !"

(5)

ئوردىدىن قايتقاچ ئوغۇل ھالى خاراپ ،
"نىمە گەپ ؟" دەپتۇ ئانا ئەھۋال سوراپ .
ئوغلى دەپتۇ : جان ئانا كۆپ قىينىماڭ ،
تويلۇقى ئېغىر ئىكەن، گەپ سورىماڭ .
" قىنى ئېيت، ئاڭلاپ باقاي ،- دەپتۇ ئانا
-مۇشكۇلۇڭنى ھەل قىلار قادىر خۇدا ."

شۇندا ئۇ تەرسا يىگىت كۆپ ئويلىماي ،
ھەممىنى ئېيتقان ئىمىش گەپ ئايىماي ...
" جان بالام غەم يىمىگىن ، - دەپتۇ ئانا ، -
سەن ئۈچۈن ھەممە نىمەم تەييار مانا .
گەر مۇرادىڭ مەن بىلەن ھەل بولسا ، تا -
بۇ مىنىڭ ئىسسىق جىنىم بولسۇن پىدا .
بىر ئەمەس ، مىڭ بىر يۈرەك بولسا بىرەي ،
ئال بالام ، تەسەددۇقۇڭ مەن بولاي!"

شۇندا بارچە يەر - جاھان ، بارچە ھايات ،
تاكى ئۇ چەكسىز سامادا كائىنات .
نېمى قىلاركىن بۇ يىگىت ئەمدى دىيان ،
كۆتكىنىدە ئاقۋەتنى ، ناگىھان .
ئەقلىدىن ئازغان يىگىت قولدا پىچاق -
ئانىنىڭ ئالدىغا تىز كەپتۇ... بىراق ،
شۇ زامان بوران چىقىپ ، يەر سىلكىنىپ ،
كۆكتە گۈلدۈر ھەمدە چاقماق چېقىلىپ ،
ياغىسمۇ دەھشەتتە يامغۇر كەينىدىن ،
شۇندا ھەم يانماي ئۇ قاتىل پەيلىدىن ،
ئاخىرى قانلىق يۈرەكنى سۇغۇرۇپ ،
ئوردىغا ئوقتەك ئۇچۇپتۇ يۈگۈرۈپ ...
دۈم چۈشۈپتۇ پۇتلىشىپ يولدا بىراق
ھەم يۈرەك ئىرغىپ چۈشۈپتۇ نېرىراق .
شۇندا چوغدەك قىزىرىپ ھەم نۇر چېچىپ ،
پارقىراپ تۇرغان يۈرەك ئېغىز ئېچىپ ،
دەپتۇ :" جان باغرىم ، جېنىم ، ئالتۇن قوزام ،
بىر يېرىڭ ئاغرىدىمۇ جېنىم بالام ؟"
بۇ يۈرەكتىن ئۇرغۇغان ئۇشبۇ سادا -
دىن شۇئان تەسىرلىنىپ ھەتتا خۇدا ،
ئانىلىق مېھرى ئۇچۇن رەھمەت قىلىپ ،
شۇم ئەجەلنىڭ نۆۋەتىن ھەم رەت قىلىپ ،
ئورنىغا سالغاچ يۈرەكنى قايتىدىن ،
ئانا ھەم دەرھال تۇرۇپتۇ جايىدىن .
يوق ئىمىش ئوغلى قېشىدا قارىسا ،
ھېچ كىشى بىلمەس ئىمىش ھەم سورىسا .
شۇڭا كۆپ ئىزلەپ ئۇنى سەرسان بولۇپ ،
شۇ جۇدالىق دەردىدە ۋەيران بولۇپ ،

www.uyghurkitap.com

ئاخىرى ھالدىن كىتىپ قالغان كېزى ،
قايتىدىن ئىش باشلاپتۇ ئاسمان گۈمبىزى .

(6)

بايىقى قاتىل چۆچۈپ ھەق قەھرىدىن ،
باشقا بىر ئەلگە كېتىپتۇ شەھرىدىن .
ئۇندىمۇ بىر پادىشاھلىق بار ئىكەن ،
ئەل ئۇنى تاغلار دىيارى دەيدىكەن .
ئۇ شۇ يۇرتتا بىر مۇساپىر ھالدا ،
كۈن كۆرۈپتۇ نەچچە كۈنلەر خالىدا .
بىر كۈنى مىرشەپ تېپىپ ئۇندىن خەۋەر ،
تۇتقىلى نۆكەر بىلەن كەپتۇ سەھەر .
شۇندا ئۇ بىر نەچچىسىنى تاش بىلەن ،
بەزىسىنى مۇشت ۋە پەشۋا ، باش بىلەن
يىقىتىپ ، قىلغاچ تامام زىرۇ زەۋەر ،
پادىشاھقا ھەم يېتىپتۇ بۇ خەۋەر .

بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھسى ھەم نۇقۇل ،
ھېلىقى مەلىكىگە باغلاپ كۆڭۈل ،
ھەر قېتىم يانغاچ جاۋاپسىز ئەلچىلەر ،
ئۇخلىماي ھەتتا ئۇ ئەمدى كېچىلەر ،
گاھى پۇل ، گاھى زۇلۇم قىلماق بىلەن
بەند ئىكەن بىر چوڭ قۇشۇن يىغماق بىلەن .
بايىقى تەرسا يىگىت پالۋانلىقى
خۇددى شۇ كۈنلەرگە دەل كەلگەن چېغى ؛
شۇ سەۋەپتىن پادىشاھمۇ شۇ كۈنى
" بىر كۆرەي " دەپ ، تۇتقۇزۇپ كەپتۇ ئۇنى ،
قارىسا ، بەستى يوغان بولغان بىلەن ،

گەپ - سۆزىدىن تولىمۇ نادان ئىكەن .
شۇندىقى لازىم ئىدى دەپ خۇش بولۇپ ،
كۆڭلىگە پۈككەن ئۈمىدى قوش بولۇپ .
دەپتۇكىم :" قىلساڭ ئەگەر خىزمەت ماڭا ،
كۈلگۈسى دۆلەت گۈلى چەزمەن ساڭا ،
چۈنكى ئۇ شەھرى قەمەر قىلدى نىزا ،
بەرمىكىم لازىم بولۇپ قالدى جازا .
شۇندا مەن دارغا ئېسىپ پاشاسىنى ،
يەتكۈزەي مەلىكىگە چەزمەن سېنى .
شەرت شۇكى ، پالۋانلىقىڭنى ئايىما ،
ئۆز دىيارىم دەپ ئاڭا يۈز قارىما !"

شۇندا ئۇ ئەقلى بۇزۇق ئازغىن نادان ،
نە نادانكىم ، لەنىتى تۈزكور قاۋان ،
باغلىبان دۈشمەنگە خىزمەت كەمىرىدىن ،
نەچچە ۋاغ تەلىم ئېلىپ جەڭ ھۈنىرىن ،
بىر كۈنى باشلاپتۇ ياۋ لەشكىرىنى ،
قانغا غەرق قىلماق ئۈچۈن ئۆز شەھرىنى .

ياۋ تەرەپ پاشاسىمى دەل شۇ كۈنى
قىچقىرىپ خاس مەھرىمىدىن بىرسىنى ،
دەپتۇكى :" بىزگە زەپەر كۈلگەن ھامان ،
قويما بۇ ئەبلەخنى ھەرگىز تىنىچ -ئامان .
ئارقىسىدىن ئوق ئېتىپ جايلا ئۇنى ،
تۈيمىسۇن ھەم چىقمىسۇن ھەرگىز ئۈنى .
چۈنكى ئۇ ئۆز ئىلىگە سالدى جاپا ،
ئەمدى قانداق كۆتكۈلۈك ئۇندىن ۋاپا !"

www.uyghurkitap.com

ئەلقىسسە ، ئۇ ياۋنى باشلاپ كىرگەن شۇ كۈن ،
قوزغىلىپ چۆللەر ئارا دەھشەت قۇيۇن ،
سىلكىنىپ يەرۇ زېمىن ، تىترەپتۇ تاغ ،
دومىلاپ تاشلار چۈشەرمىش ھەر قاياق .
ئۇرۇلۇپ قىرغاقلا دەريا تاشقۇدەك ،
ۋادىدا جەرەن - كېيىكلەر قاچقۇدەك ،
ئۈركۈشۈپ بارچە ئۇچار قۇشلارمۇ تەڭ ،
تىنىچ ياتالماي قاپتۇ ھەتتا شەپرەڭ .
شۇندا بىر بۆرە ئېگىز دۆڭدە تۇرۇپ ،
دەر ئىمىش ھۇۋلاپ ئاڭا لەنەت ئوقۇپ :
"ئەي رەزىل ئەبلەخ ، سېنىڭ ھالىڭغا ۋاي ،
ئادىمىدىن سەندىكى ھېچ چىقمىغاي .
مەن چېغىمدا ئۆڭكۈرۈم - ئىنىم سايان
باشلىمايمەن دۈشمىنىمنى ھېچقاچان .
گەرچە قان ئىچمەي تاپالماسمەن ئارام ،
ئۆز قېرىنداشىم قېنى مۇتلەق ھارام .
شۇمدى سەندە ئادەملىك خىسلىتى ؟
ياغسۇن ئەمدى مەڭگۈلۈك ھەقنىڭ لەنىتى !"

(7)

شۇ يۇسۇندا تا يەتكۈچە ياۋدىن خەتەر ،
ئۇيقۇ ئىچرە غەرق ئىكەن شەھرى قەمەر .
سەلتەنەت تەختىدە شەھ غەپلەت بىلەن ،
مەست ئىكەن ھەر كۈنلۈكى ئىشرەت بىلەن .
بولسىمۇ مەلۇم قوشۇن - لەشكەرلىرى ،
بولمىغانكەن ئېھتىيات تەدبىرلىرى .
چۈنكى نە ھاجەت ئۇرۇش دەپ ئويلىغان ،
باشقىلارنى ھەم ئۆزىدەك چاغلىغان .

دەل شۇ چاغدا ياندۇرۇپ دەھشەت ئالاۋ
باستۇرۇپ كىرگەچكە ئەلگە ۋەھشىي ياۋ ،
ئاندا يانغىن ، مۇندا قىرغىن - قەتلىئام
ھەم تالان - تاراج بىلەن خامان تامام .
ياۋ كېزەر پىتراپ گويا چېكەتكىدەك ،
يەر - جاھاننى توزىتىپ يەپ كەتكۈدەك ،
قارشىلىق كۆرسەتىسمۇ يۇرت ئەرلىرى ،
كۆپ ئىكەن ھەم زور ئىكەن ياۋ لەشكىرى .
ئاخىرى شەھرى قەمەر بوپتۇ قامال ،
ھەم قامالدىن يوق ئىكەن ئۆزگە ئامال .
گەرچە خانغا كەتىسمۇ دەرھال چاپار ،
يول يىراق ، تاغلار ئېگىز ، قاچان بارار ؟
بەختىگە قورغان تېمى بەكمۇ ئېگىز ،
تاش بىلەن پۇختا سېلىنغان دەخلىسىز ،
ياۋ كىرەلمەي قاپتۇ سىرتتا خېلى كۈن ،
تۈمشۇقى تاغقا تېگىپ ، ھالى زابۇن ،
قىلسىمۇ ياۋ كۆپ ھۇجۇم دەھشەت بىلەن ،
قايتۇرار قورغان ئۇنى شىددەت بىلەن .
چۈنكى ئەمدى ئويغىنىپ شەھرى قەمەر ،
ياش - قېرى ، ئەرۇ ئايال باغلاپ كەمەر ،
قوغدىماققا يۇرتنى يادلاپ قەسەم ،
ھەممىسى قويغان ئىدى دادىل قەدەم .

قىلسىمۇ شۇنچە جاسارەتلەر ، بىراق ،
تەس ئىدى ياۋنى بوسۇغتىن قوغلىماق .
چۈنكى ياۋنىڭ سىپىدە بىر پەھلىۋان -
بار ئىدى ، خۇددى بىر غالجىر قاۋان .
ھېچ كىشى بەرداش بېرەلمەي زەربىگە ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى www.uyghurkitap.com

" خەپ سنى " دەپ ئاستا قايتار كەينىگە .
قانچىلارنى شۇ قاۋان قىلغاچ ھالاك ،
ئەھلى قورغان ياقىسى كۆپ بولدى چاك .
ئۇ ئىدى شۇ بايىقى ئازغىن نادان ،
ئۇ نادان كىم ، بايىقى خائىن يۈھان
خەلق ئۇنى دەرھال تونالماي نەچچە كۈن ،
شۇ يۈسۈن ئۇ ئەلگە ساپتۇ قارا كۈن .
ئاخىردا بەزىلەر يەتكەچ تونۇپ ،
قارغىشپتۇ تۇشمۇ تۇش لەنەت ئوقۇپ .
بەزىلەر " ئەمەستۇ دەپ " تالاشقۇدەك ،
بەزىلەر ئانىغا يات قاراشقۇدەك .

(8)

بىر كۈنى قورغان بېشىدا بەند ئانا ،
جەڭ ئىشىغا جان بىلەن پەيۋەنت ئانا .
بىر قاراپ مەيدان ئارا ھاڭ - تاڭ بولۇپ ،
ھېچ ئىشەنمەي كۆزىگە ھەيران بولۇپ ،
تۇۋا دەپ تۇتۇپ ياقا غەزەپ بىلەن
ئاھ ئۇرۇپتۇ مىسلى يوق بىر دەرد بىلەن :
" ۋاي ئىست ، نېمىدەپ سىنى تۇغقاندىمەن !؟
نېمىدەپ ئاق سۈت بېرىپ باققاندىمەن !؟
شۇمىدى سەندىن يېتەر ئەلگە ۋاپا ؟
بالىمەس ، بولدۇڭغۇ يۇرتقا بىر بالا !"
دەپتۇ - دە ، ئوتتەك يېنىپ غەمكىن كۆزى ،
تاشقىرى چىققان ئىمىش تەنھا ئۆزى .

قولدا تىغ ، ئات ئوينىتىپ تۇرغان قاۋان
تونۇغاچ ھەم ئانىنى كۆرگەن ھامان ،

ئېتىدىن دەرھال چۈشۈپ، رەڭگى ئۆچۈپ ،
يۈگۈرۈپتۇ ئالدىغا ئوقتەك ئۇچۇپ .
كەپتۇ - دە ، قۇچاق ئېچىپتۇ ئانىغا ،
تاش كەبى قاتقان ئىكەن لېكىن ئانا .
ئانىنىڭ ئۆتكۈر نىگاھى نەيزىدەك -
سانجىلىپ تۇرغاچقا كۆزگە يەكمۇ يەك ،
تىزلىنىپتۇ ئاخىرى ئۇ شۇم قاۋان
تىترە - تىترە بار ۋۇجۇدى ، باش تۆۋەن .
شۇ مىنۇت جىم بوپتۇ بارچە يەر - جاھان ،
نە جاھان ، جىم بوپتۇ ھەتتا ئاسمان .
مۇندا قورغان ئەھلى جىم ھەيرەت بىلەن ،
ئاندا دۈشمەن تىترىشەر دەھشەت بىلەن .
شۇ سۈكۈنات ئىچرە ئۇ قەيسەر ئانا
بۇرچىنى نومۇس بىلەن ئەيلەپ ئادا ،
تىغ ئۇرۇپتۇ ياۋغا قايناپ نەپرىتى ،
دۈم چۈشۈپتۇ شۇ زامان ئۇ لەنىتى .
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە ئىش بوپتۇ تامام ،
ياش تۆكۈپتۇ ئانا ھەم تارام - تارام .
نە ئۈچۈن ياش تۆككىنىن بىلمەس ئىكەن ،
كۆز يېشىنى ئۆزىمۇ سەزمەس ئىكەن .
بىر چىگىش تۈيغۇ بىلەن بىھۇش كەبى
يادىغا ھىچ نەرسىمۇ كەلمەس ئىكەن .
دەل شۇ چاغ ۋولقان كەبى پارتلاپ شەھەر
ئېتىلىپتۇ ياۋغا قارشى سەرمۇ سەر .
ئانىمۇ شەمشەر بىلەن جەڭگە كىرىپ ،
ئەل بىلەن ئالغا مىڭىپتۇ سەپ يىرىپ .
پىترىشىپ ياۋ ھەر قاياققا ئۇرۇنار ،
خۇددى بىر باشسىز يىلاندەك تولغىنار .

www.uyghurkitap.com

باستۇرۇپ قوغلار ئۇنى تاشقىن قىيان ،
ياۋ قاچار پىتراپ پەرىشان ھەر تامان .

**خاتىمە**

سۆز تامام بولدى مانا ، چۆچەك تامام ،
ئەمدى نە ھاجەت ئىزاھات ، ۋەسسالام .
ھەر كىشى قىلسا تەپەككۇرنى ھەۋەس ،
بۇ جاھاندا ھېچنىمە رسە سىر ئەمەس .
جان نېمە ، جانان نېمە ، ۋەتەن نېمە ؟
ھەر كىشىنى ئادىمى ئەتكەن نېمە ؟
يانمىسا كۆڭۈل ئۆيىدە بىر چىراغ ،
گۆش - تېرە ، سۆڭەك بىلەن بۇ تەن نېمە ؟
شول ئىرۇر بۇ چۆچەكىمنىڭ خاتىمى ،
مەنىسىگە يەتسە گەر ھەر ئادىمى .

## ئەينەك

نېمىدىگەن قالتىس نېمە ئەينەك دىگەن ،
كىم ياساپ چىققان بولغاي دەسلەپ ئۇنى .
سۇندۇرۇپ تاشلانسىمۇ ھەر پارچىسى ،
كۆرستەر ھەر نەرسىنىڭ دەل ئەينىنى .

سەتنى ئۇ پەداز بىلەن قىلماس گۈزەل ،
بىر گۈزەلنى سەت قىلىپ قويمايدۇ ھەم.
ھەر كىشى بۇلالىسا ئەينەك كەبى ،
دىگۈلۈك شۇنداق كىشىنى چىن ئادەم .

نېمدىگەن خالىس نىمە ئەينەك دىگەن ،
مەڭگۈلۈك دوستلۇققا سەكسىز ، ئەرزىگەي .
تۇتمىسا ھەر كىم بىلىپ ئەينەكنى دوست ،
بولسىمۇ مىڭ دوستى ، دوستۇم كەم دىگەي .

## بولمىسا

گۈللا بولسا گۈل ئەمەس، گۈلدەك پۇراقى بولمىسا،
گەپلا بولسا گەپ ئەمەس، مەزمۇن تۇراقى بولمىسا.
ئىككى پۇتلاپ ماڭمىش ئېيىقمۇ بەزەن تىك تۇرۇپ،
ئەرلا بولسا ئەر ئەمەس، ئادەم سىياقى بولمىسا.
ئادەمنى ئادەم ئەتكەن ئۇنىڭ ھۆسنى ئەمەس،
ھۆسنى بىر سۈرەت ئىرۇ دىلنىڭ چىراقى بولمىسا.
بىر مىسالى پانۇسنى كۆر، شام چىراقسىز يورىماس،
نۇر چاچامدۇ شام چىراغ، پىلىكى، ياغى بولمىسا.

## مۇزلىغان شەھەر

(ئۆرۈمچىنىڭ قىشى)

مۇزلاق كوچىنىڭ تاملىرى قىيسىق،
مەھزۇن شەھەرنىڭ دەملىرى سىقىق .
بۇلۇڭ – پۇچقاقنى قويماي چارلىدى –
قىشنىڭ ساقچىسى چېلىپ ئىسقىرىق .

كۈننىڭ ئەسرى يوق، ھاۋا تۇمانلىق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

يەرلەر تىترىشۇر، مۇزلىغان جانلىق .
ھەر نە شادلىقنىڭ جۇدادۇر ھايات،
ئاڭلىنار ھەر ئۇن مۇڭلۇق، پىغانلىق .

كۆزلەر غەزەپلىك، قاپاقلار تۈرۈك،
ھاياتنىڭ دېمى سىقىق ۋە ئۈزۈك .
مۇزلىغان شەھەر باھارنى چىرلاپ
ئاچچىق ئۇن بىلەن چالاتتى گۈدۈك .

تۈرخۇن تۈۋىدە يىرتىق كۆن ئۆتۈك،
چورۇق تىترەيدۇ تاپىنى تۆشۈك .
مەسۇم گۆدەكلەر چىرايى سېرىق،
قوللار سۇنۇلغان، بويۇنلار بۈكۈك .

دوقمۇش ــ دوقمۇشتا چولاق كەتمەنلەر،
دوغدىيىپ يۈرگەن يىرتىق چەكمەنلەر .
پارچە نانغا زار، تېلىققان كۆزلەر،
چەرخلىرى سۇنۇق يەمسىز تۈگمەنلەر .

مۇزلارمىش شەھەر، مۇزلارمىش ھېسار،
قوۋۇقلار سۇنۇق، كونا بىر مازار .
شەھەر ئۈستىدە لالما بۇلۇتلار
ئوزۇق ئىزدىشىپ قىلىدۇ شىكار .

كۆزلەر غەزەپلىك، قاپاقلار تۈرۈك،
ھاياتنىڭ يىپى ئۇلاق يا ئۈزۈك .
مۇزلىغان شەھەر باھارنى چىرلاپ
ئاچچىق ۋارقىراپ چالىدۇ گۈدۈك !

1946- يىل 5-دېكابىر ئۈرۈمچى

## ئىت ئۈرەر،كارۋان يۈرەر

«ئىت ئۈرەر،كارۋان يۈرەر،قايتماس ئىزىدىن ئارسلان»،
بىلسە ئادەم، بۇ ئۆمۈرنىڭ ھەر كۈنى بىر ئىمتىھان.

مەيلى ئىتلار ھاۋشىسۇن،چاقسۇن يەنە ھەرە، پاشا،
بول ۋاپا، ۋىجدان بېغىدا مەڭگۈ بىدار باغبان.

تەنە- تۆھمەتتىن خالىي بولماي ئۆتتى تا لوقمان ھېكىم،
ھەممىسى بىتتى، لېكىن قالدى ھېكىمدىن نام- نىشان.

بىر ماقال باردۇر <كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس>ئىمىش،
يولچىغا مەنزىل توشامدۇ بولسا يۈزلەپ مۇز داۋان.

مەيلى چىقسۇن بورىنى، ياغسۇن ۋە ھەتتا مۆلدۈرى،
كەل نىگار، ۋەتەن بېغىغا تەڭ بولايلى پاسىبان!

<ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر>1969- يىلى 20- ئىيۇن

## يىراقتىن خەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

يېقىندا پوچتىكەش ئېپ كەلدى بىر خەت .
يېزىلغان بەك يىراق بىر مەملىكەتتىن.
ئوقۇپ كۆرسەم تونۇش بىر كىمسە يازغان،
باياندۇر كۆز يېشى ، ھەسرەت ۋە دەردتىن.

(1)

شۇ يەردە توختىتاي ئەمدى سالامىم،
ئىشت دوستۇم، ساڭا ئېيتاي كالامىم.
بەخت ئىزلەپ يىراقلاردا ساراڭدەك،
كېزىپ يۈردۈم شامال سوققان غازاڭدەك.
ماڭا نەدىكى قۇت(بەختۇ ئامەت)،
جىگەر پارە، چېكىپ دائىم مالامەت.
تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى بېشىمدىن.
ئېتەكلەر قۇرۇماي ئىسسىق يېشىمدىن.
جاھاندا قالمىدى مەن تارتمىغان دەرد،
ھەمىشە ھەمراھىمدۇر دەردۇ ھەسرەت.
گاھى مەن پۇلمۇ تاپتىم، يولمۇ تاپتىم
ۋە ھەتتا يۈز تېپىپ «جاناب» ئاتالدىم.

(2)

نېرى كەتمەس كۆزۈمدىن بالا چاغدا،
پاكار سوقما تاملىق گۈللۈك باغدا
ئېچىلغان خۇش پۇراق غۇنچە - چېچەكلەر،
چېچەكلىكتە ئۇچقان گۈل كېپىنەكلەر.
ئېسىمدە بىللە ئۆسكەن ئاشۇ مەلە،
پادا باققاچ يېشىل چىملىقتا بىللە.
يالاڭغاچ چۈمۈلۈپ ئۆستەڭدە ئويناپ،
يېتىپ قۇملۇقتا تەننى كۈنگە قاقلاپ،

بۇلاق سۇلىرىغا نان چىلاپ بىز
قاقاقلاپ، تالىشىپ يېگەن چېغىمىز.....
ئېسىمدە چۇرقىراپ بىز «ۋەللەي» ئۇيناپ،
كېپىكتەك سەكرىشىپ، ئۆلەڭنى بويلاپ،
يۈگەنسىز تاي كەبى ئۆتكەن گۈدەكلىك،
غەمۇ ئەندىشىسىز ئۆتكەن گۈدەكلىك.
كۆزۈمدىن نېرى كەتمەس شۇ زامانلار،
ئېتىز- قىرلاردىكى چەللە باراڭلار؛
ۋە لېكىن نېمىدۇر بىر نېمەم كەم،
تېشىم كۈلگەن بىلەن كۆڭلۈم چېكەر غەم.
يېپىلسا نازۇ نېمەت داستىخانىم.
نېچۈكتۇر سىرقىرار جان، ئۇستىخانىم.
يېتەر يادىمغا شۇئان قوۋم - قېرىنداش،
كۆزۈمگە لىق تولۇپ تەكرا ئىسسىق ياش.
كېلەر ئەسكە ئۆتمۈش بىر رىۋايەت:
سۇلايمان ئىچمىگەن سۇدىن ھېكايەت.
يېشىل قارىغاي ئېگىز تاغلار ، ئېدىرلار،
چىمەنگە پۈركىنىپ ياتقان شۇ قىرلار؛
چۇرۇقلاپ تولغىنىپ ئاققان ئېرىقلار،
ئىغاڭلاپ ئېتىزدا بۇغداي - تېرىقلار؛
بۇغا بىر لەن مارال جۈپ - جۈپى بىرلە،
غاز، ئۆردەك ۋە كەكلىك ئۆز توپى بىرلە-
تاماشا ئەيلىگەن شۇ دالا- تۈزلەر،
شۇ تۈزلەڭدە سوزۇلغان كەڭرى بوزلار؛
يېيىلغان مال تولا يايلاق ۋە ئوتلاق،
قوش ئەمچەكلەر ئېمىپ قوزا ۋە تايچاق؛
ئىدى ھۆسنى بىلەن زەپمۇ دىلارام،
نەسىپ بولغايمۇ ئاندا ماڭ ئارام؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئاۋازى
www.uyghurkitap.com

چېلىنغاندەك بوۋاي قەمبەر دۇتارى،
قوشۇلغاندەك يەنە قەشقەر ساتارى.
سەھەر بۇلبۇل ناۋاسى ئەۋجى ئالغاچ،
ۋىچىرلاپ قارلىغاچ ۋە قارا قۇشقاچ.
قاناتلان سەنمۇ ئۇچ دەيتتى پىچىرلاپ،
قالاتتىم زوقلىنىپ، جىنىم تىپىرلاپ.
سېغىندىم ئاشۇلارنى، بەك سېغىندىم،
كىسەللىكتەك بىلىنمەكتە سېغىنچىم.
نەسۋەم بارمىدۇ كۆرمەككە قايتا
ئۆمۈرنىڭ ئاخىرىدا بولىسمۇ تا.

(3)

مېنى سورىساڭ پىراقتا سارغىيىپمەن،
كۆڭلۈم ياخشى لېكىن مۇندا غېرىبمەن.
نە جان دوست - سىردىشىم، نە ھەمراھىم بار،
ئىچىم پۇشقاندا نە مۇڭداشقىلى يار.
قەيەردە، توي - تۆكۈن، مەشرەپ ناۋاسى،
ھېيت - ئايەم كۈنلىرى ناغرا ساداسى!
قەيەردە، باشقا چۆشسە بىر پالاكەت،
كۆڭۈل ئېيتىدىغان يارۇ جامائەت!
مانا پەرزەنتلىر ئىممۇ بويىغا يەتتى
ۋە ھەتتا بەزىسىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى.
قېنى لايىق كېلىن ياكى كۈيئوغلۇم؟
ئېچىلمايدۇ شۇڭا غەمخانە كۆڭلۈم.
قەيەردە،ئانا تىل مەكتىپى، دەرسى،
ۋەتەننىڭ ئەنئەنە پارلاق مىراسى؟
ئۆزۈم باشقا، بالام باشقا بىر ئىقلىم،
تىلى ھەم باشقىچە، ھەيرەتتە ئەقلىم!

ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر كۈن يەتسە سائەت،
ئۆمۈرنىڭ كوزىسى سۇنغۇسى ئەلۋەت.
قالارمۇ سۆڭىكىم شۇ ياقا يۇرتتا،
قوشۇلماستىن ۋەتەننىڭ تۇپرىقىغا.
شۇ غەملەر ئىچرە جان دائىم بىئارام
ئۆتەر ھەسرەت ئىچىدە، ئەي دىلارام

(4)

شۇڭا يازدىم ساڭا خەت ، كۆزدە ياشىم.
مۇرۇۋۋەت قىل ماڭا دوستۇم، قاياشىم.
ئەۋەتكىن ماڭا ئازراق توپا - تۇپراق،
يەنە بىر تال غازاڭ ۋە ياكى ياپراق.
قىلاي مەن تۇتىيا ھازىر كۆزۈمگە،
تەسەللى بولغۇسى شۇ ئۆز - ئۆزۈمگە.
ئەگەر ئۆلسەم لەھەتكە بىللە قويسۇن،
ۋەتەن تۇپراقىغا تېنىم قوشۇلسۇن.
ئۈمىدسىزلىك، لېكىن ئۇ - پەيلى شەيتان،
ئەجەبمەس ماڭا ھەم تېپىلسا ئىمكان،
ئىشتىسەم ھەر تەرەپتىن غايىبانە،
تولا ياخشى بولۇپ قاپتۇ زامانە.
ھەرەمنى ئالتە رەت قىلدىم زىيارەت،
ئەگەر يەتتىنچىسىگە بولسا پۇرسەت،
قىلۇرمەن ئۆز ۋەتەننى سەجدىگاھىم،
سۇرۇپ تۇپراقىنى كۆزۈمگە دائىم......

بۇ شېئىر مەرھۇم شائىر ئابدۇرەھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئۆمۈر مەنزىللىرى» ناملىق توپلىمىدىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئىنسانىنىڭ ئاجىزلىقى

ئىلاھا ھېكمىتىڭ كۆپتۇر بىلەي دەپمۇ بىلەلمەيمەن.
ئۆزىڭدىن بولمىسا رەھمەت ئۆزۈم يىغلاپ كۈلەلمەيمەن،

كۈلەرمەن دەپ ئۈمۈت قىلسام قالارمەن گاھىدا يىغلاپ.
تۇرۇپ بىردەم بۇلۇر ئىشنى ماراپ تۇرسام كۆرەلمەيمەن.

ئۆزۈم قىلدىم ئۆزۈم بىلدىم دىگەن بىرلا جاھالەتتە .
ئۆزۈڭدىن بولمىسا رەھمەت بازاردىنمۇ كىلەلمەيمەن.

بىرىپ كەلدىم پەقەت بىرلا ھەرەم ، مەككە مەدىنەمگە.
ئۆزۈڭ بىلدۈرمىسەڭ يا رەب ئۆزۈمنى ھەم بىلەلمەيمەن.

ئەجەپ ئاجىز ئىكەن بەندە ، جېنى بولغان بىلەن تەندە.
ئۆزۈڭ يەتكۈزمىسەڭ يا رەب باراي دەپمۇ بارالمايمەن.

تېنىمنىڭ ساقلىقى بىلسەم، سىنىڭ فەزلى كەرەمڭدۇر.
ئۆزۈڭدىن بولمىسا ساقلىق ، تېنىمنى ساق ئېتەلمەيمەن.

ئۆزۈڭنىڭ قۇدرىتى بىرلە كۆزۈم ئاچتىم بۇ ئالەمگە.
ئۆزۈڭ ئەپكەتمىسەڭ يا رەب ، كىتەي دەپمۇ كېتەلمەيمەن.

## تاڭ زىياسى يوقمدۇر

بۇ قارا ھىجران تۈنىنىڭ ئىنتىھاسى يوقمدۇر؟

ۋەسلى دىدار كۈنلىرىنىڭ ئىپتىداسى يوقمىدۇر؟

ئۆلگۈدەك جانىمغا تەگدى ھىجىر ئاخشامى يامان،
بىر خەۋەر كەلسە نە بولغاي، تاڭ ساباسى يوقمىدۇر؟

بىر نەپەس يۈز يىل بىلىندى ئىنتىزارلىق دەستىدىن،
تەشنەئى قەلبىم ئۈچۈن نەشئۇ نەماسى يوقمىدۇر؟

ئۆرتىدى جىسمىمنى ھەردەم دىلدا يالقۇنلاپ كۆيۈك،
خەستە دىلگە بىر شىپا دورا - داۋاسى يوقمىدۇر؟

يار خىيالى بىرلە سولدۇم، يەتتى ئۆمرۈمگە خازان،
تەنگە جان بەخش ئەتكىلى كۆكلەم ھاۋاسى يوقمىدۇر؟

بۇ جۇنۇنلۇق دەشتلىرى كەڭ، مىنى ئازدۇردى تالاي،
ئەمدى يول كۆرسەتكۈچى بىر رەھنەماسى يوقمىدۇر؟

كەتمىگەي ئارماندا ئۆتكۈر كۆزدە قانلىق ياش بىلەن،
يىرتقىلى تۈن پەردىسىنى تاڭ زىياسى يوقمىدۇر؟

## خەجلە ،خائىنلار خەجلە

خەجلە ،خائىنلارەي ، خەجلە،بۇ ئەلنىڭ مالىنى خەجلە،
يېتىشمەي قالسلەر ئۇ ھەم ئېلىپ سەن جانىنى خەجلە.

خېنىمغا ئوسما دەپ خەجلە،بېگىمگە تاسما دەپ خەجلە،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىگە ئادرېسى

تالان - تاراجدىن قالغان پارچە نانىنى خەجلە.

دېھقانغا ئاچقۇزۇپ بوزنى دۇكانغا توقۇتۇپ بۆزنى،
سېلىپ ئالۋاننى يۇز قاتلام ،ئىچىپ سەن قاننى خەجلە.

كۆلدە بېلىقى كۆپ دەپ ،يەر ئاستى بايلىقى كۆپ دەپ ،
قەدەمدە مىڭ تېپىپ ھىيلە،ئىچىپ سەن كاننى خەجلە.

پالانى ئاقچىدۇر- كۆكچى ،بۇ ئۆتكۈرمۇ يامان دوقچى ،
دەپ پارچىلاپ بۇ مىللەتنى،سېتىپ ۋىجداننى خەجلە.

1949-يىلى 8-يانۋار.

## ياخشى

تىرىكتاپ قاغا -قۇزغۇنغا جاھانسازلىق ھاۋا ياخشى ،
سەھەر گۈلشەندە بۇلبۇلغا ياقا يىرتىپ ناۋا ياخشى .

كېرەكمەس يالتىراق شۆھرەت بىلەن مەستانە غاپىللار ،
ۋەتەننىڭ دەردىگە دەرمان جاپاكەش ئاشنا ياخشى .

تېگىشمەس جەندىنى ئاشىق ياقاسى زەر تاۋار تونغا ،
كى دىلبەر ۋەسلىدە سەرسان قەلەندەرگە كۇلا ياخشى .

قەسەم بىللا تەمەيىم يوق با ھەيۋەت قەسرى زىننەتتىن ،
پىشانەم تەردىن پۈتكەن بىمىننەت بورىيا ياخشى .

مېنىڭ تاجسىز سايىاق باشىم ئۆزۈمگە تاجۇ دۆلەتتۇر ،
ئېرىكسىز پادىشالىقتىن جاھانگەشتى گادا ياخشى .

نە ھاجەت جەننەتۇل مەئۋا ،ۋەتەننىڭ قوينى بىر جەننەت ،
بېلىق دەريادا ئەركىندۇر ،لىچىنغا كەڭ ساما ياخشى .

مەلامەت يەتسىمۇ بەزەن دىلىمغا ئۆز دىيارىمدا ،
بوسۇقتىن دالجىماس ئىتتەك ماڭا ھەمدۇ ۋاپا ياخشى .

1979-يىلى 3-سېنتەبىر

## قەلەمگە

بەس قەلەم ، كۆرگەن مۇقامغا يورغىلاشتىن توختا سەن ،
بارنى سۆزلە ، ھەقنى كۈيلە ، سەپسەتىلەر ساتما سەن .

نە كېرەك يوق نەرسىلەردىن باش قاتۇرماق شۇنچىلىك ،
ساپلىقىڭنى بۇلغىتىپ ، ياشلار ئاققۇزماق شۇنچىلىك .

مەن سېنى كۈرەش ئۈچۈن قىيدىم بوۋامنىڭ تىغىدا ،
بول ماڭا ئۆتكۈر قىلىچ ،ياتما مەزلۇملىق قېنىدا .

قەغىزىم ئۈستىدە ماڭساڭ ، كۈتكىنىمدىن ئىز ياسا ،
ھەر چېكىتتە ھۆرىيەت _ ئىقبالىغا نېگىز ياسا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىن ئادرېسى

كۈيلە تاغ باشدا بولساڭ ، تاغۇ _ تاشلار تىترىسۇن ،
ھەيۋىتىڭدىن ئەزگۈچى ھاكىم سىنىپ قان يىغلىسۇن !

قەغزىم ئۈستىگە ئەمدى چۈشمىگەي ياش ئىزلىرىڭ ،
خوش _ خوش ئېيتىپ ، كەتسۇن ئەمدى بۇ يىغچان گەزلىرىڭ .

مەن سېنى ماۋزۇ قىلىپ ، چوڭ جەڭ ئۈچۈن ئاتىدىم ،
بىر كېچە گويا خىيالدا ياۋ كۆزىگە قادىدىم .

جەڭدە يەڭگەچ قەبرىمە «لەۋھە» بولۇپ ياتماقچىسەن ،
تۆنلىرىمنى كۈن ياساپ ، گۆھەر كەبى يانماقچىسەن .

قېنى ئەمدى كۈيلىگىن ئەسرىمگە لايىق ناخشىنى ،
مەنمۇ تاللاپ يۈرمەدىم سەندىن بۆلەك بىر ياخشىنى !

# ئايلىناي

ئەي ئەزىز يۈرتۇم سېنىڭ باغچا _ سارايلىرىڭدىن ئايلىناي ،
زەپىران تۈسلۈك سېنىڭ غەمكىن چىرايىڭدىن ئايلىناي .

قوينۇڭدىكى ئالتۇن _ كۈمۈشلۈك تاغلىرىڭدىن ئايلىناي ،
كۆكسۈڭدىكى لەختە _ لەختە قان داغلىرىڭدىن ئايلىناي .

دەريايىڭدا مۆڭلىنىپ ئاققان سۈيۈڭدىن ئايلىناي ،
قايغۇ _ ماتەم ، غەمگە چۆككەن ناخشا _ كۈيۈڭدىن ئايلىناي .

سۇمبۇل چاچلىق ، قەلەمقاشلىق قىزلىرىڭدىن ئايلىناي ،
ئانىلىق دەردىدە قالغان قان ئىزلىرىڭدىن ئايلىناي .

تىلى باغلىق ، دىلى داغلىق شائىرلىرىڭدىن ئايلىناي ،
زۆھراسى يوق ناتىۋان تاھىرلىرىڭدىن ئايلىناي .

ئايلىناي يۇرتۇم ئايلىناي ، ئالىملىرىڭدىن ئايلىناي ،
تىلى يۇمشاق دىلى قاتتىق زالىملىرىڭدىن ئايلىناي !

## تووۋا دەپ تۇتتۇم ياقا

تووۋا دەپ تۇتتۇم ياقا ، ھەر بىر قاراپ ئەتراپقا مەن ،
تولغىنىپ كەتتىم يىلان چاققان كەبى ئازابتا مەن .

نېمە بۇ ، بىر چۇشمۇ يا دەھشەت < قىيامەت > بولدىمۇ ،
ياكى ئەلنىڭ ئەجلى ــ پەيمانىسى لىق تولدىمۇ ؟

ئاندا قىيقاس ، مۇندا ئۇر ــ پاپ ، قول سۇنۇق ، باش ــ كۆز يارا ،
نى يىگىت ــ قىزلار جان تالىشىپ مەيدان ئارا .

تۈنۈگۈن «يولداش» دېيىشكەن جان بۇرادەرلەر بۈگۈن ،
بىر ــ بىرىنى ئۆلتۈرۈشكە بەسلىشەرلەر كۈن ۋە تۈن .

بولدى مەكتەپ زاللىرى قىرغىنچىلىق قورغانلىرى ،
تەجرىبە ئەسۋابلىرى ــ بومبا ياساش سايمانلىرى .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكگى تاربىسى

كارخانا نەيزە ياسار ، ئورغاق سوقۇشنى توختىتىپ ،
كىيدى قالپاق بەزىلەر گېتلىر سارائىغا ئوخشىتىپ .

ئاقتى قانلار كوچىلاردا ، ئاقتى زاۋۇت سېخىدا ،
ئىلىنىپ قالدى جەسەتلەر گاھ دەرەخلەر شېخىدا .

ئاقتى قان ، ئاقتى قېرىنداش ھەم بۇرادەرلەر قېنى ،
نېمدەپ يەكۈن ياساركەن بۇئا تارىخ بىر كۈنى !

«توۋا» دەپ تۇتتۇم ياقا ، ھەر كۈنلۈكى قانغا قاراپ ،
شۇنچە قانغا كىم خەلقنىڭ ئالدىدا ئېيتار جاۋاب ؟

## باھار چىللايمەن

زېرىككەچ جانلار بۇ زىمىستاندىن ،
جانىۇ ــ جانىمدىن باھار چىللايمەن .
تۈنلەر كېچىسى ھۇۋلىغان شىردەك ،
ئاھ ــ پىغانىمدىن باھار چىللايمەن .

نە تاقىتىم بار ، نە سەۋرىم ئەمدى ،
قايناق بىر قازان يۈرىكىم ئەمدى .
گويا بىر ۋولقان تىلىكىم ئەمدى ،
شۇ ۋولقانىمدىن باھار چىللايمەن .

ئۆلۈمدىن ئارتۇق يىغلاپ ئولتۇرماق ،
مىراسىمدى بۇ ياشلار ئاققۇزماق ؟

خائىنلار ئىشى باش ئېگىپ تۇرماق ،
پاك ۋىجدانىمدىن باھار چىللايمەن .

شۇنى كۈيلەيمەن زىمىستاندىمۇ ،
تىلىكىم زەنجىردە باغلانغاندىمۇ ،
كۆكرەككە نەيزە قادالغاندىمۇ ،
ئىسىق قېنىمدىن باھار چىللايمەن .

ئۈمىدىم بوگۈن خىيالدىن يۈكسەك ،
ئۈمىت باغىدا ئاتتى كىكىپ چېچەك .
خىيالدىن ئارتۇق تاشقىن بۇ تىلەك ،
كۈرەشچان تاڭدىن باھار تىلەيمەن .

باھار چىللايمەن ، باھار چىللايمەن ،
خەلق بەختىگە بىر يار تىلەيمەن .
ئارزۇيۇم باھار ، ئۈمىدۈم باھار ،
ئۇندىن ئۆزگىگە كۆڭۈل بۆلمەيمەن .

باھار چىللايمەن ، باھار چىللايمەن ،
خەلق مۇڭى شۇ شۇنى كۈيلەيمەن .
بوۋامىۇ ماڭا شۇنى ئۆگەتكەن ،
ئۇندىن ئۆزگىنى نېچۇك سۆيەي مەن .

باھار چىللايمەن ، تۆنلەر كېچىسى ،
مەيلى توزىسۇن ئۆمرۈم غۇنچىسى .
رازىمەن شۇندىن ، قىلچە ئارمان يوق ،
بولالىسام مەن خەلق مۇڭچىسى .

www.uyghurkitap.com

# سەرلەۋھەسىز شېئىرلار

خام قاپاقنىڭ ئىچى لەشتۈر پارقىراپ تۇرغان بىلەن،
مېغىزى شېرىن ياڭاق تېشى قوتۇر بولغان بىلەن.
كۆكتىكى پارچە بۇلۇتتىن ئەلگە تەگمەس قىلچە نەپ،
ئىسسىتار ئەلنى كۆمۈر يەر ئاستىدا ياتقان بىلەن.
مېۋە بەرمەس ھېچقاچان ھاي-ھاي چاپان ھەشقىپېچەك،
يۆمىشىپ ھەرنەرسىگە مىڭ يۇقىرى چىققان بىلەن.

يەرېغىرلاپ ياتسىمۇ قوغۇن-تاۋۇزنىڭ پىلىكى،
تولدۇرار يېزا-بازارنى نىمەتۇ-ئەلۋان بىلەن.
ئالدىراپ ھەركۈنلۈكى بىر ئېچىلۇر ھەشقىپېچەك،
كۈن چىقار-چىقمايلا تېز سولىشۇر جا نەرسىدەك.
مىرزە،سەبدە،گۈلى رەيھان يا قىزىل مودەنگە باق،
تاكى كەچكۈز كىرمىگۈچە كەتمەس يېنىدىن كېپىنەك.

سايە بەرمەيدۇ سۆۋادان غادىيىپ ئۆسكەنسىرى،
بەلكى ئاسان سۇنغۇسى بۇران-شامال تەگكەنسىرى.
سۇبويىدا جىلۋە قىلغان لەيلى-مەجنۇنتالنى كۆر،
ئاشىدۇ كۆركى ئۇنىڭ ئۆز قەددىنى پۈككەنسىرى.
گۈللا بولسا گۈل ئەمەس،گۈلدەك پۇراقى بولمىسا،
گەپلا بولسا گەپ ئەمەس،مەزمۇن تۇراقى بولمىسا.

ئىككى پۇتلاپ ماڭمىش ئېيىقمۇ بەزەن تىك بولۇپ،
ئەرلا بولسا ئەر ئەمەس،ئادەم سىياقى بولمىسا.
ئادىمنى ئادىمى ئەتكەن ئۇنىڭ ھۆسنى ئەمەس،

ھۆسنى بىر سۆرەت ئىرۇر دىلنىڭ چىراغى بولمىسا.
بىرمىسال،پانۇسنى كۆر،شام-چىراغسىز يۇرۇماس،
نۇر چاچامدۇ شام-چىراغ؟پىلىك ۋە ياغى بولمىسا.

## تاماكا بايان

توسما مېنى يار ، چېكەي بىر نەپەس،
ئۆرگۈلدى پەلەك ، تاماكا بايان:
ئەمەستى ماڭا چېكىش بىر ھەۋەس،
كۆيىدۇ يۈرەك ، تاماكا بايان.

يانار تاغ ئىچى بولغاچقا يالقۇن،
دائىم ئۈستىدىن كەتمەيدۇ تۈتۈن.
ھەيران قالمىغىن چىقسا ئاغزىمدىن
كۆكۈچ چەمبىرەك ، تاماكا بايان.

بىلمەن دىلدار ، يۇتىمەن زەھەر،
تېگەر ھەر سائەت يۈرەككە نەشتەر.
ۋە لېكىن شۇنى ئىستەيدۇ كۆڭۈل،
ئەمەسمەن گۆدەك ، تاماكا بايان.

سارغايدى دېمە رەڭگىمنى جانان،
نىكۈتىن ئەمەس مېنى سارغايتقان.
بىغەمنى كەچ كۈز بورىنى باسسا،
سولمامدۇ چېچەك ، تاماكا بايان.

قاچانكى باقسام غەمكىن يۈزۈڭگە،
ئاچچىق ياشلىرىم تولۇر كۆزۈمگە.
قايغۇ-ئەلەمنى باسمىش دەيدۇ،
شۇ كۆكۈچ تۈتەك ، تاماكا بايان.

توسما مېنى يار ، چېكەي بىر نەپەس،
چەكمەي دېسەمۇ ، بۇ مەيلىم ئەمەس.
مەيلى ئەمەسمۇ شۇ زەھەر بىلەن،
سەگسە يۈرەك ، تاماكا بايان.

1948 - يىل 12 - دېكابىر ، ئۈرۈمچى

## جەنۇبقا خەت!

ئەي جەنۇب ، دەردمەن جەنۇب ، ئەي مۇڭلىنىپ ياتقان جەنۇب ،
خۇددى تارىم سۈيىدەك كۆز ياشلىرىڭ ئاققان جەنۇب؛
گاھ يانار تاغدەك يېنىپ ، سەن پارتىلىدىڭ يالقۇن چېچىپ ،
ئەمدى تۈتقۇن شىركەبى مەيۈسلىنىپ ياتقان جەنۇب .

كۆپتىن ئەمدى قايىندى مۇڭلىرىڭ ، ئاھ _ زارلىرىڭ ،
كەتتى ھەسرەت ئىچىدە نى كۈرەشچان ئەرلىرىڭ .
ۋەھشىي بىر ئورمان بولۇپ قالدى خىيالىڭ باغچىسى ،
تەڭرىگە يەتمەي ئۆتەرمۇ ئاھلىرىڭ ، پەريادلىرىڭ !

يىغلاپ ئۆتتى سەن ئۈچۈن ئەسرىمىزنىڭ قانچىسى ،
بۇ يىغىغا باقمىدى جەبىر _ زۇلۇمنىڭ قامچىسى .

كەلمىگەي ھېچكىم بېشىغا ساڭا كەلگەن كەلگۈلۈك ،
ھېچ ئۆزۈلمەسمۇ بۇ قۇللۇق زەنجىرى _ ئارغامچىسى ؟

ياق ، ئۆمۈت بولغاي سېنىڭ ئارزۇلىرىڭنىڭ قولدىشى ،
تالڭ ئېتىپ ئەلۋەتتە بىر كۈن سۈرتۈلەر كۆزنىڭ يېشى ،
كۈيلە _ كۈيلە ئەرك _ ئازادلىق كەتسە بۇ ئۆتكۈر بېشى ،
قالغۇسى خانتەڭرىدە مەغرۇر كۈلۈپ قەبرە تېشى .

## سەجدىگاھىمغا

(گۇمنام غەزەلگە مۇشائىرە)

بىلەمسەن،دىلرەبا،ھۆسنۈڭنى ئاختۇرغان نىگاھىمدۇر،
بۇ گۈلدۈرماما-چاقماقلار مېنىڭ پەريادى ئاھىمدۇر.

«ئۆزۈڭنى ئوت بىلەن تاۋلا»دېگەچ سەن سۆيگۈ سۇلتانى،
قەيەردە يانسا بىر يالقۇن،شۇ يالقۇن بارىگاھىمدۇر.

ئاداشسام زۇلمەتى دەشتتە،تېڭىرقاپ نالە چەكمەسمەن،
جامالىڭ شولىسى پارلاق ئۈمىد بەخش سۈبھىگاھىمدۇر.

پەلەكنىڭ گەردىشى ھەر كۈن يولۇمنى توسسىمۇ قەستلەپ،
ۋىسالىڭ ئارزۇسى مەڭگۈ يېگانە قىبلىگاھىمدۇر .

مالامەت،تەنە-تۆھمەتتىن،رەقىبتىن قىلمىدىم پەرۋا،
دىلىمغا ئورنىغان ئىشقىڭ نىجاتكار باشپاناھىمدۇر.

سىنى ئويلاش بىلەن كۆڭلۈم تاپۇر ھەر جايدا مىڭ لەززەت،
خىيالىڭ كۈندۈزى ئاپتاپ،كېچىلەر كۆكتە ماھىمدۇر.

ئەگەر رەشك ئەيلىسە مەيلى ئەرەب يۇرتىدىكى كەبە،
مۇشۇ تۇپراق-ئانا تۇپراق مۇقەددەس سەجدىگاھىمدۇر.

كۆڭۈل مۈلكىدە جاي يوقتۇر سىنىڭدىن ئۆزگىگە مۇتلەق،
قەسەميادىم ئۈچۈن مىسكىن مېنىڭ ئۆلمەس گۇۋاھىمدۇر.

1968-يىل15-فېۋرال،ئۈرۈمچى.

## ئارمان نېمە

بولمىسا جانىم ئارا ئىشقىڭ ، ماڭا بۇ جان نېمە،
سادىغاڭ بولسۇن بۇ جان ، سەندىن بۆلەك جانان نېمە.
كۆلمىسە جۇشقۇن خىيالىم ئاسمىنىدا ئاپتىپىڭ،
مەن ئۈچۈن ئالەم نېمەيۇ ، گۈل نېمە ، بوستان نېمە.

ھېچ تېگىشمەس بىر كۈنىگە دەۋرى-دەۋرانىغا كۆڭۈل،
بولمىسا ۋەسلىڭ نەسىۋى ماڭا مىڭ دەۋران نېمە.
ئۆتتى باشتىن شۇنچە يىللار قالدۇرۇپ ماڭلايدا ئىز،
بولسا سەندىن بىر خەۋەر ،ئۆمرۈم ئۈچۈن پۇشمان نېمە.

تەلمۈرۈپ شۇنچە يولۇڭغا ئاقتى كۆزنىڭ نۇرلىرى،
چاڭلىرىڭنىتۇتيا قىلسام ئىدىم ، ئىمكان نېمە.
گۈلنى ھەر تاڭدا پۇراپ ، بولدۇم يەنە قىلماي شۈكۈر،

شۇنچە نەلە ئەيلىسە، ئۇ نىمدىگەن نادان نىمە.

كاشكى مەن ئۆمرۈمدە بىر كۆرسەم سىنى ئاي يۈزلۈكۈم،
جان بىرىپ ئۆلسەم شۇ دەم ، دۇنيا ئارا ئارمان نىمە.
ئاھ ئۇرۇپ ئۆتكۈر ئادا بولدى، قەلەندەردەك كىزىپ،
يوقمىدۇر شۇنچە جاھاندا دەرتكە بىر دەرمان نىمە.

## تەلكە ھەققىدە قوشاق

تەلكىنىڭ داۋانى بار،
ئۈستىدە تۇمانى بار.
سايرام كۆلگە پاتقۇسىز،
ھەسرەتۇ-ئارمانى بار.

تەلكە دىگەن ئېگىز تاغ،
ئېتەكلىرى چىمەن باغ.
باشتىن ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ،
ئاجايىپ بايانى بار.

تەلكىدىن ئۆتكەن چاغدا،
قالاتتى يۈرەك داغدا.
ئوقۇپ-ئوقۇپ يىغلايتوق،
ھەسرەتلىك داستانى بار.

ئەمدى تەۋرەپتۇ سايرام،
تەلكىدە بولۇر بايرام.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىرى ئادرېسى

بايرامنى قىزىتماققا ،
جان تىككەن ئوغلانى بار.

تۇغلۇقنىڭ ئەۋرىلىرى،
سادىرنىڭ نەۋرىلىرى.
ئات چاپتۇرۇپ ھەر تاغدا،
توزاتقان توزانى بار.

ئېلاخۇن ئۆتكەن يولدا،
ئاپتۇمات تۇتقان قولدا.
داۋان ئاشقان ئەرلەرنىڭ،
ھەر تاشتا نىشانى بار.

چەكمەن كىيگەن ئەرلەرنىڭ،
جەڭگە كىرگەن شىرلارنىڭ.
ھەر تۆپ قارىغاي تۈۋىدە،
تامچە-تامچە قېنى بار.

يىشىل بەرقۇت يەرلەرنىڭ،
پاك ۋىجدانلىق ئەرلەرنىڭ.
نومۇس ئۈچۈن جان بەرگەن،
ئۇنتۇلماس قۇربانى بار.

تەلكە ئۆزى بىر داۋان ،
ئەمدى سۈرگۈسى دەۋران.
بۇ دەۋرانغا ئاتالغان ،
بۇزۇلماس پەيمانى بار.

# كەل-كەل سابا

تاقىتىم تاق بولدى، كەل - كەل ئەي سابا كۆپ قىينىما،
كەل، جېنىم بولسۇن يولۇڭغا بورىيا كۆپ قىينىما.

تاشلىدىڭ، كەتتىڭ بېغىمدىن تۇرنىدەك پەرۋاز بىلەن،
تۇرنىلارمۇ قايتتىغۇ، كەل بىۋاپا، كۆپ قىينىما!...

مەن نىتەي سەندەك قاناتىم بولمىسا تاغ ئاشقىلى،
بىلمىدىڭمۇ بىر ئەسىرمەن، دىلرەبا، كۆپ قىينىما.

ھېچ ئەسىر مەندەك قارا قىسمەتكە بولماس مۇپتىلا،
پۇت-قولۇم زەنجىردە، تىل سۆزدىن جۇدا، كۆپ قىينىما.

باغلىسا پەرھاتنى خىسراۋ، ئاغزىنى بوققان ئەمەس،
مەن ئۇچۇن ئىسمىڭنى ئېيتماقمۇ گۇناھ، كۆپ قىينىما.

كەزسىمۇ چۆللەردە مەجنۇن ئاھلىرى ئازاد ئىدى،
كاشكى بولسا شۇ بايابان كەڭ دالا كۆپ قىينىما.

كەل سابا، كەل-كەل سابا، يەتتى مۇرۇۋۋەتنىڭ چېغى،
بولمىغاي زۇلمەتتە ئەل جاندىن جۇدا، كۆپ قىينىما..

## سالام دەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

يەلپۈنۈپ ئۆتكەن شاماللار، قۇلاق سېلىڭ سۆزۈمگە،
قولغا ئېلىپ رومالالار تۇتۇڭ ياشلىق كۆزۈمگە.

ئېشىپ تاغلار ئۈستىدىن بېرىپ يېتىڭ يۇرتۇمغا،
ياش يۈرەكتىن سېغىنىشلىق سالام ئېيتىڭ يۇرتۇمغا.

باغقا بېرىپ يەتكەندە گۈللەرنى ئۆپۈپ ئۆتۈڭ،
گۈل تۈۋىدە ئولتۇرغان دىلبەرنى سۆيۈپ ئۆتۈڭ.

تاغلار ئېشىپ ئۆتكەندە چېچەكلەرگە سالام دەڭ،
دەرد-ئەلەمدە ئۆرتەنگەن يۈرەكلەرگە سالام دەڭ.

زۇلۇم بىلەن ياردىن جۇدا مەھبۇبلارغا سالام دەڭ،
قاراڭغۇ زىندانىدىكى مەھبۇسلارغا سالام دەڭ.

ھېچ نەرسىدىن غېمى يوق بېگىملەرگە سالام دەڭ،
ئاتىسى زىنداندا ئۆلگەن يېتىملارغا سالام دەڭ.

ئېتىزدىكى ئەمگەكلىك دېھقانلارغا سالام دەڭ،
باغدا قان-قان يىغلىغان باغۋەنلەرگە سالام دەڭ.

يېتىم ئوغۇل، تۇل خوتۇن بىچارەمگە سالام دەڭ،
بارچە نانغا قۇل بولغان دىۋانەمگە سالام دەڭ.

يات قوللىرىدا خارلانغان چىمەنگۈلگە سالام دەڭ،
نومۇس ئۈچۈن جان بەرگەن رەيھانگۈلگە سالام دەڭ.

زۆھرەسىدىن ئايرىلغان تاھىرلارغا سالام دەڭ،
تىلى باغلىق، دىلى داغلىق شائىرلارغا سالام دەڭ.

ھەر جايدا خار، ھەر نەگە زار زەئىپلەرگە سالام دەڭ،
ئۆزى مىسكىن، دىلى غەمكىن ئەدىبلەرگە سالام دەڭ!

1945-يىل ئىيۇن، لەنجۇ

## شاماللار

يەلپۈنۈپ ئۆتكەن تاڭ شاماللىرى،
بىردەم قېشىمدا توختاپ ئۆتۈڭلار،
يۈرەك زارىنى، ئاھ ۋە دەردىنى
مەرھەمەت ئەيلەپ ئاڭلاپ ئۆتۈڭلار!

ئېشىپ تاغلاردىن بېرىپ يەتكەندە
تەڭرىتېغىنىڭ ئېتەكلىرىگە،
يىپەك رومالدەك قولۇڭلار تەگسۇن،
دەرد يېشى تامغان ئېتەكلىرىڭگە.

تەسەللى ئوقۇپ، دەردىگە دەرمان،
غەيرەت قوشۇڭلار غەيرەتلىرىگە.
مۇڭلۇق سالاملار بېرىپ ئېيتىڭلار
دەردمەن گۈللەرنىڭ چېچەكلىرىگە!

تاڭ ئاتىدۇ دەڭ، چېلىش قاينىغاچ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىلى سۇلىرى دولقۇن ياسىغاچ،
دولقۇنغا ئېيتىڭ توختىماي ئۇرسۇن،
دولقۇننىڭ ۋاقتى قاراپ تۇرمىسۇن!

يىللاردىن بېرى تەۋرىگەن دېڭىز،
ئەمدى ۋاقتىدۇر ئوبدان ئېيتىڭىز.
قۇربانسىز دەۋا بولمىغان ھېچ چاغ،
بىز دەۋا قىلىپ، قانمىغان ھېچ چاغ.

يەلپۈنۈپ ئۆتتۈڭ تاغلار بېشىدىن،
تاغلاردىن ئۆتكەچ جەڭچى قېشىدىن.
مەنمۇ راسلىدىم ئۆتكۈر قىلىچىم،
ئۆتەشكە تەييار ئۇلۇغ بۇرچۇم!

1945-يىل 15-ئىيۇن، لەنجۇ

## ئەي تولۇن قىز

ئاھ، چىرايلىق ئاي تولۇنۇم، نەدۇر سېنىڭ بۇ ھالىڭ،
نەچۈن مۇنچە سارغايمىشۇر سېنىڭ گۈلدەك چىرايىڭ.

ئولتۇرۇپسەن سۇ بويىدا قايغۇ-ھەسرەتكە پېتىپ،
مۇڭلىنىپ ئاققان بۇلاققا مەيۇسانە بىر بېقىپ.

قاپقارا ئۇ قۇندۇز ساچىڭ ھەر تەرەپكە تارالغان،
نە ئۇچۇندۇر ئاھۇ كۆزۈڭ بىر چېكىتكە قادالغان.

نە ئۆچۈندۇر كۆز ياشىڭ ئىختىيار تامار ئۇنچە،
نەچۈن قەلبىڭ قايغۇلۇق، بايان ئەيلە، گۈلى غۇنچە...

كىم سېنى رەنجىتتى، ئازار بەردى سەن گۇناھسىزغا؟
قايسى قاتىل بەردى دەشنەم سەن يېتىمە-پاناھسىزغا؟

يا سېنىڭكى ئۆگەي ئاناڭ دىل ئازار قىلدىمۇ؟
ياكى قوغلاپ ئۆيدىن سېنى، خارۇ زار قىلدىمۇ؟

يا سېنى تەڭتۇشلىرىڭ "يېتىم ئوغلاق"دېدىمۇ؟
ياكى بىر كىم يوللىرىڭغا دەھشەتلىك تۇزاق قۇردىمۇ؟

يا سېنى بەگ قىزلىرى "ئەسكى كۆڭلەك" دېدىمۇ؟
"بىز تەرەپكە كەلمە سەن"دەپ چەتكە سېنى ئۇردىمۇ؟

يا بىر يىگىت: "سۆيدۇم سېنى" دىبان ئالداپ قاچتىمۇ؟
ياكى بوران رومالىڭنى دەشتكە ئالداپ قاچتىمۇ؟

يا سېنىڭ سۆيگەن يارىڭنى "چېرىك" قىلىپ كەتتىمۇ؟
كى جۇدالىق ئوتى سېنى شۇنچە دىل-غەم ئەتتىمۇ؟

يا قۇرغۇيۇڭ ئۇچۇپ قولدىن، ئۆزگە قولغا قوندىمۇ؟
قاغا – قۇزغۇنلار كېلىپ، ئۇ گۈل شېخىغا قوندىمۇ؟

يا سېنى جاھىل ئاتاڭ ئالتۇن-كۇمۇشكە ساتتىمۇ؟
ياش باھاردا ئېچىلمىغان غۇنچەڭنى دەشتكە ئاتتىمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ياكى يۇرتنىڭ ھاكىمى ئۆيۈڭنى ۋەيران قىلدىمۇ؟
ئول قەدىردان ھامىيڭنى زىنداندا قۇربان قىلدىمۇ؟

ئاھ، گۈلۈم، بىلكى سېنىڭ كۆكۈڭنى بىر قارا بۇلۇت
قاپلىغاندۇر، ئەزگەندۇر، سېنى قىلغاندۇر نائۇمىت...

يا سېنىڭ كۆكسۈڭگە بىر ياۋايى ئوق تەگكەن بولغاي،
يا بىر يىرگىنچ بىر قارا كۈچ باشىڭنى ئەگكەن بولغاي!

ياكى بىر يىرتقۇچ سېنى يۇتماق ئۈچۈن ئاغزىن ئاچار،
مەزلۇمانە بۇ باشىڭغا شىددەتلىك لاۋا چاچار.

ئۆكسۈمە سەن، دىلبىرىم، ئاھ، ئۆكسۈمە سەن، ئۆكسۈمە،
كۈلپەت ۋە غۇربەت ئىچىدە رەنجىمە سەن، رەنجىمە.

گەرچە بۈگۈن ئۇشبۇ قارا كۈنلەرگە سەن بەندە سەن،
ئەتىگە تەھقىق ياشارسەن يارقىن ئۇلۇغ تاڭدا سەن.

سۈرت يېشىڭنى، ئاچ كۆزۈڭنى، تاڭ يۇلتۇزىن قارشىلا،
يىغىدىن ھېچ نەرسە چىقماس، چېلىش سۆزىنى تاشلىما!

1945-يى 17-ئاۋغۇست، لەنجۇ

## بۆشۈك ئەللىيى

ئانا بۆشۈك تۈۋىدە،

ئاغزى ئەللەي كۈيىدە.
بالا يىغلاپ تىنمايدۇ،
ئۇيقۇ يوقتۇر كۆزىدە.

ئانا ئېيتتى: "قوزىچام،
يۇم – يۇم كۆزۈڭ ئۇيقۇچام،
كېچە ئۇخلاپ دەم ئالغىن،
تاڭ ئاتقاندا تۇر، بالام.

ئەللەي، ئەللەي بىر دانەم،
يۇم – يۇم كۆزۈڭ بىچارەم.
ئۇخلىماستىن يىغلايسەن،
ئۇخلا جېنىم بوتىچام.

مەمىقىمدە سۈتۈم يوق،
سۈت بولغۇدەك يۈتۈم يوق.
قۇرۇق مەمەق نېم بېرۇر،
ئېتىزلىقتىن ئۇنۇم يق.

ساڭغا كەتتى يېرىمى،
قەرزگە كەتتى بۆلۈكى.
يەنە توشماي تۇرۇپتۇ
بۇ سۇلتاننىڭ تۆلۈمى.

ئاتاڭ بولسا جاڭگالدا،
ئاچ – يالىڭاچ شامالدا
ئوتۇن كېسىپ ئاۋارە،
يېتىپ كېلۇر زاۋالدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەنە ئىشك تۆۋىدە،
قانلىق قىلىچ قولىدا،
چېرىك ساقلاپ تۇرۇپتۇ
ئوتتۇن ئالماق كويىدا.

بەرمىسەكمۇ ئالىدۇ،
بەرمەي دېسەڭ سالىدۇ.
قىلىچە ئارتۇق گەپ قىلساڭ،
جادىسىغا باسىدۇ.

ئەتە كېلىپ نان دەيدۇ،
ئات-ئۇلاغقا يەم دەيدۇ.
بىرى ئۆكسۈپ قالسۇنچۇ،
ھەيدەپ بېرىپ، جان دەيدۇ.

ئەللەي بالام، جان باغرىم،
يۇم – يۇم كۆزۈڭ، ئامرىقىم.
ئۆيىنىڭ ئىچى قاراڭغۇ،
يوقتۇر ساپال چىرىقىم.

ئۇخلا بالام، يالغۇزۇم،
يۇم – يۇم كۆزۈڭ، قۇندۇزۇم.
بىزگىمۇ تاڭ ئاتىدۇ،
رەھىم قىلسۇن يۇلتۇزۇم!"

1946-يىل 1-مارت، لەنجۇ

# كېڭەش

ئەي ئەزىزىم، سال قۇلاق،
كېڭەش بېرەي بىر قۇچاق.
كېڭەشىم يېقىپ قالسا،
بولسۇن ساڭا بىر ساۋاق.

قاراڭغۇدا دوست تۇتما،
دوست تۇتساڭمۇ قول تۇتما.
قاراڭغۇدا تېپىشقان
"دوستۇڭ" بىلەن يول تۇتما.

سوقمىسى يوق باغچىگە،
ساقچىسى يوق غۇنچىگە،
قول ئۇزارتما ئالدىراپ
چىنىسى يوق تەكچىگە.

تىكەنلىكتىن گۈل ئۈزمە،
نادان بىلەن گۈل تىزما.
كۆڭلى قىش بىركىمسىگە
دوستلۇق قىلىپ گۈل تۇتما.

گۈل قەدرىنى نە بىلسۇن،
قىشتا باھار نە قىلسۇن.
قىنى قاچقان يۈرەكتە
گۈلگە خۇمار نە قىلسۇن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىنى ئادرېسى

كېڭەش دىلنىڭ دورىسى،
بەلكى ئۇنىڭ دورغىسى.
پىشماي ئۇششۇپ كەتمىسۇن
ھاياتىڭنىڭ غورىسى.

## كۈچا يولىدا بىر تۈن

كۈچا يولىدا بىر تۈن،
ئاڭلىدىم بىر نازلىق ئۈن.
تۈننىڭ تىلسىزلىقىدىن
كېلەتتى ئۇ يوشۇرۇن.

ئۈن كېلەتتى ئۇزاقتىن،
بەك ئۇزاق-ئۇزاقتىن.
يېرىپ تۈننىڭ باغرىنى،
ئۆتۈپ قارا توساقتىن.

ئۈن كېلەتتى تاغلاردىن،
بەلكى سولغۇن باغلاردىن.
كىم بىلۇر ئۇ قايغۇلۇق،
قەلبى قانلىق داغلاردىن.

ئۈن كېلەتتى نالىلە،
كىملەرنىڭدۇر زارىلە،
ئۇزاقلاردىن داۋالغۇپ،
مەسۇمانە ھالىلە.

قىزىقىپ سالدىم قۇلاق،
چېكىپ قەلبىم دەرد-پىراق.
دېدىم: "ياردىن كەلدىمۇ؟"
ئالدىم جاۋاب بىر قۇچاق:

يار دېسەڭ، ياردىن كېلۇر،
بەلكى دۇتاردىن كېلۇر.
بەختى قارا ھەم تۇتقۇن،
كۆزى خۇماردىن كېلۇر.

مۇڭ دېسەڭ، مۇڭدىن كېلۇر،
مۇڭلۇق بىر تۇندىن كېلۇر.
تۇنگە تۇتقۇن مەسۇمە
ھەر يان بۇلۇڭدىن كېلۇر.

زار دېسەڭ، زاردىن كېلۇر،
بەختى تارماردىن كېلۇر.
ملك بىر يىگىت چىرىگەن
قانلىق دىۋاردىن كېلۇر.

دەرد دېسەڭ، دەردمەن ئۈنى،
بەلكى يىرتىق چەكمەن ئۈنى.
ياكى بىر ئېتىزدىكى
كۆزى ياشلىق كەتمەن ئۈنى...

تىندى ئۈن، تىندى ھاياجان،
تىندى گويا تەندە جان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تىنمايىن يانغىن كۆڭۈل

تۇن بويى چەكتى پىغان.

1946-يىل 26-نويابىر، ئۈرۈمچى

## غەزەل

گۈلمىدۇر، غۇنچەمىدۇر، خىيالدىكى گۈلزارمىدۇر،

يا خىيالچان قەلبىمدە رىشتى چىگلگەن يارمىدۇر؟

تاڭ شامالدىن يېتىشتى بۇ دىماغىمغا ئەتىر،

ھىدلىرى خۇش پۇرىغان سەبزۋار باھارمىدۇر؟

چۈشتە كۆرگەن باغچە ئىچىدە گۈل پۇراپ يۈرگەن چېغىم،

پۇرچىلىپ سولغان كۆڭۈلنى بەزلىگەن دۇتارمىدۇر؟

دەردلىرىم – ھەسرەتلىرىمدىن مىڭ شىكايەت ئەيلىسەم،

كۆز ياشىم دەرياسىدا بىللە ئاققان دىلدارمىدۇر؟

تۈن ئازابى بىرلە ھەردەم قان يۇتۇپ زار يىغلىسام،

تاڭ شامالدىن يېتىشكەن خۇشناۋا ئەقبارمىدۇر؟

تاڭ سېغىنچى بىرلە ئۆتكۈر زارىقىپ ئېيتتى غەزەل،

بۇ غەزەلنى ئاڭلىماققا ئىختىيارىڭ بارمىدۇر؟

1947-يىل 13-مارت، ئۈرۈمچى

## ئەلۋىدا ساڭا

تۈيدۇم بىر تۈيغۇ ھايات چېھرىدىن،
كۆكلەم قىزىنىڭ سولغۇن مېھرىدىن.
جۇدامىش كۆكۈل باھار بەھرىدىن،
سۆيۈملۈك كۆكلەم، ئەلۋىدا ساڭا!

ئىشتىسەم بوگۈن پەرى كېتەرمىش،
كۆز شامالىرى يېتىپ كېلەرمىش.
قۇشلار ياتىقى بوشلا قالارمىش،
ھەيۋەتلىك كۆكلەم، ئەلۋىدا ساڭا!

تۈيدۇم بىر تۈيغۇ قۇشلار كۆزىدىن،
مەيۇسانە ھال ياغار يۈزىدىن.
كېتەرمىش بوگۈن بىزنىڭ يېزىدىن،
ئىلھامىم كۆكلەم، ئەلۋىدا ساڭا!

بۇلبۇل ئۈنىغۇ كەلمەس قۇلاققا،
مېنىڭ ئۈنۈمۈ يەتمەس ئۇزاققا.
بەلكى جانانمۇ چىقماس بۇلاققا،
ئامرىقىم كۆكلەم، ئەلۋىدا ساڭا!

تەبىئەت نازى جىلۋىگەر چاغدا،
سۇمبۇل – رەيھانلار گۈللىسە باغدا،
ئۆتتى بۇ ئۆمرۈم دەشت بىلەن تاغدا،
گۈزەلىم كۆكلەم، ئەلۋىدا ساڭا!

ئەلۋىدا ئېيتىپ قالدىم مەن بوگۈن،
مەڭگۈلۈك سۆيگۈم روھىمدا پۈتۈن.
يەنە كېلەرسەن باھارىم بىر كۈن،

پەرشتەم كۆكلەم، ئەلۋدا ساڭا!

1947-يل 18-سېنتەبر، ئۈرۈمچى

## ياشلىق

ياشلىق چېغىم-گۈل بېغىم،
قەدرى ئۈلۈغ بىر چېغىم.
ھەيۋىتىم ھەم سۆلىتىم،
ھەم يۆلەنچىم، زور تېغىم.

ياشلىق، تىرىش زامان شۇ،
بىلمەك-قۇتلۇق نىشان شۇ.
بىلىم تاپماي قۇتۇلۇش
ھېچبولمىغان خىيال ئۇ.

بىلمەكنىڭ چېغى ياشلىق،
ئىلھامنىڭ بېغى ياشلىق.
ھاياتنىڭ بىر قاچا سۈت،
قايمىقى، يېغى ياشلىق.

بىلمەك – ئەرنىڭ زور ئىشى،
پەرق قىلىنماس ئەر تېشى.
ھېچكىم سېنى يەكلىمەس،
بىلىك يۈرتى ئۆركىشى.

بىلەي دېسەڭ، بىلىك كۆپ،
ھاياتىڭدا بىتىك كۆپ.
ئەگەر غەيرەت قىلمىساڭ،
بىر ھەرپمۇ بىلىك يوق...

"ئۈزغان ئۆمۈر-ئاتقان ئوق"،
ياشلىق كېتىپ قايتقان يوق.
پەيغەمبەرمۇ، سۇلتانمۇ
تاغدەك ئۆمۈر تاپقان يوق.

قۇياش پاتسا مەغرىبتىن،
تۇغۇر ئەتە مەشرىقتىن.
ياشلىق كېتىپ بىر يولى،
قايمىغان ھېچ تارىختىن.

كۆكلەم كېتىپ كەلگەن بار،
جانان ئىستەپ سۆيگەن بار.
كەتكەچ ياشلىق ئارقىدىن
كىم قوغلىشىپ يەتكەن بار؟

كۈزدە غازاڭ بولغان گۈل
كۆكلەمدە قۇچار بۇلبۇل.
ئارچا ياغىچى كۆيسە،
كۈل قالارىن ئوبدان بىل.

"قۇتادغۇ"نى پۈتكەن "خاس"،
بىلىكتىن تاپتى ئاساس.
بىلىكتىن مەھرۇم كىشى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

ئوچۇق كوردۇر ھەمدە گاس.

ئۆگەن ياشلىق، چېلىشقىن،
بىلىك تېغىغا ياماشقىن.
بىر يىقىلساڭ، بىر قوپۇپ،
ھاياتقا كەڭ يول ئاچقىن!

1947-يىل 2-ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

## يۇرتۇم قالدى

(1937-يىلى ماخوسەن باندىتلىرى تەرىپىدىن گەنسۇغا ئېلىپ كېتىلگەن بىر خوتەنلىك قىزنىڭ ئاغزىدىن)

مەن تۇغۇلۇپ ئويناپ ئۆسكەن
قىزلىگۈلدەك باغلار قالدى،
ئېگىز-ئېگىز، خو چىرايلىق،
يالقۇن تاشلىق تاغلار قالدى.

بۇغا-مارال پادا-پادا،
ئويناپ يۈرگەن سايلار قالدى.
تاغ باغرىدا ئويناپ سەكرەپ
بوتىچاقلار، تايلار قالدى.

ئېگىز تاغنىڭ يان باغرىدا،
سۇلار ئېقىپ ھەر ياندا،
قۇشلار سايراپ كەڭ قويندا،

يېشىل – يېشىل قىرلار قالدى.

ئەگىپ – ئەگىپ بويلاپ ئاققان،
چۇرۇق – چۇرۇق ئويناپ ئاققان،
ئاق كۈمۈشتەك پاللىدىغان
بالدىن تاتلىق سۇلار قالدى.

سۇ بويىدا شىلدىرلىشىپ،
تەزىم بىلەن باش ئېگىشىپ،
مەن يېتىمنى ئۇزىتىشىپ
لەيلى – مەجنۇنتاللار قالدى.

جىمجىت كوچا، ئايدىڭ كېچە،
بۇلاق بويلاپ باغچە-باغچە،
يۇلتۇز ساناپ تاڭ ئاتقۇچە
ئويناپ ئۆتكەن چاغلار قالدى.

چۆللەر ئارا غېرىب باشىم،
قۇرۇمايدۇ كۆزدە ياشىم.
قىيامەتلىك قېرىنداشلىرىم-
كۆيۈمچانىم دوستلار قالدى.

قالدى يۇرتۇم، قالدى تەختىم،
قالدى مېنىڭ ھۆر جەننىتىم.
ياۋ قولىدا قارا بەختىم،
ئالتۇن بۆشۈك يۇرتۇم قالدى.

1947-يىل 12-دېكابىر، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

## كىشەن

كىشەننىڭ تۈرى كۆپ، سىرىمۇ يامان،
بازغاندىن قورقىدۇ ئەمما ھامىنى.
ۋە لېكىن كۆرۈنمەس بىر كىشەن باركى،
ھەرقانداق كىشەندىن شۇدۇر يامىنى.

ئۇ قولدا بولمايدۇ يا پۇتتا ئەمەس،
چىرىيدۇ قەلب ئۇنىڭ كاساپىتىدىن.
خۇدايىم ساقلىسۇن ھەر بەندىسىنى
ئاشۇنداق كىشەننىڭ ئاسارىتىدىن.

1948-يىلى، ئۈرۈمچى

## يېتەر، ئەي چەرخ

يېتەر، ئەي چەرخ، بۇ ھىجراندا مېنى يىغلاتما ئارتۇقچە،
كېرەكتۇر يارغا كۆز ياشىم، ئۇنى خوراتما ئارتۇقچە.
مۇھەببەت مەنزىلى قاتتىق ئىكەن، تاشلىق داۋانى كۆپ،
يىقىلدىم پۇتلىشىپ قانچە، يېتەر، غۇلاتما ئارتۇقچە.
تاپالماي ۋەسلىگە يولنى، ئاداشتىم چۆلدە مەجنۇندەك،
چۆلىستان ئىچرە سەراپقا مېنى ئالداتما ئارتۇقچە.
گۇناھىم سۆيگۈدىن ئۆزگە نېمىدۇر بىلمىدىم ئەسلا،

يۈسۈپتەك خارۇزار ئەيلەپ، قۇلۇم دەپ ساتما ئارتۇقچە.
جاھاننى باستى پەريادىم، ماڭا بۇلبۇلمۇ ھەيراندۇر،
ئوقۇپ سەن گۈلگە ئەپسۇنلار، ئۇنى ئۇخلاتما ئارتۇقچە.
تېشىپ باغرىمنى قان قىلدى جۇدالىق ئوقلىرى كۆپتىن،
يېتەر بۇ زۇلمۇ بىداتلىق، يەنە ئوق ئاتما ئارتۇقچە.
تونۇردەك يانىمسا قەلبىم، بولۇرمۇ ئاھلىرىم يالقۇن،
يەنە كۆيدۈرگىلى، ئەي چەرخ، يېتەر، ئوت ياقما ئارتۇقچە.

1948-يىلى 5-سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

# قايتىش

قايتتىم ئەمدى بۇ تامان،
جەنۇب ئۇيقۇسى قالدى.
ئۇيقۇلۇق كۆزلەرسېرى
دىلدا قايغۇسى قالدى.

ئىختىيار تاپسام ئۆزۈمدە
سىر چېچىشماقنى ئۇ كۈن،
ياش خىيال بەڭباش چىقىپ،
ئەقىل ئوردىسى قالدى.

چاڭقىغان مەھزۇن يۈرەك
تاپسا جەنۇبتىن چەشمەسىن،
نېگەدۇر قايتتىم بۇيان؟
كۆڭۈل ئارزۇسى قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھەر تەپەككۇر ئەيلىسەم،
قانماس ئىكەن بۇ ياش يۈرەك.
قىچقىرىپ سىرلىق تاۋۇشلە
بوۋام قەبرىسى قالدى.

ھەم زىيارەتگاھىم ئىدى
ھەر كۆرۈنگەن ئەسكى تام،
كۆمۈلۈپ تۇمان بىلەن
مومام ھۇجرىسى قالدى.

ياشلىقىم-بەخباشلىقىم،
ئىچىپ سۆيگۈ شەربىتىن،
ئەمدى كۆكسۈمدە مېنىڭ
پىراق سونگۇسى قالدى.

ۋىسال دەپ تاغلار ئارا
ياخرىسا پەرھاد كۈيى،
بىرگىنە چاقناپ خىيالىم،
نىگار تۇيغۇسى قالدى.

ھەر جاراھلىق ئۇنلىرىم
ياندى سامادىن ئاقتۇەت.
ھەر شېھىتنىڭ قەبرىسىدە
كېپەنسىز مۇردىسى قالدى.

تەئەججۇپ ئەيلىمە، ئۆتكۈر،
بۇ شورلۇق ھالىڭە سەن.

شۈكۈركىم، ھەربىر يۈرەكتە
ۋەتەن سۆيگۈسى قالدى!

1948-يىل 22-سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

## مۇھەببەت ھەققىدە غەزەل

مۇھەببەت شامىدىنى شامسىز قالالماس ھېچقاچان، جانان،
چىراغسىز قالسىمۇ مېھراب ۋە ھەتتا مەككىدە بىر ئان.
تاپار مەجنۇن كېزىپ ئۆتكەن باياۋان-چۆلنى چىن ئاشىق،
كۆمەلمەس چۈنكى بۇ سۆيگۈ ئىزىنى ھېچ شامال-بوران.
ئۈدۈم بوپقالدى كۆڭلۈمدە مۇھەببەت جامىغا ھېرىسلىك،
بوۋام ئىچكەندى چۈنكى بۇ جامنى تولدۇرۇپ چەندان.
غۇلام بولالماقنى ئىستەيدۇ مۇھەببەت ئەھلىگە كۆڭلۈم،
تېگىشمەسمەن بۇ دۆلەتنى قېشىمغا كەلسىمۇ سۇلتان.
"رىيازەت ئوتىدا تاۋلا يۈرەكنى" دەر ئىدى پەرھاد،
شۇ تەلىم دىلغا جايلاشقان، ئوقۇرمەن يۈز تۈمەن شۈكران.
ئاقار تارىم سۈيى بىر كۈن كۆمۈشتەك يالتىراپ ئەركىن،
ۋىسال مەۋجىدە ئۆتكۈرمۇ بېلىقتەك قىلغۇسى جەۋلان.

1949-يىل 5-ئىيۇن، ئۈچتۇرپان

## خەلق ماقاللىرىدىن ئىقتىباسلار

www.uyghurkitap.com

ئالىمڭنى كەڭ ياراتتىڭ، زامانەڭنى تار،
زالىمڭنى بەگ ياراتتىڭ، ئالىمڭنى كار.

كوزا چاققان تاپتى دۆلەت، تاپتى ئىززەت، تاپتى بەخت،
سۇنى كىم كەلتۈرسە، بولدى ھەر قەيەردە خارۇزار،

قاغا تاپتى ئېتىبار، بۇلبۇل نەزەردىن يىراق،
چېتىلىپ قالدى ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا بۇغرا-نار.

كەتمەن دېگەننى بىز چاپساق، يېتىپ يەيدۇ خىيموزا،
بىر زاغرىنى زولۇق يەپ، ئۈچ كۈن تۇتىمىز روزا.

دەي دېسەم گەپ بولىدۇ، دېمەي دېسەم دەرد بولىدۇ،
تارتىپ كۆرگىلى دەردنى تېپىلارمۇ تارازا!

ھەر ئىشنىڭ ئامالى بار، ھەر گەپنىڭ زامانى بار،
كۈندە سۈنمىغان بىلەن، كۈندە سۇنار كوزا.

كۆرمەيىن باستى تىكەننى، تارتادۇرمەن دەردنى،
كۆرسەم ئەردىم، باسماس ئەردىم، تارتماس ئەردىم دەردنى.

تارتا-تارتا دەرد-ئەلەمنى زەپىران بولدى يۈزۈم،
قايىنمى تاشقان بۇلاقتەك توختىماس ياشلىق كۆزۈم.

كۆز يېشىم دەرياسىدا غەرق بولسا جانىم، ياخشىراق،
چۈنكى كۈندە مىڭ قېتىملاپ ئۆلتۈرەدۇر ئەل پىراق.

بولمىغاي ھېچكىم مېنىڭدەك بەختى قاچقان ناتىۋان،

ناتىۋان بولسا بولۇر، بولماس مېنىڭدەك باغرى قان.

باغرى قان بولغان كىشىنىڭ دەردىنى دەردمەن بىلۇر،
دەردى يوق بىدەرد كىشىلەر بەلكى دەرمەندىن كۈلۈر.

كۆلىمىگەي ھېچكىم بىراۋدىن، ئۆتنە ئالەم بۇ زامان،
ياخشىنى يامان دېگەن يامان ئۆزى قالماس ئامان.

كۆرمەيىن باسما تىكەننى، تارتما ھەرگىز دەردىنى،
يۈرمىگىن ئاخىر كىيىپ مەندەك كۈلاھۇ جەندىنى.

1949-يىل ئىيۇل، ئۈچتۇرپان

## قەلبىم باھار

ئوت بىلەن كۆيمەكنى ئۆز جانىمغا قىلدىم ئىختىيار،
ئىختىيار قىلماس ئىدىم، ھوشۇمنى ئالدى بىر نىگار.

بىر نىگاركىم، لۇتفى ئەيلەپ تەنگە جان بەرگەن ئۆزى
ھەم يەنە خەنجەر بىلەن باغرىمنى قىلدى لالىزار.

مىلك شۆكۈر دەيمەن بۇڭا، يوقتۇر پۇشايمانىم مېنىڭ،
كى قىزىلگۈلنىڭمۇ ھۆسنى ھەم بويى، ھەم خارى بار.

گەر تىكەنلىك دەپ گۈلدىن كەچسە بۇلبۇل بىر نەپەس،
تاپماس ئەردى بۇ جاھاندا قاغدەكمۇ ئېتىبار.

چىقمىغاي ھەرگىز دىلىمدىن يار سېلىپ قويغان كۆيۈك،
چۈنكى شۇ دەرد بىرلە كۆڭلۈم ھە يارا، ھەم بەختىيار.

ھېچ سىغىشماس تەنۇ جانىم ئەمدى بىدەردلىك بىلەن،
يۈرگۈچە بىدەرد ياشاپ، پەرۋانە بولماق ئېپتىخار.

مەيلى مۆلدۈر، تاش-بورانلار ياغدۇرۇپ تۇرسۇن پەلەك،
يار خىيالى بىرلە قەلبىمدە ياشار مەڭگۇ باھار.

1949-يىل 2-ئاۋغۇست، ئۈچتۇرپان

## ۋىجدان دەۋتى

"دەرىخ" دە، "مىلك دەرىخ" دە ئۆز-ئۆزۈڭگە،
قۇچاقلاپ ئۆتكىنىڭگە تەلۋە يىللارنى!
بۇ ۋىجدان دەۋتى، بىلسەڭ ئىدىڭ سەن،
ئاقارت ئىجاد بىلەن ئەمدى كىرلارنى!

قېيىپ چۆللەردە ئازغۇن قىيانلاردەك،
سارالڭ – بەڭباشلىقىڭ يىغلىسۇن ئەمدى.
ئەقلىدىن ئاجرىغان بىھۇدە ئويلارنى
قىزىل يالقۇن ئوتى كۆيدۈرسۇن ئەمدى.

باھار يامغۇرى ياغدى، سۇلىرى تاشتى،
كۆڭۈل كىرلىرىنى يۇيايلى كەل-كەل.

يۇرۇپ پەرھاد بىلەن تاشلار كېزىپ بىز،
ۋەتەننىڭ شەنىگە تىكلەيلى ھەيكەل!

1956-يىل 12-دېكابىر، ئۈرۈمچى

## مەڭگۈ شۈكرانىم تولا

ماڭلىيىمدا دەۋر پۈتكەن ئىشقىي داستانىم تولا،
بىر ئۇقۇپ ھەيرەتتە قالدىم، چۈنكى ھىجرانىم تولا.

بۇ "نېچۈك قىسمەت؟"دېدىم مەن، كۆككە باقتىم تېڭىرقاپ،
كۆك جاۋاب ئېيتالمىدى، ئىزدەنسىمۇ، جانىم، تولا.

بولدى پەرھاد بىرلە مەجنۇن بۇ سوئالىمغا جاۋاب،
ئىشق ئەھلى قىسمىتىدىن ئاشتى ھەيرانىم تولا.

تاكى بايقۇش جۇپتى بىرلەن ئەيش-ئىشرەتتە ھامان،
باغرى خۇن كاككۇك ئۈچۈن ئۆرتەندى ۋىجدانىم تولا.

قاغا-قۇزغۇن بىخەۋەردۇر دەرد نېمە، ئارمان نېمە،
ھەر نەپەس ئارماندا بۇلبۇل تاشتى، ئارمانىم تولا.

قاغىدەك بىدەرد ياشاشتىن دەردتە ئۆلمەكلىك تۈزۈك،
"چىن يۈرەك دەرد بىرلە ياشنار" دەيدۇ ئىمانىم تولا.

مەيلى ھىجران، مەيلى ۋەسل، مەڭگۈلۈكتۇر بىر كۆيۈك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

شۇ كۆيۈكسىز بولسا جان، جاندىن پۇشايمانىم تولا.

كۈپرىغا يول قويما، مىسكىن، ھىجرىمۇ نېسىۋىدۇر،
قىسمىتىم شۇ بولسا ئەمدى، مەڭگۈ شۈكرانىم تولا.

1968-يىل مارت، ئۈرۈمچى

## شائىر دوستۇمغا

(مۇۋەششەھ)

يىلىنجاپ يانمىسا دانكو يۈرەكى قارا ئورماندا،
نېچۈكمۇ يول تاپاتتى ئەل پايانسىز شۇ شەبستاندا.

ئامانەت تۇرغۇچە بۇ جان شۇ چاغلىق تەندە ملك بىقسىپ،
جاراڭلاپ ۋايىگە يەتسۇن كۈرەشچان كەڭرى مەيداندا.

لەئلى-ياقۇتقا كىم خۇشتار ئىدى ئۇ چىقمىسا تاشتىن،
ۋەتەننىڭ بەختىگە ياڭرات كۆيۈكنى دەۋرى-دەۋراندا.

قاناتلان جەڭگىۋار سەپكە، ئەمەستۇر ئارزۇ شۆھرەت،
تۆكۈلسە ئۈنچىدەك تەرلەر ئېچىلغاي گۈل تىيانشاندا.

ئېگىلمەس قامىتى بىرلە ئۇلۇغۋار تاغدىكى قارىغاي،
سوقۇپ تۇرغان بىلەن چاپقۇن ئۈنى دەھشەت زىمىستاندا.

نە ياڭلىغ بەخت ئىدى بىللە نەۋائىي ۋارىسى بولماق،

يېزىپ بۇلبۇل تىلى بىرلە غەزەللەر باھارىستاندا.

1968-يىل 3-مارت، ئۈرۈمچى

## مەي بولمىدى

ۋادەرىخ، غەمكىن كۆڭۈلنى ئاچقىلى مەي بولمىدى،
غەمگۇزار بىر دوست بىلەن مۇڭداشقىلى مەي بولمىدى.

كىمگە ئېيتاي دەردلىرىمنى يىغلا-يىغلا قانغۇچە،
دەردكە ئورتاق دوست بىلەن دەردلەشكىلى مەي بولمىدى.

ھەر كۈنى دەۋران مېنىڭ كۆڭلۈمگە چەگدى بىر تۈگۈن،
شۇ قارا، سىرلىق تۈگۈننى يەشكىلى مەي بولمىدى.

يارىسىز، مەيسىز بۇ كۈننىڭ كېچىدىن نېم پەرقى بار؟
بۇ قاراڭغۇ كۆلبىگە نۇر چاچقىلى مەي بولمىدى.

ئۆلدى روھ، سۇندى كۆڭۈل، يەرگە كۆمۈلدى ھۆر پىكىر،
بۇ سۇنۇق كۆڭلۈمنى بىر ياشناتقىلى مەي بولمىدى.

بىر قەدەھ مەي تاپسا مىسكىن، ئىچمەس ئېردى يارىسىز،
بولسا بىر يار بەختىمە، سىرداشقىلى مەي بولمىدى.

1968-يىل 1-ماي، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## فۇرقەتكە مۇشائىرە

غېمى جانان، دېغى تۇگەتتى ياش باھارىمنى،
مېنى كىم كۆرسە پەرق ئەتمەس خازاندىن لالىزارىمنى.

ئاقار سەل ئورنىدا ياشىم، غېرىب بولدى ئەزىز باشىم،
ماڭا تار ئەيلىدى چۈنكى بۇ دەۋران ئۆز دىيارىمنى.

يۈرەك يارە، جىگەر پارە، ئەجەب بىچارىدۇر ھالىم،
ۋاپادار غەمگۈزارىم يوق ئېشتىمەككە بۇ زارىمنى.

تۈگەيتتى دەردۇ ئارمانىم كۆڭۈلدە سۈبھى كۈلگەندەك،
پۈتۈن ئۆمرۈمدە بىر كۆرسەم ئول ئاي يۈزلۈك نىگارىمنى.

جۇدالىق دەشتىدە ئۆلسەم توشۇپ فۇرقەتتە پەيمانىم،
نىگارىم ئىزدىسە، قايدىن تاپۇر مىسكىن مازارىمنى.

1968-يىل 3-ماي، ئۈرۈمچى

## كۆز كېچىسى

زىندانىنىڭ ئىچىدەك قاراڭغۇ كېچە...
ھۇۋۇلايدۇ ئىزغىرىن قۇترىغان بوران.
ئېگىلىپ دەرەخلەر، سۇنىدۇ شاخلار،

ئۈچىدۇ سارغايغان ياپراقلار ھەريان.

گۈركىرەپ ماشىنا، دىرىلدىدى تام،
ئاچقۇچە ئۆلگۈرمەي سۇندى دەرۋازا.
كىرىشتى باستۇرۇپ بىر توپ "ئىسيانچى"،
چىراغنى پاقىراق قالپاق ۋە نەيزە.

تىك تۇردى ئورنىدىن يېرىم كىيىنىپ،
بۇ دەھشەت ئالدىدا تېڭىرقاپ ھېيتەم.
دالاندا ئانىسى ياپراقتەك تىترەر،
يېنىدا ئېغىر بوي خوتۇنى پاتەم.

بىردەمدە ئۆيىچى قىلىندى پايمال،
چېقىلدى ھەتتاكى گۈل تەشتەكلىرى.
تېگىپ مۇشت ھېيتەمنىڭ ئېغىز-بۇرنىغا،
بويالدى قىزىلغا يەڭ-ئېتەكلىرى.

دەھشەتكە چىدىماي ئېسىلدى پاتەم،
قوشۇلدى ھەم ئانا، كۆزلىرىدە ياش.
دېدى ئۇ:"باللىرىم، نېمە قىلىق بۇ،
ئەمەسمۇ ھەممىڭلار بىر دوست-قېرىنداش؟

گۇڭچەنداڭ ئەزاسى دەپ ماختاش ئۇنى،
دەيتتىڭلار ئەمەسمۇ ياخشى بىر يولداش.
شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كەتتىمۇ دۇنيا،
بۇ نېمە كارامەت، بۇ نېمە تالاش؟"

ۋە لېكىن باغلىشىپ ھېيتەمنى ئۇلار،

مېڭىشتى سۆرىشىپ پىسەنت قىلىشماي.
يېپىشتى ھېيتەمگە پاتەملەرمۇ تەڭ،
سۆرىلىپ ئۇلاردىن بىرمۇ قېلىشماي.

شۇ چاغدا بىر جاللات تەپتى پاتەمنى،
يىقىلدى ئۇ بېرىپ ئورەك ئىچىگە.
گۈرۈلدەپ ماشىنا ۋەھىمە بىلەن
دەھشەتنى ئون قىلىپ، قوشۇپ كېچىگە.

ئورەكتىن ئاڭلىنار يىغا ئاۋازى،
بىر مەسۇم بوۋاقنىڭ يېرىم جان ئۈنى.
كۆزى ياش، پەرىشان ئانا يۈگرەيدۇ،
بىر ياندا پاتەمنىڭ ئىڭرىغان ئۈنى...

زىندانىنىڭ ئىچىدەك قاراڭغۇ كېچە
ئالەمگە يايماقتا دەھشەتلىك قانات.
نېمىكىن ئاقىۋەت، نېم بولار زامان؟
نېمە كۈن كۆرەركىن يەنە بۇ ھايات؟

1968-يىل 1-نويابىر، ئۈرۈمچى

## ئىت ئۆرەر، كارۋان يۆرەر

"ئىت ئۆرەر، كارۋان يۆرەر، قايتماس ئىزدىن ئارسلان"،
بىلسە ئادەم، بۇ ئۆمۈرنىڭ ھەر كۈنى بىر ئىمتىھان.

مەيلى ئىتلار هاۋشىسۇن، چاقسۇن يەنە هەرە، پاشا،
بول ۋاپا، ۋىجدان بىغدا مەڭگۈ بىدار باغبان.

تەنە ــ تۆهمەتتىن خالىي بولماي ئۆتتى تا لوقمان هېكىم،
هەممىسى بىتتى، لېكىن قالدى هېكىمدىن نام-نىشان.

بىر ماقال باردۇر: "كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس"ئىمىش،
يولچىغا مەنزىل توشامدۇ بولسا يۈزلەپ مۇز داۋان.

مەيلى چىقسۇن بورىنى، ياغسۇن ۋە هەتتا مۆلدۈرى،
كەل نىگار، ۋەتەن بېغىغا تەڭ بولايلى پاسىبان!

1968-يىل 20-ئىيۇن، ئۈرۈمچى

## يالقىن غەزىلىگە مۇخەممەس

شۇڭقارىم قولدىن ئۇچۇپ بولدى نىهان، ئىستەر كۆڭۈل،
ئاختۇرۇپ ئالەم ئارا نامۇ نىشان ئىستەر كۆڭۈل،
بولمىغاچ ئۇندىن دېرەك، گەرچە هامان ئىستەر كۆڭۈل،
كۆپ ئازاب چەكتى بۇ جان، ئارامى جان ئىستەر كۆڭۈل،
تار كۆرۈندى بۇ جاهان، ئۆزگە جاهان ئىستەر كۆڭۈل.

سوۋغىتىڭ شۇ بولدى، ئەي چەرخ، جاندىن ئۆتتى ئەلىمىڭ،
پۈتمىدى زۇلمۇ تەئەددىدىن بۆلەكنى قەلىمىڭ،
ئەلگە ئاپەت بولدى باسقان بۇ سېنىڭ هەر قەدىمىڭ،
يار ۋە دوستلارنىڭ مازارىدىن ئىبارەت ئالىمىڭ،

ئەقرەبالار ياندىن بىر ماكان ئىستەر كۆڭۈل.

تار قەپەس دەپ توختىماس بۇلبۇل پىغاندىن ھېچقاچان،
بەلكى مىڭ ئاشقاي پىغانى بولسا مەھكۇملۇق ئايان،
چۈنكى ھىجران قايغۇسى قويماس ئۇنى بىردەم ئامان،
گەرچە جىسمىم تۇتقۇن، ئەمما قەلبىم ئىسياندا ھامان،
قەلبىمۇ زەبت ئەتكۇدەك ساھىبقىران ئىستەر كۆڭۈل.

ئىستىدىم مەن يازۇ قىش، ئىستىگىنىم بۇيرۇلمىدى،
چۆرگىلەپ تۇرغان بۇ چەرخ بەختىمگە بىر چۆرگۈلمىدى،
ئالدىدى بەلكى ھەمىشە، مەن تەرەپ ئۆررۇلمىدى،
مەن ئۈمىد قىلغان باھارۇ گۈل ۋە رەيھان شولمىدى،
تۆت بۇلۇت قەھرىڭنىكىم، ۋاقتى خازان ئىستەر كۆڭلۈم.

نەدىدۇر ھېچ بىلمىدىم، كۆڭلۈمنى بەند قىلغان مەلەك،
ئىش بولۇرمۇ تاپمىسام ئۇندىن ئەقەللىي بىر دېرەك،
شۇ يوسۇن سولغايمۇ باغدا ھېچ ئېچىلماي گۈل-چېچەك،
كۆرمىشىم شۇ بولسا تەقدىردىن ھەمىشە، ئەي پەلەك،
بەس، تۇگەت دەۋرىڭنىكىم، ئاخىر زامان ئىستەر كۆڭۈل.

ياق، ئۈمىدسىز بولسا ئادەم، زاتى شەيتاندۇر يەنە،
ھەر قارا تۈننىڭ ئاخىرى شۇبھىسىز تاڭدۇر يەنە،
تۆكمە، قوي ياشىڭنى، مىسكىن، روھنى جانلاندۇر يەنە،
ھېچ ئۈمىدسىزلەنمە، يالقىن، يان يەنە، ياندۇر يەنە،
ئۆت سىناقتىن تاۋلىنىپ، چوڭ ئىمتىھان ئىستەر كۆڭۈل.

1968-يىل ئىيۇل، ئۈرۈمچى

## مۇختەمىلات

(نەۋائىيغا نەزىرە)

كۆيمەي جىسمىم، نە بولۇر جانغا ئوتلار يېقىلسا،
نە ئەجەبكىم، غەم يۈكى قەددىم ئېگىپ يىقىلسا.
مىڭ بىر كۆيۈك مىڭ ئۆلۈپ تەندە جانىم قالغۇچە،
كاشكى دىلبەر مەڭزىگە مەڭزىم بىردەم يېقىلسا.

1969-يىل ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

## غەزەل

كۆپەيدى دۈشمىنىم دەپ ھەرگىز كۆڭۈلنى غۇبار قىلما،
مېنىڭ ئىچ دۈشمىنىم يوق دەپمۇ ھەرگىز ئېپتىخار قىلما.

ئەگەرچە بولمىسا دۈشمەن، نېمە قەدرى بولۇر دوستىڭ،
ھاياتنىڭ مەنزىلى شۇنداق، بۇڭا كۆپ ئېتىبار قىلما.

تەپەككۇر ئەيلىسەڭ بىردەم، بىلۇرسەن سىرى ھېكمەتنى،
جاھاندا بىرمۇ دۈشمەنسىز ئۆتۈشنى سەن شوئار قىلما.

چاياندىن ئېھتىيات قىلماس ئىدىڭ ئۇ چاقمىسا ئەلنى،
دېمەك ھوشيار قىلۇر دۈشمەن، سەن ھەم غەپلەتنى يار قىلما.

www.uyghurkitap.com

ۋە بەزەن دوستلىرىڭ ياپقان ئەيىبىڭنى ئاچۇر دۈشمەن،
بۇ ھەم بىر ياخشى پۇرسەتتۇر، ئۇنى كۆرمەكنى ئار قىلما.

مالامەت، تەنە، تۆھمەتنى بېشىڭغا ياغدۇرار بولسا،
ساۋاق ئال،ھەممىدىن بىر-بىر، قېچىشنى ئىختىيار قىلما.

ئەقىلسىز، تەلۋە دوستلاردىن زىيادە دۈشمەن ئىمىش ياخشى،
كۆپەيدى دۈشمىنىم دەپ، مىسكىن، كۆڭلۈڭنى غۇبار قىلما.

1969-يىل 2-سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

## نەۋائىي غەزىلىگە مۇخەممەس

سايىدەك ئەگەشتى ھىجران باغلىنىپ نامىم بىلە،
بىر سۆيۈنسەم نىم بولاتتى ۋەسلى ئەييامىم بىلە،
شۇنچە يىللار كۈيلىسەمۇ زەۋقى ئىلھامىم بىلە،
بىر قەدەھ مەي ئىچمەدىم سەرۋى گۈلئەندامىم بىلە،
بىر نەفەس ئۆيرۈلمەدى دەۋران مېنىڭ كامىم بىلە.

مەنمۇ غەمسىز ياش، گۆدەك بولدۇم ئېسىمدە بىر زامان،
ئەمدى مەندەك مۇپتىلانى ھېچ تاپالمايدۇ جاھان،
مەي شىپا بولغاي دېدى، مەن مەيپەرەس بولدۇم شۇ ئان،
ھەر مەيىكىم ئانىسىز ئىچتىم تاپقىلى غەمدىن ئامان،
زەھرى غەم گويا ئېزىلمىش ئېردى ئول جامىم بىلە.

دەر ئىمىش بۇلبۇل سەھەردە: "مەن گۈلۈم ئارمانىدا"،
قانچىلىك ئارمان ماڭا، تۇرسا ئۆزى گۈل يانىدا.
بىر كۆرەلمەي يار يۈزىنى قان يۇتۇپ ئەفغانىدا،
تۈنگە يەتمەس كۈننى ئۆتكۈزدۈم ئۆلۈپ ھىجرانىدا،
كۈنگە يەتمەيمەنۇ ۋەھ بۇ سۈبھى يوق شامىم بىلە.

مەيلى دەر پەرۋانە ئەلۋەت، قانچە كۆيدۈرسە چىراق،
كەتمىگەي يار سۈرىتى ھەرگىز خىيالىمدىن يىراق،
بىر كۆڭۈلگە سىغماس ئېركەن ئىككى يار، ئىككى پىراق،
كۆڭلۈم ئىچرە يار غېمى، كۇفىر ئىچرە ئۆلسەم ياخشىراق،
ئەھلى زۇھد ئالدىدا بارغۇچە بۇ ئىسلامىم بىلە.

يەنە كۆيدۈرگەي پىراق، مەنمۇ كۆيەي ھېچ ئۆچمەندىن،
ھەر سابا ئۈمىد بىلەن ئۆزگە خىيالغا كۆچمەيىن،
ئۆلمىگەي مىسكىن لېكىن ۋىسال كۈننى قۇچمايىن،
ئى نەۋائىي، ئۆلسەم ئارمان ئىلتىكۈمدۇر ئىچمەيىن،
بىر سۇبۇھى گۈل ئۇزارى بادە ئاشامىم بىلە.

1969-يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى

## باھار ۋەسلىگە مۇشتاقلىق

چىراغ ئوتىدا پەرۋانە كۆيەر مەردانە-مەردانە،
گۈزەل ۋەسلىڭگە، ئەي دىلبەر، بولاي قۇربانە-قۇربانە،
كۈلۈپ كەلگەندىلىك بىر چاغ، يېتىپ ۋەسلىڭگە گۈلشەن باغ،
قايان كەتتى ئاشۇ كۈنلەر، كۈنۈم سەرسانە-سەرسانە.

www.uyghurkitap.com

پىراقىڭدا بولۇپ مەجنۇن، يانارمەن شەمئدەك ھەر تۈن،
ئېزىپ جىسمىم، ئاقار كۆزدىن يېشىم دۇردانە-دۇردانە.
ساچىم بەلدە، ھاسام قولدا، بۇ نۇرسىز كۆزلىرىم يولدا،
كىشى كۆرسە بۇ ھالىمنى، بولۇر ھەيرانە-ھەيرانە.
گۈزەل ھۆسنۈڭنى بىر كۆرەي، ئاياغىڭدا بېشىم قويماي،
ئۆتەرمۇ ئۆشبۇ ھەسرەتتە ئۆمۈر غەمخانە-غەمخانە؟
يېنىپ كەلسەڭ يەنە باغقا، قونۇپ بۇلبۇل كەبى شاخقا،
تاماشا ئەيلىسەم بىردەم يۈرۈپ سەيلانە-سەيلانە.
جامالىڭ نۇرىلە بىردەم مۇنەۋۋەر ئەيلىسەڭ كۆلبەم،
سائادەت شۇ ئىدى مەڭگۈ ماڭا يېگانە-يېگانە.
قۇياش يۈزىگە كىر قونماس، ئۈمىدىنىڭ قانىتى سۇنماس،
يولۇڭدىن نائۈمىد بولماق ماڭا بىگانە-بىگانە.
نەۋائىي ئىزىدىن مىسكىن كۆرەي دەپ مەيدە يار ئەكسىن،
ئېلىپ قولغا ساپالنى كېزەر مەيخانە-مەيخانە.

1970-يىل 30-مارت، ئۈرۈمچى

## يانغۇسى تاڭ مەشئىلى

قىلدى ئەپسۇن بۇ قارا تۈن يارنى كۆپ ئۇخلاتقىلى،
يوقمۇ تاڭ توخۇلىرى چىللاپ ئۇنى ئويغاتقىلى؟
تاڭ كەبى پارلاق يۈزىگە ئاشىق مۇشتاقلىق، نېتەي،
بۇ بۇلۇتنى قايىتىدىن يوقمۇ بوران تارقاتقىلى؟
سۇمبۇلى رەيھان پۇراقىقا شۇنچە تەشنا بۇ دىماغ،
بىر سابا ئەسسە، نە بولغاي زۈلپىنى ئويناتقىلى؟

بىر كۈنۈمچە بولمىدى لوقمان ھېكىمنىڭ سەرۋىسى،
ئەمدى قانچە سەۋر قالدى ئىنتىزارلىق تارتقىلى؟
ۋادەرىخا، ئۈزدىمۇ يار ياكى مەندىن مېھرىنى،
يوقمۇ بىر سۆيگۈ دۇئاسى مېھرىنى قوزغاتقىلى؟
بولما، مىسكىن، نائۈمىد، تۈنمۇ تۈگەيدۇ بىر كۈنى،
يانغۇسى تاڭ مەشئىلى زۇلمەتكە ئوتلار ياققىلى؟

1970-يىل 12-ئىيۇل، ئۈرۈمچى

## ئەسسە گۈل باغدىن سابا

تاڭ سەھەر ئەسسە بېغىڭدىن خۇش پۇراقلىق بىر سابا،
تەلمۈرۈرمەن مۇنتەرىز ئىستەپ سېنى، ئەي دىلرەبا.
دىلرەبا ھۆسنۈڭنى كاشكى كۆرمىسەم ئېردى شۇ كۈن،
قىلماس ئېردىم بۇ جېنىمنى مۇنچە دەردكە مۇپتىلا.
مۇپتىلا بولغان كىشى قالماس مېنىڭدەك بىنېسىپ،
ساڭا بولغان مۇپتىلالىق ماڭا بولدى بىر بالا.
نې بالالار كەلدى باشقا، يەتتى سەۋرىم ھەممىگە،
ئەمدى سەۋرىم بىتتى، بولدۇم مەن غېمىڭدىن بىناۋا.
بىناۋا بولغان كىشىگە قىلمىساڭ لۇتفۇكەرەم،
ئىشق ئەھلى مەزھىپىگە بۇ نېچۈك بولغاي راۋا؟
ئۈزمىدى ئۈمىدنى لېكىن بۇ سۇنۇق، مىسكىن كۆڭۈل
كەلگۈسى ياردىن خەۋەر دەپ، ئەسسە گۈل باغدىن سابا.

1971-يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## گۈل ئەمەسكەن ياشلىقىم

(خەلق ناخشىلىرىغا نەزىرە)

گۈل ئەمەسكەن ياشلىقىم تۇزسا يەنە ئاچىلغىلى،
ياكى كۆزدە تۈرنىدەك كەتسە، باھاردا يانغىلى.
ئۆچتى-كەتتى قۇش كەبى، ئارماندا قالدىم ھەسرەتا،
ئەمدى مىڭ-مىڭ قاقشىسام، ئىندەككە كەلمەس ھېچ يولى.
ئېمىدىگەن قىسقا ئۆمۈرنىڭ تاڭلىرى، گۈل چاغلىرى،
كەلدى باشلاپ قار-بورانىنى ئەنە كەچ كۈز شامىلى.
كۆز يۇمۇپ-ئاچقۇنچە چۆشتى ساقال-چاچىمغا قىرو،
ئەمدى ھەرگىز سايرىماس بۇ باغدا كۆكلەم بۇلبۇلى.
گەر نېسىپ بولسا ماڭا ئابىھاياتتىن بىر قەدەھ،
نە كېرەك ئىچمەك ئۇنى سولغاندا ياشلىق سۇمبۇلى.
ساقىيا، جامىڭنى تۇت، غەمدىن بولاي بىردەم خالاس،
كەلگۈچە مىسكىن جېنىمغا سوغ ئەجەلنىڭ سىگنالى.

1971-يىل 5-نويابىر، ئۈرۈمچى

## ئىچەي قەشقەر شارابىدىن

قاچانكىم ئاڭلىدىم بىر كۈي گۈزەل قەشقەر راۋابىدىن،
كۆڭۈلگە چۈشتى بىر سەۋدا ئۇنىڭ ئوتلۇق خىتابىدىن.

ساقالىم چۈشتى كۆكسۈمگە، ھامان سەۋدالىقىم سەۋدا،
تاپالماي بىر نىشان ئەپسۇس شىپاھى ۋەسلى بابىدىن.
تەئەججۈپ ئەيلىمەڭ دوستلار، كۆزۈمدىن ئاقسا دەريالار،
ئېرۇر ئەلۋەتتە قارلىق تاغ تومۇزنىڭ ئاپتابىدىن.
جاھاندا كۆلمىدىم بىردەم، ھەمىشە ھەمراھىم قايغۇ،
تېگەر باشىمغا مىڭ توقماق يەنە دەۋران ئىتابىدىن.
نېتەيكىم ھىجرى دەشتىدە ئاداشقان تەلۋە مەجنۇنمەن،
نېسىۋەم يوقمۇ مەنزىلگاھ يېزىلغان يول كىتابىدىن.
كۆكەرمەس تاغدىكى ئارچا بۇلۇتلار تۆكمىسە تامچە،
سولۇپ توزغايمۇ گۈل-غۇنچە بۇ تەشنالىق ئازابىدىن.
ئۇزات ساقىي پىيالەڭنى، ئەجەبمۇ چاڭقىدى مىسكىن،
ئېچىپ تەشنالىقى قانسۇن ئەزىز قەشقەر شارابىدىن.

1971-يىلى 8-دېكابىر، ئۈرۈمچى

## بابۇر غەزىلىگە مۇشائىرە

كۆرمىدىڭ سەن، ئەي كۆڭۈل، ئارامى جاندىن ياخشىلىق،
ئەمدى قانداق كۈتكۈلۈك ئەھلى زاماندىن ياخشىلىق!
ياخشىغا قويغان ئەقىدە ھاسىلى بولسا جاپا،
نە ئەجەبكىم، كەلمىسە ھەرگىز ياماندىن ياخشىلىق.
بىر يامان مىڭ بىر يامانلىق قىلسا جانغا نە ئەجەب،
بەك ئەجەب بىر ئىش بولار كەلسە چاياندىن ياخشىلىق.
ۋاھ، لېكىن ئات تەپسىمۇ، بۆرە ئەمەستۇر زاتىدىن،
گەر يامان ئۇچسا پەلەككە ھەم، كۈتمە ئاندىن ياخشىلىق.
ياخشىدىن كەلسە يامانلىق ھەم، ئاڭا قىل ياخشىلىق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

يانمىسا ئاندىن ساڭا، يانغاي پالاندىن ياخشىلىق.
ئىستە، ئۆتكۈر، ياخشىلىقنى بارچە ئەۋلاد بەختىگە،
كۆرمىسەڭ ھېچ گەپ ئەمەس ئەھلى جاھاندىن ياخشىلىق.

1971-يىل 1-مارت، ئۈرۈمچى

## ئاق ئەمەس ساچىمدىكى...

ئاق ئەمەس ساچىمدىكى، يىللار توزانى دەپ بىلىڭ،
سارغىيىپ كەتكەن يۈزۈمنى كۈز خازانى دەپ بىلىڭ.
قانچە نۇرغۇن، قانچە چوڭقۇر بولسا ماڭلاي قورۇقۇم،
دەردۇ كۈلپەت دەۋرىنىڭ روشەن بايانى دەپ بىلىڭ.
خۇددى يۈلتۈزدەك پىلىلداپ، ياشلىنىپ يانسا كۆزۈم،
دىلدا ئارمان تاشقىنىنىڭ نام-نىشانى دەپ بىلىڭ.
ئاھ دېسەم، بوران مىسالى گۈركىرەپ چىقسا ئۈنۈم،
مۇپتىلالىق دەردىدىن تاشقان پىغانى دەپ بىلىڭ.
تاكى جىسمىمغا يېپىشتى سۆيگۈ يالقۇنى پۈتۈن،
ئەمدى بۇ جىسمىمنى بىر ئاتەش ماكانى دەپ بىلىڭ.
ھىجرى بولدى باشلىنىش، كىممۇ يازاركىن خاتىمەن،
بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمنى غەم-قايغۇ داستانى دەپ بىلىڭ.
قانچە پەرھاد كۆڭلىرىنى كۆرسە مىسكىن ئەل ئۈچۈن،
بۇ ئاڭا دەۋران ئىشىنىڭ ئىمتىھانى دەپ بىلىڭ.

1972-يىل 3-مارت، ئۈرۈمچى

# تېپىلماس

قەسەم بىللا، سېنىڭدەك يارۇ جانان تېپىلماس،
ۋەسلىڭ ئۈچۈن مېنىڭدەك شەيدايى جان تېپىلماس.
ئۇجماق نېمە، ھۆر نېمە، قۇياش نېمە، ئاي نېمە،
ئالەم ئارا سېنىڭدەك ھۆسنى سۇلتان تېپىلماس.
مۈلكى جاھان تەختىدە بولسا شاھى سۇلايمان،
باسقان ئىزىڭ خاكىچە مۈلكى جاھان تېپىلماس.
غەم يۈكىدىن پۈكۈلگەن، دەھر ئوقىدىن تېشىلگەن،
مېنىڭ نىمجان تېنىمگە سەنچە لوقمان تېپىلماس.
ئۆلگەننى تىرىلدۈرگەن بولسا مەسىھ ئۇ زامان،
ئەمدى جانغا سېنىڭدەك ئارامى جان تېپىلماس.
ماڭا ئۈمىد، كۈچ-قۇۋۋەت، ئىشەنچ بېرۇر خىيالىڭ،
سەنسىز مەھزۇن دىلىمغا ھەرگىز دەرمان تېپىلماس.
قەسەم بىللا، مىسكىن جان جاھان تاپماس سېنىڭسىز،
جاھان نېمە، جان نېمە، سەنچە جانان تېپىلماس.

1972-يىل 1-ئىيۇن، ئۈرۈمچى

# قىتئەلەر

1

يا كۈچۈڭ بولسۇن بىلەكتە، يا قورساقتا ھۈنىرىڭ،
يا ئىلىم ئەھلى بول ياكى بولسۇن زەرلىرىڭ.

تەگمىسە تۆتىنىڭ بىرىدىن ئادىمىيلىك بىر ئۇلۇش،
مەن ئادەم دەپ يۈرگىنىڭدىن ياخشىراقتۇر ئۆلگىنىڭ.

2

تەلمۈرۈپ تۇرساڭ قەپەستە كۆندە تەييار داننى يەپ،
ئاخىرى پەرۋازىدىن قالغاي قاناتۇ پەرلىرىڭ.
شاھمۇ سەن، سۇلتانمۇ سەن، بولسا بىمىننەت ئاش-نېنىڭ،
تۆكمەس خەزىنىدۇر ئۇ تامچە-تامچە تەرلىرىڭ.

3

قاغا-قۇزغۇن، سېغىزخان قۇرسا جەمشىت بەزمىنى،
بۇلبۇل ئۇچۇن سۈكۈتتە جايى خىلۋەت غەنىيمەت.
ھەقىرلىنىپ كۈندە مىڭ ئۆلۈپ تىرىك يۈرگۈنچە،
مەرد مەيداندا ئۆلمەككە يەتسە نۆۋەت غەنىيمەت.

4

بۇلۇتلار قونسىمۇ، بوغدا كۆمۈلمەس چاڭ-توزانغا،
شەپەقتە تاۋلىنىپ ھەر تاڭ، سۈرەر ئۆمرىنى مىڭ دەۋران.
ئۇدۇم بوپقالدى كۆكلۈمدە مۇھەببەت ئەھلىگە ھېرىسلىك،
بوۋام ئىچكەندى چۈنكى بۇ جامنى تولدۇرۇپ چەندان،
ئاقار ئېرتىش سۈيى بىر كۈن كۆمۈشتەك يالتىراپ ئەركىن،
ۋىسال مەۋجىدە مىسكىنمۇ بىلىقتەك قىلغۇسى جەۋلان.

1947-يىل 2-مارت، ئۈرۈمچى

## كېرەك بولسا

كۆيۈكنى دىلغا جا ئەيلە، ساڭا دىلدار كېرەك بولسا،
ۋاپا لەۋزىنى ۋىجدان بىل، ۋاپادار يار كېرەك بولسا.
ناۋاكەش بۇلبۇلى شەيدا كەبى باغرىڭنى قان ئەيلە،
مۇراد-مەقسەت گۈلى كۈلگەن گۈلى گۈلزار كېرەك بولسا.
تىكەننىڭ رەنجىدىن قورققان كىرەلمەس بۇ چىمەن ئىچرە،
جاپانى جانغا راھەت بىل، ساڭا دىدار كېرەك بولسا.
جاپا مەڭگۈ ئەمەس ھەرگىز ئەقدە ساقلىسا ئاشىق،
ئۈمىدنى رەھنەما قىلغىن، ئەگەر سەردار كېرەك بولسا.
كۆرۈك، بۇلبۇل كېچە يىغلاپ تاڭ ئاتتى، گۈل يۈزىن كۆردى،
بۇنىڭدىن ياخشى ئۆرنەك يوق، يەنە بىسيار كېرەك بولسا.
لېكىن دوراش بىلەن تۈتى بولالماس ھېچقاچان بۇلبۇل،
ئېلىك بۇ تۈندىن ئىبرەت، نومۇسۇ ئار كېرەك بولسا.
جۇنۇن سەھراسى گەر چەكسىز، ھەقىقەت مەنزىلى روشەن،
ئېلىڭنىڭ ئىشقىنى كۈيلە، ساڭا ئەشئار كېرەك بولسا.

1977-يىل 8-ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

## غەنىيمەت

ئۈزات ساقيي قەدەھنى، كەلدى پۇرسەت، غەنىيمەت،
قەدىرشۇناس دوست بىلەن بىردەم سۆھبەت غەنىيمەت.
تۈنۈگۈنكى يارانلار قاراپ باقسالڭ بۈگۈن يوق،
بىلسە دوستلار ئۆزىنى، قەدىر-قىممەت غەنىيمەت.
نوھ ئۆمرىگە باقا يوق، ئىسكەندەرمۇ ياش كەتتى،

"ئۆتكەن ئۆمۈر-ئاتقان ئوق"، مىنۇت-سائەت غەنىيمەت.
نې خاقانلار قالمىدى، ئىبن سىنا ئۆلمىدى،
ئىز قالغۇدەك بىر ئىشقا سىڭگەن مېھنەت غەنىيمەت.
"ئەجدىھاسىز خەزنە يوق، گۈل ئېچىلماس خارىسىز"،
چەكسە ئاشىق يار ئۈچۈن قانچە كۈلپەت، غەنىيمەت.
ھەر ئىرادە ساھىبى قازسا قۇدۇق يىڭنىدە،
ئىچۈر ئاخىر سۈيىنى، دېمەك ھىممەت غەنىيمەت.
مىسكىن ئېيتۇر: "يالتىراق ساختا شۆھرەت نە كېرەك؟"
غۇربەت ئىچرە يۇرسەڭمۇ، ئەلگە خىزمەت غەنىيمەت.

1978-يىل 3-فېۋرال، ئۈرۈمچى

## ياخشى

تىرىكتاپ قاغا-قۇزغۇنغا جاھانسىزلىق، ھاۋا ياخشى،
سەھەر گۈلشەندە بۇلبۇلغا ياقا يىرتىپ ناۋا ياخشى.
كېرەكمەس يالتىراق شۆھرەت بىلەن مەستانە غاپىللار،
ۋەتەننىڭ دەردىگە دەرمان جاپاكەش ئاشنا ياخشى.
تېگىشمەس جەندىنى ئاشىق ياقاسى زەر تاۋار تونغان،
كى دىلبەر ۋەسلىدە سەرسان قەلەندەرگە گۇلا ياخشى.
قەسەم بىللا، تەمەيىم يوق بەھەيۋەت قەسرۇ زىننەتتىن،
پېشانەم تەردىن پۈتكەن بىمىننەت بورىيا ياخشى.
مېنىڭ تاجسىز ساياق باشىم ئۆزۈمگە تاجى دۆلەتتۇر،
ئەركسىز پادىشاھلىقتىن جاھانكەشتى گادا ياخشى.
نەھاجەت جەننەتۇل-مەئۋا، ۋەتەننىڭ قوينى بىر جەننەت،
بېلىق دەريادا ئەركىندۇر، لاچىنغا كەڭ ساما ياخشى.

مالامەت يەتسىمۇ بەزەن دىلىمغا ئۆز دىيارىمدا،
بوسۇقتىن دالجىماس ئىتتەك ماڭا ئەھدۇ ۋاپا ياخشى.

1979-يىل 3-سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

## ياڭرات ۋەتەن مۇقامىنى

ئەي سازىم، سازلان بۈگۈن، سازلان يەنە سەن ياخشىراق،
تۈغسا چولپان، كۈلسە گۈلشەن، مەن نېچۈن ئېيتماي قوشاق!
ياق ئەنە كۈلمەكتە بوغدا، مەڭزىدە گۈل جىلۋىسى،
ھەر سەھەر ئالتۇن شەپەقتىن چېچىلىپ سانسىز باشاق.
تاڭ بىلەن چىللاپ گۈدۈك كەلگۈسىدىن ئېيتسا خەۋەر،
خۇشلۇقۇڭ سىغماس تېنىڭگە، گېپىڭگە سالساڭ قۇلاق.
قوش ئۈنۈڭنى ئەل كۈيىگە، بول دېڭىزنىڭ تامچىسى،
شارقىراپ ئاققايمۇ دەريا، بولمىسا سانسىز بۇلاق.
خۇش بولار ئانا ۋەتەن، داۋان ئېشىپ ماڭغاندا ئەل،
سوڭغى نارنىڭ بويىندا بولسام ئەگەر بىر قوڭغۇراق.
نەقەدەر زور بەخت ماڭا ئۈزۈن سەپەر مەنزىلىدە،
بىر قاتار مەشئەل ئارا بولالىسام بىر شام-چىراق.
كاشكى جان بىر باغ ئوتتۇنغا ئەرزىسە ئارمان نېمە،
ۋەتىنىم گۈلخانىدا يانسام چاراسلاپ تا ئاداق.
ئەي سازىم، ئەۋجىڭ بىلەن ياڭرات ۋەتەن مۇقامىنى،
ئەمدى تەگمەس ئەل كۈيىنى كۈيلىسەڭ باشقا تاياق.

1979-يىل 10-نويابىر، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تېخى كۆپ ئىمتىھان شۇنچە

سەھەر گۈلشەندە بۇلبۇلنىڭ ناۋاسى خۇش، راۋان شۇنچە،
نە خۇشكى، تىڭشىساڭ گاھى يانار ئاھۇ پىغان شۇنچە.
نېچۈن بۇلبۇل پىغانساز دەپ، كىشى تاڭ قالمىغاي ھەرگىز،
ئايانكىم، گۈلمۇ ھەر تاڭدا قىلۇر باغرىنى قان شۇنچە.
تەپەككۇر ئەھلىگە بىر سىر ئەمەس بۇ ئىشق دۇنياسى،
تىكەنلىك مەنزىلى كۆپتۇر، يەنە تاشلىق داۋان شۇنچە.
ھەۋەس باشقا، ئىشق باشقا، ئەمەستۇر سۆيگۈ ئاۋۇنچاق،
كىمكى بولسا چىن ئاشىق، ئاڭا بۇ گەپ ئايان شۇنچە.
ئۆتۈپ يىللار، كۆچۈپ قۇملار، قېرىپ كەتكەندىمۇ دۇنيا،
مۇھەببەت خۇددى ياش قىزدەك سۇرەر دەۋران ھامان شۇنچە.
رىۋايەتتە تۈگۈل، بەلكى ھەقىقىي لەيلى-مەجنۇنلار
يېتىلمەكتە زامانەمدە يەنە مىڭ-مىڭلىغان شۇنچە.
يېرىپ تۈن باغرىنى ھەركۈن شەپەق يايغان كەبى ئاپتاپ،
مۇھەببەت ئەھلى ئاھىدىن قىزارمىشۇر جاھان شۇنچە.
ئادەمزات سۆيگۈ بابىدا ئوقۇپ ئۆتتى ھېسابسىز دەرس،
لېكىن ئاشىق ئۈچۈن تاڭنا تېخى كۆپ ئىمتىھان شۇنچە.
كىمكى باغلىسا مەڭگۈ ۋەتەنگە ئىشقىنى بىشەرت،
نې مۈشكۈل ئىمتىھانلارمۇ بولۇر قەتئىي ئاسان شۇنچە.

1980-يىل 19-مارت، ئۈرۈمچى

# باھار كەلدى

باھار كەلدى، جاھان كۆلدى، كۈلەر مەستانە-مەستانە،
ئېرىپ قار-مۇز، ئاقار ئەگىز، ئاقار دۇردانە-دۇردانە.
باھار كەلدى، ياشاردى چۆل، ياشاردى ھەم ساماۋى كۆل،
بۇقۇلداپ قىردا كەكلىكلەر كېزەر ھەر يانە-ھەر يانە.
بۇلۇتسىز كۆك گويا ئەينەك، ئۇچار كۆكتە قاتار لەگلەك،
نە لەگلەك، بەلكى ئاق قۇلار ئۇچار جەۋلانە-جەۋلانە.
باھار كەلدى، چىمەن كۈلدى، چىمەندە گۈل تۈمەن كۈلدى،
نە گۈلكى، ھەممە جان كۈلدى، كۈلەر جانانە-جانانە.
چېچەكلەر بەرگىدە شەبنەم، قۇياشتا يالتىرار ھەر دەم،
ئېچىلغاچ گۈل، قىزىل مەيگە تولۇر پەيمانە-پەيمانە.
باھار كەلگەچ يېتىپ باغقا، قونۇپ بۇلبۇل كەبى شاخقا،
سەنەمنۇ سەيلىگە چىققى، يۈرۈپ سەيلانە-سەيلانە.
باھار كۈلدى، قۇياش كۈلدى، قۇياشلىق ئەلمۇ خۇش كۈلدى،
رەقىبلەر قان يۇتار ئەمدى، كۆنى ۋەيرانە-ۋەيرانە.
باھار كەلدى، ياشاردى جان، جىرىڭلار قولدا ئالتۇن جام،
بولۇپ ئەل بەختىگە ساقىي، كېزەي مەيخانە-مەيخانە.

1980-يىل 23-مارت، ئۈرۈمچى

# خۇشلۇقۇم

("قۇمۇل ئەدەبىياتى" ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن)

بىر خەۋەر كەلگەچ بۇگۈن تاشلاندى دەپ ئالغا قەدەم،
تەنگە سىغماي خۇشلۇقۇم، ئالدىم شۇئان قولغا قەلەم.

كۆلسە گۈلشەن ئىچرە بىر گۈل نەۋ باھار ئەييامىدا،
نە ئۈچۈن بۇلبۇل بولۇپ سايرىماسمەن ئۇشبۇ دەم.
ئەرزىگەي بۇ كۈن ئۈچۈن بىز ناغرا-سۇناي ياڭرىتىپ،
خۇددى توي تارتقان كەبى ئىپتساق قەدەمدە يارسەنەم.
ئاندا ئاقتاش، مۇندا بوغدا، تاكى قەشقەر ھەم خوتەن،
ئاڭلىسا توي نەغمىسنى ئاپىرىن دەر غۇلجا ھەم.
باس يەنە ئالغا، ئەزىز يۇرتۇم، پويىزدەك ئالغا باس،
چۈللىرىڭمۇ بولغۇسى شۇ يول بىلەن باغى ئېرەم.
گەرچە مەنزىل-يول ئۇزۇن، ئىقبال قۇچاقى كەڭ ھامان،
چۈنكى باغداش ئۈستىگە تىكتى قۇياش ئالتۇن ئەلەم.

1980-يىل 20-ماي، ئۈرۈمچى

## خۇش مۇبارەك بۇ ئىشىك

ژۇرنال چىققاچ تۈنجى رەت قۇمۇل دېگەن نام بىلەن،
تەبرىكلىدىم يىراقتىن شەربەت تولغان جام بىلەن.

خۇش مۇبارەك بۇ ئىشىك، ئەزىز يۇرتۇم گۈل دىيار،
سەنمۇ ياشناپ كۆكلىدىڭ ئەلگە كەلگەچ خۇش باھار.

قۇمۇل دېگەن قەدىم يۇرت، ئاتىقىڭ بار جاھاندا،
تارىخ گۇۋاھ بۇنىڭغا ھەر قاچان، ھەر زاماندا.

"يىپەك يولى" بۇ يەردىن ئايرىلاتتى بىر تارماق،

قاتار-قاتار تۆگىلەر جاراڭلىتىپ قوڭغۇراق.

بۇ يەردىن چىققان كارۋان بويلاپ پامىر، تيانشان،
ئۇزاقلارغا كېتەتتى بېسىپ دەشتۇ باياۋان.

چاڭئەندىن يۈكلەپ تاۋار، خوتەندىن شايى-ئەتلەس،
رۇم ئېلىگە باراتتى، مەنزىل كېزىپ بەسمۇ بەس.

يېنىشدا تۆگىلەر يۈكلەپ ياقۇت، كەھرىۋا،
قىزىتاتتى بازارنى توي كۈنىدەك ھەر سابا.

شۇندا نامىڭ جاھانغا يېيىلغانتى دەممۇ دەم،
ئەزەلدىنلا سەن ئىدىڭ ئەل ئىچىدە مۆھتەرەم.

ئەمدى بۈگۈن تۆگىگە نېمە ھاجەت، نە ئورۇن،
تۆمۈر بۇقا سۆرەيدۇ قىرىق-ئەللىكلەپ ۋاگون.

ئېچىلدى يەرنىڭ سىرى خاڭچى ئەرلەر تەرىدىن،
يېڭى – يېڭى خۇش خەۋەر كېلۇر قۇمۇل شەرىدىن.

ژۇرنال چىقتى دەپ ئاڭلاپ قۇمۇل دېگەن نام بىلەن،
قۇتلاپ سېنىڭ تويۇڭنى شەربەت تولار جام بىلەن.

شەنىگگە قوشاق قاتتىم ئاتاپ ساڭا ئىلھامنى،
قوبۇل قىلغىن، جان يۇرتۇم، بۇ ئەرزىمەس سوۋغامنى.

1980-يىل 31-ماي، ئۈرۈمچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# بۆيلۈق

بىر كۆرۈپ ھۆسنۈڭنى، ئەي دىلبەر ماكان،
بار ۋۇجۇدۇم بولدى مەپتۇن ئۇشبۇ ئان.

قايىنغاچ ئىلھام بۇلاقىم جۇش ئۇرۇپ،
ئۆچتى پىكرىم كەڭ سامادا قۇش بولۇپ.

بىر قەدىمىي توپا تاغ، باش قاقاس،
باغرىدا چاقنار ئىكەن گۈل ئەتىياز.

شۇ قاقاس تاغدىن تامار چىم-چىم بۇلاق،
مەرۋايىتتەك تامچىسى زەپ پارقىراق.

ئاندا بىر كۆل چايقىلار كۈن شولىسى،
قويىندا ئالتۇنبېلىقلار جىلۋىسى.

ئويلىدىم "جەننەت" دېگەن يەر قانچىلىك،
بولسا باردۇر ئۆزلۈكى بىر سەنچىلىك.

ئەي گۈزەل بۆيلۈق دېگەن جەننەت ماكان،
كىم ساڭا بەرمەس كۆڭۈل كۆرگەن ھامان!

گۈللىرىڭنىڭ ھۆسنىدىن مىڭ ئايلىناي،
گۈلشىنىڭ ئەتراپىدا بۇلبۇل بولاي.

ئاندا چوغلۇق بىرلە مۇدەن، مىرزىگۈل،
مەندە ئەترە بىرلە نەرگىس، سەبدىگۈل.

قانتىم بولسا ئىدى، ئۇچسام ئىدىم،
كېپىنەكتەك ۋەسلىگە قانسام ئىدىم.

ئەي گۈزەل بۈيلۈق دېگەن جەننەت ماكان،
كىم ساڭا بەرمەس كۆڭۈل كۆرگەن ھامان!

بۈك-باراقسان باغلىرىڭنى نېمە دەي،
قايسى تىل بىرلە ئۇنى تەرىپ ئېتەي.

پارقىراپ تۇرغاچ باراڭدا ساپ ئۈزۈم،
جىلۋىسىدىن ھەر نەپەس تالدى كۆزۈم.

"نېمە بۇ، ياقۇتمۇ ياكى كەھرىۋا،
ياكى زۇمرەت، قاشتېشى زەپ دىلرەبا؟"

دەر ئۇنى شاخ-شاخدا كۆرگەن كىشى،
ئاق، قىزىل سايىۋا، بىجاقىي، كىشمىشى.

قىزىرىپ تۇرسا ئانارىڭ غۇنچىدەك،
خۇددى تۇرپان قىزلىرىنىڭ مەڭزىدەك.

تامسا شاپتۇل، ئەنجۈرۈڭنىڭ شەربىتى،
جانغا جان قوشسا ئۇنىڭ تەم-لەززىتى.

كىم سېنى تەرىپلىمەس زوقى تېشىپ،

خۇددى بىر قاينام كەبى شوقى تېشىپ!

ئەي گۈزەل بوْيلۇق دېگەن گۈلباغ دىيار،
بەختۇ ئىقبال مەڭگۈ بولسۇن ساڭا يار!

سېنى گۈلباغ ئەيلىگەن ئەل ياشىسۇن،
ياشىسۇن، خۇددى سېنىڭدەك ياشنىسۇن.

1980-يىل 29-سېنتەبىر، تۇرپان

## ئىدىقۇت

نامى مەشھۇر ئىدىقۇت شەھرى شۇمۇ،
نېمىدېگەن تېز چۆرگىلەيدۇ بۇ پەلەك!
ئىككى ئون ئەسىر دېگەن ئازگەپمىدى،
بىر ئەسىر يۈز يىلغا تەڭ تۇرسا، دېمەك.

قانچە قۇملار كۆچتى، قانچە يەل سوقۇپ،
قانچە خانلار ئۆتتىكىن دەۋران سۈرۈپ؟
ھېچبىرىدىن قالمىغان ئىز ۋە نىشان،
بىرلا قورغان تۇرىدۇ قەد كۆتۈرۈپ.

نېمىدېگەن پۇختا بۇ قورغان تاملىرى،
ئۇنى سوققان مەرد يىگىتلەر كىمكىن؟
ھەربىرى گويا تۇلۇقتەك كېسەكى،



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئۆزنى قوغدىغان ئەزىمەت دېۋىمكىن؟

ئاندا پەشتاق قالدۇقى، مۇندا مۇنار،
قۇم بېسىپ ياتقان پەلەمپەيلەر قاتار.
كىم بىنا قىلغان بولغاي بۇ قەسىرنى،
شۆھرىتى ئالەمچە بار، ئالەمچە بار.

كۆچتى قۇملار قانچە-قانچە يەل سوقۇپ،
ئۆتتى ئەجداد ئوق ئېتىپ، ئات چاپتۇرۇپ.
قالغىنى بىزگە تەۋەررۈك تۇپىسى،
بىزمۇ قەسىر قۇرماقتىمىز يەڭ تۇرۇپ.

نې ئاجايىپ قەسىرلەر بولغاي بىنا،
شۇ زېمىننىڭ تۇپىسى بولسا ئامان.
ئىدىقۇت شەھرى-پەقەت خارابە، بەس،
تاڭ قالۇر يېڭى شەھەرلەرگە جاھان!

1980-يىل 2-ئۆكتەبىر، تۇرپان

# بېزەكلىك

قاقلىنىپ ئاپتاپتا ياتقان بىر جىرا،
ئەجدىھادەك تولغىنىپ ئاققان سۇيى.
ئىككى يان مىستەك قىزارغان توپا تاغ،
قاسىنقى بىر يار ئىكەن تېرەك بويى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

ئاشۇ يارنىڭ باغرىدا تىلسىم كەبى
توپا غارلار بار ئىكەن قاتار-قاتار.
ئۆتسىمۇ شۇنچە ئەسىرلەر ئارىدىن،
كۆزنى يۇماي ھامان ئويغاق ياتار.

نېمنى ئويلايدىكىن ئويغاق يېتىپ،
سەرگۈزەشتلەر يادىغا يەتتىمكىن؟
ياكى قونغان چاڭ-توزانلارغا قاراپ،
كۆڭلى ھەريان چېچىلىپ كەتتىمكىن؟

ياكى شۇم ئالۋاستىلار غەزىپى
قاينىغاچ، ئاچچىق يۇتۇپ ياتامدىكىن؟
ياكى كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، ھەتتا يۈرەك
ئۆزرە تەگكەن تىغ ئىزى قىينامدىكىن؟
ياكى ئوبدان ئاسرىماي قويغان ئۈچۈن،
بىزنىمۇ كايىش بىلەن قارغامدىكىن؟

كايىساڭ ھەم قارغىساڭ، ھەققىڭ سېنىڭ،
ئەي گۈزەل سەنئەت پىرى قورغان ماكان.
راست ئەمەسمۇ، دۆڭ پېشانە تەلۋىلەر،
باش ــ كۆزۈڭگە يۇندا چاچتى بىر زامان.

خارلىدى ئۈنچىنى دەسسەپ، چەيلىدى،
كىردى گويا باغقا بىر تۈركۈم قاۋان.
نە ھايا، نە قالدى سەنئەت، نە تۈزۈم،
نە تىرىككە كۈن، نە ئۆلۈك قالدى ئامان.

ئۇنتۇماس ئەۋلادلىرىڭ، ھېچ ئۇنتۇماس،
كۆزلىرىڭنى چوقۇغان شۇم قاغا كىم؟
قان يۇراپ كەلگەندە ئاچ كۆز بۆرىلەر،
يول بېرىپ، سېنى تالاتقان دورغا كىم؟

ئاڭلىغانسەن، ئەمدى گۈلدۈرمامدەك
ياڭرىدى ئەلنىڭ ئۈنى كۆپ ياڭرىغاق،
ئىنتىقامنىڭ شەمشىرى قىنىدىن چىقىپ،
چالدى تارىخ "سوت ئۇچۇق" دەپ قوڭغۇراق.

1980-يىل 4-ئۆكتەبىر، تۇرپان

## بوغدا ئانام

ئاق لېچەك باشىڭدا، قۇددۇس، غەمگۇزار بوغدا ئانام،
ئولتۇرۇپسەن كۆك گىلەمدە بەرقارار، بوغدا ئانام.
ھەر قاچان كۆرسەم سېنى، ئەي گۈلئۇزار بوغدا ئانام،
جۇش ئۇرۇپ قەلبىمدە چىن بىر ئىپتىخار، بوغدا ئانام،
خۇشلۇقۇمدىن كۆز يېشىم دۇردەك تامار، بوغدا ئانام.

ھەر سابا باقسام، سېنىڭ چېھرىڭدە ئىقبال جىلۋىسى،
جىلۋە بىرلە قامىتار كۆزلەرنى قارىغاي جىلۋىسى.
جىلغىلاردا گۈل-چىمەن ياشنار ھەتتا تاغ لەيلىسى،
قاينىدى شامۇ سەھەر سەندە ھايات تەنتەنىسى،
چۈنكى تاج كىيدىڭ قۇياشتىن، بەختىيار بوغدا ئانام.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى

شۆھرىتىڭ ئالەمچە بار، لېكىن قاراڭغۇ ئۆتمۈشۈڭ،
نەچچە ئون قىسسە-رىۋايەت بولدى ھەر بىر كەچمىشىڭ.
دەردى مېھنەت، غەم ۋە ھەسرەتتە ئاقارمىشتۇر بېشىڭ،
قانچە مىڭ يىللاپ كۆزۈڭدىن بىز ئۈچۈن تۆككەن يېشىڭ
شۇ ساماۋى كۆلدە تىنماي چايقىلار، بوغدا ئانام.

چايقىلىپ تۇرغان بۇ كۆل كۆز ياشلىرىڭ دۇردانىسى،
بەلكى نەپرەت ھەم مۇھەببەت نەزمىسى، پەيمانىسى،
ياكى ئۇ قەدىمكى شەرق تەقدىرىنىڭ ئابىدىسى.
ئەمدى مۇندا ئاڭلىنۇر كۈلگەن بەخت شادىيانىسى،
چۈنكى سەندە باشلىنىپ كەتتى باھار، بوغدا ئانام.

مەڭگۈ كۈلسۇن نۇر-قۇياش باشىڭدا، سەن بولغىن ئامان،
باسمىغاي ئۈستۈڭنى ھەرگىز ئەمدى زۇلمەتلىك تۇمان.
سۈزۈلۈپ تۇرغاي ساماۋى كۆل كەبى كۆك ئاسمان،
سەن ھايات-بىزمۇ ھايات، ئەۋلادلىرىڭ ئويغاق ھامان،
ئاق لېچەككە قونمىغاي دەپ بىر غۇبار، بوغدا ئانام.

1981-يىل 29-ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

## خاسىيەتلىك ئۈچرىشىش

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى مۇناسىۋىتى بىلەن)

چۈشمۇ بۇ، ئوڭۇممۇ بۇ ياكى لەزىز خىيالمۇ بۇ،

ياكى بەخت-ئىقبالغا تۇش كەلگەن ئاجايىپ پالمۇ بۇ؟

باق، گۈزەل بىر قەسىر ئىچرە چاقنىغاندا نۇر-چىراق،
باشلىۋەتتۇق بەزمىنى بىز، ناخشىمىز بەك ياڭراق.

چىقتى تۆرنىڭ بېشىغا ئاۋۋال ئۇغۇز ساھىبقىران،
قانچە ئەللەر، قانچە خەلقلەرگە ئات قويغان بۇ خان.

ئولتۇرار بىر كۈرسىدا ئالپ ئەر تۇڭا ئافراسىياپ،
قولىدا ئالتۇن قەدەھ، قەشقەر شارابى پارقىراپ.

ئەنە بىر كۈرسى ئۆزرە ئولتۇرار باتۇر ماناس،
ئاق كىگىز قالپاق بېشىدا، ياغدى ئالقىش گۈلدۇراس.

ئالپامىش قىلدى كىرىپ مەردانىلەرچە بىر سالام،
تولدۇرۇپ توققۇز قېتىم تۇتتى قىمىز ساقىي تامام.

چاپتۇرۇپ بوز ئارغىماقنى كەلدى جاڭغىرمۇ شۇئان،
ھەم گېپىر ۋاڭمۇ كېلىپ سەپكە قوشۇلدى شادىمان.
ئەسسالام ئېيتىپ ئۇلۇغ ھاجىپ يۈسۈپ كىرگەن زامان،
جانلىنىپ كەتتى سورۇن مىڭلاپ چېچەك كۆلگەنسىمان.

چاقنىدى دانىش-ئىلىم، پەزلى دۇردانىسى،
دېدى ھەممە: مىڭ ياشا، سەن دەۋرىمىز يېگانىسى.

مانا مەھمۇد كاشغەرىي، ئۇ ئىلمۇ ئىرپان دېڭىزى،
كىردى قامۇس بىرلە ئۇ، گويا كۈلۈپ ئاسمان يۈزى.

مانا لۇتفىي ھەم نەۋائىي، ھىرقىتى، گۇمنام، مۇقىم،
مانا فۇرقەت ھەم زەلىلىي، ھەم نىزار ئابدۇرەھىم.

مەرىپەت ئاسماندىن دۇردانىلەر تېرىپ ئاباي،
كىردى جىرتىپ دومبىرا، ئېيتىپ ئۆلەڭلەر بىر تالاي.

"ئەي تۇغان تىل، ئەي ماتۇر تىل، ئەتكەي-ئەنكەمنىڭ تىلى،
دۇنيادا كۆپ نەرسە بىلدىم سېن تۇغان تىل ئارقىلى"

دەپ كىرىپ كەلدى سورۇنغا جىر-جىرلا ياش توقاي،
بۇ شېئىر ئاسماندا تۇغقان كەبى يېڭى بىر ئاي.

ئەۋجگە چىقتى مۇشائىر، تەڭكىشى تەمبۇر، دۇتار،
داپ بىلەن سۇناي، قوبۇز، جىرغا قوشۇلدى چاڭ، گىتار.

تولدۇرۇپ مەي جامىغا دۇفۇ بىلەن لى بەي شۇ دەم،
"خۇش مۇبارەك" دەپ قېلىشتى بەزمىگە تەشرىپ قەدەم.

ياڭرىدى ئالقىش ساداسى، كۆكتە كۈلدى زەر قۇياش،
بەختىۇ ئىقبال دائىما بولغاي خەلققە چىن قاياش.

شۇ قاياشلىق بىرلە كۈلسۇن يەنە سەنئەت گۈللىرى،
سايرىسۇن گۈلشەن ئارا ھەممە خەلق بۇلبۇللىرى!

1983-يىل 24-فېۋرال، ئۈرۈمچى

# بالام بولسا، شۇنداق بولسا

(بىر ئانىنىڭ ئاغزىدىن)

بالام بولسا، شۇنداق بولسا،
ئاق سۈتۈمدەك ھالال بولسا.
ھالال بەرگەن ئاق سۈتۈمگە
ھەربىر ئىشى مىسال بولسا.

بالام بولسا، شۇنداق بولسا،
تېشىپ تۇرغان دەريا بولسا.
گۈللەندۈرۈپ باياۋاننى،
ئۆزى بۇلبۇلگويا بولسا.

بالام بولسا، شۇنداق بولسا
بىلىقى مول كۆلدەك بولسا.
ئەل كۆڭلىنى ئوۋلايدىغان
خۇش پۇراق گۈلدەك بولسا.

بالام بولسا، شۇنداق بولسا،
قەلبى قىزىل چوغدەك بولسا.
ئەل سەپەرگە ئاتلانغاندا،
ئالدا ماڭار تۇغدەك بولسا.

بالام بولسا، شۇنداق بولسا،
ئىچى-تېشى ئېرىق بولسا.
ئېرىقلىقتا سۈزۈك سۇدەك
كىرنى قويماي ئېرىغدىسا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چىدامىلىقتا پىلدەك بولۇپ،
جىمى يۈكنى يۈدەلىسە.
ئەل بەختىچۈن كېرەك چاغدا،
زەھەرنىمۇ يۇتالىسا.

بالام بولسا، شۇنداق بولسا،
سۈنى كۆرسە بېلىق بولسا؛
شۇڭغۇپ دەريا-دېڭىزلارغا،
ئۈنچە-مارجان تېرەلىسە؛

ئوتنى كۆرسە، سەمەندەردەك
يالقۇن ئىچرە كىرەلىسە؛
تاشنى كۆرسە ئالماس بولۇپ،
تاغ باغرىنى تېشەلىسە؛

دوستنى كۆرسە گۈلدەك يايراپ،
مەن ئېمىزگەن سۈتتەك بولسا؛
ياۋنى كۆرسە دەھشەت سېلىپ،
يالقۇن چاچار ئوتتەك بولسا.

1983-يىل نويابىر، ئۈرۈمچى

## يىراقتىن خەت

يېقىندا پوچتىچى ئەكەلدى بىر خەت،
يېزىلغان بەك يىراق بىر مەملىكەتتىن.

ئوقۇپ كۆرسەم تونۇش بىر كىمسە يازغان،
بايانىدۇر كۆز يېشى، ھەسرەت ۋە دەردتىن.

1

...شۇ يەردە توختىماي ئەمدى سالامىم،
ئىشىت دوستۇم، ساڭا ئېيتاي كالامىم.
بەخت ئىزدەپ يىراقلاردا سارالغۇدەك،
كېزىپ يۇردۇم شامال سوققان غازاڭدەك.
ماڭا نەدىكى قۇت(بەختۇ ئامەت)،
جىگەر پارە، چېكىپ دائىم مالامەت.
تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى بېشىمدىن،
ئېتەكلەر قۇرۇماي ئىسسىق يېشىمدىن.
جاھاندا قالمىدى مەن تارتمىغان دەرد،
ھەمىشە ھەمراھىمدۇر دەردۇ ھەسرەت.
گاھى مەن پۇلمۇ تاپتىم، يولمۇ تاپتىم
ۋە ھەتتا يۈز تېپىپ "جاناب"ئاتالدىم.

2

نېرى كەتمەس كۆزۈمدىن بالا چاغدا،
پاكار سوقما تاملىق گۈللۈك باغدا
ئېچىلغان خۇش پۇراق غۇنچە-چېچەكلەر،
چېچەكلىكتە ئۇچقان گۈل كېپىنەكلەر.
ئېسىمدە بىللە ئۆسكەن ئاشۇ مەلە،
پادا باققاچ يېشىل چىملىقتا بىللە
يالىڭاچ چۆمۈلۈپ ئۆستەڭدە ئويناپ،
يېتىپ قۇملۇقتا تەننى كۈلگە قاقلاپ،
بۇلاق سۇلىرىغا نان چىلاپ بىز
قاقاقلاپ، تالىشىپ يېگەن چېغىمىز...

www.uyghurkitap.com

ئېسىمدە چۇرقىراپ بىز "ۋاللەي"ئويناپ،
كېيىكتەك سەكرىشىپ ئۆلەڭنى بويلاپ،
يۈگەنسىز تاڭ كەبى ئۆتكەن گۈدەكلىك،
غەمۇ ئەندىشىسىز ئۆتكەن گۈدەكلىك.

كۆزۈمدىن نېرى كەتمەس شۇ زامانلار،
ئېتىز ــ قىرلاردىكى چەللە باراڭلار.
ۋە لېكىن نېمدۇر بىرنېمەم كەم،
تېشىم كۈلگەن بىلەن كۆڭلۈم چېكەر غەم.
يېپىلسا نازۇ نېمەت داستىخانىم،
نېچۈكتۇر سىرقىرار جان، ئۇستىخانىم.
يېتەر يادىمغا شۇئان قوۋم-قېرىنداش،
كۆزۈمگە لىق تولۇپ تەكرار ئىسسىق ياش.
كېلەر ئەسكە ئۆتمۈش بىر رىۋايەت:
سۇلايمان ئىچمىگەن سۇدىن ھېكايەت.

يېشىل قارىغاي، ئېگىز تاغلار، ئېدىرلار،
چىمەنگە پۈركىنىپ ياتقان شۇ قىرلار؛
چۇرۇقلاپ تولغىنىپ ئاققان ئېرىقلار،
ئىرغاڭلاپ ئېتىزدا بۇغداي-تېرىقلار؛
بۇغا بىرلەن مارال جۈپ-جۈپى بىرلە،
غاز، ئۆردەك ۋە كەكلىك ئۆز توپى بىرلە
تاماشا ئەيلىگەن شۇ دالا-تۈزلەر،
شۇ تۈزلەردە سوزۇلغان كەڭرى بوزلار؛
يېيىلغان مال تولا ياياق ۋە ئوتلاق،
قوش ئەمچەكلەر ئېمىپ قوزا ۋە تايچاق؛
ئەدى ھۆسنى بىلەن زەپمۇ دىلئارام،

نېسىپ بولغايمۇ ئاندا ماڭا ئارام؟
چېلىنغاندەك بوۋاي قەمبەر دۇتارى،
قوشۇلغاندەك يەنە قەشقەر ساتارى.
سەھەر بۇلبۇلى ناۋاسى ئەۋج ئالغان،
ۋىچىرلاپ قارلىغاچ ۋە قارا قۇشقاچ.
قاناتلان، سەنمۇ ئۇچ دەيتتى پىچىرلاپ،
قالاتتىم زوقلىنىپ، جېنىم تېپىرلاپ.
سېغىندىم ئاشۇلارنى، بەك سېغىندىم،
كېسەللىكتەك بىلىنمەكتە سېغىنچىم.
نېسىۋەم بارمىدۇ كۆرمەككە قايتا،
ئۆمۈرنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ تا.

3

مېنى سورىساڭ، پىراقتا سارغىيىمەن،
كۆڭلۈم ياخشى، لېكىن مۇندا غېرىبىمەن.
نە جان دوست-سىردىشىم، نە ھەمراھىم بار،
ئىچىم پۇشقاندا نە مۇڭداشقىلى يار.
قەيەردە توي-تۆكۈن، مەشرەب ناۋاسى،
ھېيت-ئايەم كۆڭلىرى ناغرا ساداسى!
قەيەردە باشقا چۈشسە بىر پالاكەت،
كۆڭۈل ئېيتىدىغان يارۇ جامائەت!
مانا پەرزەنتلىرىمۇ بويىغا يەتتى،
ۋە ھەتتا بەزىسىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى.
قېنى لايىق كېلىن ياكى كۈيئوغلۇم؟
ئېچىلمايدۇ شۇڭا غەمخانە كۆڭلۈم.
قەيەردە ئانا تىل مەكتىپى، دەرسى،
ۋەتەننىڭ ئەنئەنە پارلاق مىراسى؟
ئۆزۈم باشقا، بالام باشقا بىر ئىقلىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تىلى ھەم باشقىچە، ھەيرەتتە ئەقلىم!
ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر كۈن يەتسە سائەت،
ئۆمۈرنىڭ كوزىسى سۇنغۇسى ئەلۋەت.
قالارمۇ سۆڭىكىم شۇ ياقا يۇرتتا،
قوشۇلماستىن ۋەتەننىڭ تۇپرىقىغا.
شۇ غەملەر ئىچرە جان دائىم بىئارام
ئۆتەر ھەسرەت ئىچىدە، ئەي دىلئارام.

4

شۇڭا يازدىم ساڭا خەت، كۆزدە ياشىم،
مۇرۇۋۋەت قىل ماڭا دوستۇم، قاياشىم.
ئەۋەتكىن ماڭا ئازراق توپا-تۇپراق،
يەنە بىر تال غازاڭ ۋە ياكى ياپراق.
قىلاي مەن تۇتىيا ھازىر كۆزۈمگە،
تەسەللى بولغۇسى شۇ ئۆز-ئۆزۈمگە.
ئەگەر ئۆلسەم لەھەتكە بىللە قويسۇن،
ۋەتەن تۇپراقىغا تېنىم قوشۇلسۇن.
ئۈمىدسىزلىك، لېكىن ئۇ پەيلى شەيتان،
ئەجەبمەس ماڭا ھەم تېپىلسا ئىمكان.
ئىشتىسەم ھەر تەرەپتىن غايىبانە،
تولا ياخشى بولۇپ قاپتۇ زامانە.
ھەرەمنى ئالتە رەت قىلدىم زىيارەت،
ئەگەر يەتتىنچىسىگە بولسا پۇرسەت.
قىلۇرمەن ئۆز ۋەتەننى سەجدىگاھىم،
سۈرۈپ تۇپراقىنى كۆزۈمگە دائىم...

1983-يىل نويابىر، ئۈرۈمچى

# ئەسسالام ئەي قەشقىرىم

(بەدىھە)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، دىلرەبا بوستان دىيار،
نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان تىللاردا كۆپ داستان دىيار.
تا قەدىم رۇم ئەھلىنى رەشك ئوتىدا كۆيدۈرۈپ،
شەرق ئېلىنىڭ ئىپتىخارى، شۆھرىتى بولغان دىيار.
سۆيگىلى كەلدىم سېنىڭ ئالتۇن بوسۇغاڭنى بۈگۈن،
ئاچ ماڭا قوينۇڭنى، ئەي قەلبىمگە ئوت سالغان دىيار!
ۋەسلىڭە مۇشتاق كۆڭۈل ھەم كۆزلىرىم تاپقاي ئارام
بىر كۆرۈپ ھۆسنۈڭنى، ئەي دەردىمە دەرمان دىيار.
ئاق سۈتۈڭدەك ئاپئاق ئايدىڭ كېچە يا ئاخشاملىرى،
بىر كېزەي تۈمەن بويىنى، جانغا جان قوشقان دىيار.
كۆكتە يۇلتۇز، سۇدا قۇندۇز جىلۋىلەر قىلغان چېغى،
ئاڭلايىن نەيدىن خۇشال، ئازاد سادالار، جان دىيار.
ئاڭلايىن مەن يېڭى كۈي، يېڭى مۇقاملار ئەۋجىنى
تاڭ باھاردا مەۋسۇمىدا، ئەي گۈل-چېچەك ئاتقان دىيار.
كۈيلىمەس بەلكى راۋابىڭ ئەمدى ھەسرەت-قايغۇنى،
چۈن ياراتتىڭ ئۆز قولۇڭدا يېڭى بىر دەۋران، دىيار.
بىر زامان تەڭ يىغلىدۇق زۇلمەت كېچەڭدە ئىككىمىز،
ئەمدى تاڭ سۈبھىڭ بىلەن كۈلسەم نېمە ئارمان، دىيار.
ئەسسالام ۋە ئەسسالام، جانىجانىم قەشقىرىم،
بەر يەنە ئىلھام، يازاي شەنىڭگە بىر داستان، دىيار!

1984-يىل 15-ئاۋغۇست، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قەشقەر گۈزىلىگە

بىر قاراپ سېھرىڭ بىلەن سەن يۈمشىدىڭمۇ مېنى،
ئۆرلۈم-ئۆرلۈم چاچلىرىڭغا ئۆرۈۋالدىڭمۇ مېنى؟
ھۆر ئىدىم چۆلدە كېيىكتەك، كۆزلىرىڭ كۆرمەستە مەن،
كىرپىكىڭنى ئوق قىلىپ سەن ئىلىۋالدىڭمۇ مېنى؟
ھېچ كېتەلمەيمەن قېشىڭدىن يۆگىلىپ قالغان كەبى،
پۈتلىرىمدىن يۆگىمەچتەك يۆگىۋالدۇڭمۇ مېنى؟
با ۋۇجۇد بولدى ئەسىر، ئەقلۇ خىيالىم بەندۇ بەند،
شۇ قارا خالىڭ ئىچىگە يۇغۇرۇۋالدىڭمۇ مېنى؟
مۇكچىيىپ قالدى بېلىم، پۇت-قوللىرىممۇ ئەۋرىشىم،
تالى مەجنۇندەك ئۆزۈڭگە ئېگىۋالدىڭمۇ مېنى؟
كەچ شەپەق كۈلگەن چېغى ناخشاڭ بىلەن بىللە قوشۇپ،
تارلىرىڭنىڭ رىشتىسىگە ئېگىرىۋالدىڭمۇ مېنى.
يا ھەرەم، يا ھۆرۈپەيكەردىن تەمەيىم قالمىدى،
تىلتۇمارىڭ قاتلىرىغا تۈگۈۋالدىڭمۇ مېنى؟
مۇپتىلالىق بولدى قىسمەت ماڭا ئەمدى بىر ئۆمۈر،
ئەي نىگار، تەقدىر قازادىن سورىۋالدىڭمۇ مېنى؟

1984-يىل 16-ئاۋغۇست، قەشقەر

# قەشقەر قىزى

ئاي جامالىڭنى كۆرۈپ، ئاينىڭ قىزىكەنغۇ دېدىم،

نۇر چېچىپ تۇرسا يۈزۈڭ، كۆڭلۈمنى ئۆزىڭگە ئالغان پەرىمىسەن.
ملك جېنىم بولسۇن تەسەددۇق بىر قاراشىڭغا سېنىڭ،
كۆزلىرىڭنى تاڭ سەھەرنىڭ يۇلتۇزىغا ئوخشاتقۇم بار.
يەلپۈنۈپ تۇرسا چېچىڭ گۈلشەن ئارا كەزگەندە سەن،
قايىنغان ئالتۇن بۇلاقنىڭ قۇندۇزىغا ئوخشاتقۇم بار.
سۆزلىرىڭ ئاڭدىن لەزىز، ئەنجۈر مىسالى شىرنىلىك،
نومۇسۇ ئىپپەت بىلەن ۋىجدان سۆزىگە ئوخشاتقۇم بار.
ھەر سەھەر باسقان ئىزىڭدا كۈلسە يۇمران مايسىلار،
پاھ، بۇ قىزنىڭ ئىزلىرى بەرىكەت ئىزىگە ئوخشاتقۇم بار.
سەن كىتابىڭ ئۈستىگە تالدەك ئېگىلسەڭ ئاخشىمى،
دەۋرىمىز قىزلىرىنىڭ بەرىكەت ئىزىگە ئوخشاتقۇم بار.
ھەر ئىشتىكەندە سېنىڭ تارىڭ بىلەن ناخشاڭنى مەن،
سورىماي تاپتىم، ئېيتىڭ قەشقەر قىزىغا ئوخشاتقۇم بار.

1984-يىل 28-ئاۋغۇست، قەشقەر

## ئاھ مۇئەللىم، مۇئەللىم

(مەرھۇم ئابلىمىت سىدىققا مەرسىيە)

شۇڭقار قولدىن ئۇچقاندەك،
يۇلتۇز كۆچۈپ ئۆچكەندەك،
كەتتى ئارىمىزدىن قەلبى ئويغاق بىر ئىنسان،
ئۇنىڭ ئېتى مۇئەللىم(نېمىدېگەن ئۇلۇغ ئۇنۋان!)
ئاھ، مۇئەللىم، مۇئەللىم،
ئەلۋىدا، ئەي مۇئەللىم!

سەن تېخى ياش ئىدىڭ،
ئەلگە چىن قاياش ئىدىڭ،
ئەمدى بىلگەندە قەدرىڭ، قالدۇق سەندىن ئايرىلىپ،
سۇندى گويا بوغدىنىڭ بىر قارغىيى قايرىلىپ.
ئاھ، مۇئەللىم، مۇئەللىم،
ئەلۋىدا، ئەي مۇئەللىم!

بىر توزغىقنى يۇتۇپ،
ئاق توزانغا كۆمۈلۈپ،
دوسكا ئالدىدا ئۆمرۈڭ ئۆتكىنىنى كىم ئۇنتار،
قان-تەرىڭنى كىملەرگە تۆككىنىڭنى كىم ئۇنتار.
ئاھ، مۇئەللىم، مۇئەللىم،
سېنى ئەسلەر ئەل دائىم.
بۇ گۈلىستان باغلاردا،
ئارچا ئۆسكەن تاغلاردا
ھەر قەدەمدە ئۇچرايدۇ سېنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرىڭ،
يۇلتۇزكەبى چاقنايدۇ سانسىز ئوغۇل-قىزلىرىڭ.
ئاھ، مۇئەللىم، مۇئەللىم،
ئەسلەر سېنى ئەل دائىم.

شۇڭلاشقىمۇ سەپ-سەپتە،
مىڭلىغان قول بەس-بەستە،
تاۋۇتۇڭنى باش ئۈستى كۆتۈرۈشۈپ ماڭغاندا،
نېمە دېدى بىلەمسەن ئەل-جامائەت شۇ چاغدا؟
ھۆرمەتلەنگەن بۇ يۇرتتا كىمنىڭ تاۋۇتى مۇنداق،
قايسى ھاكىم، قايسى بەگ، مەنسەپدار شۇنداق.
چۈنكى سەن-سەن مۇئەللىم،
ئەسلەر سېنى ئەل دائىم.

تاۋۇت ئاسمان ماڭماقتا،
كوچا تارلىق قىلماقتا.
يۈزلىگەن ياش كۆچەتلەر قاتار ئىككى قاسناقتا،
ياشلىق كۆزلەر ئۈزىتار تاۋۇتۇڭنى شۇ تاپتا.
بىلسەڭ ئىدىڭ كىم ئۈچۈن بۇ قايغۇلۇق دەقىقە،
ھەركىمگە تېگىشۇەرمەس مۇنداق قۇتلۇق نېسىۋە.
ئاھ، مۇئەللىم، مۇئەللىم،
ئەسلەر سېنى ئەل دائىم.

1985-يىل 6-ئىيۇن، ئۈرۈمچى

## ياشناۋەر سۆيۈملۈك بوغدا

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا سوۋغات)

ئۆتتۈپ كەتتى سانسىز يىللار غۇرۇلداپ،
تۇرۇۋەردىڭ مەغرۇر، قەددىڭ كۆتۈرۈپ.
قاۋاندەك قۇترىغان جۇدۇنمۇ كەتتى،
ياشناۋەردى سەندە قارىغاي كۆكىرۈپ.

ھەر باقسام مەن سېنىڭ ئاپئاق بېشىڭغا،
دېڭىزدەك چايقىلار خىيالىم شۇئان.
ئوخشايسەن ئېچىلىق تۇرغان كىتابقا،
ئوقۇسا-ئوقۇسا تۈگىمەيدىغان.

نېمە بۇ، تارىخمۇ ياكى پەندنامە،

ۋە ياكى ئەجدادلار قويغان مەڭگۈ تاش؟
ھەرنېمە دېيىشكە ئەرزىيدۇ سېنى،
چۈنكى سەن ئەل بىلەن دىلداش، تەقدىرداش.

گاھ سېنى ئوخشاتتىم بىر ئاق لېچەككە،
مومامنىڭ لېچىكى شۇنداق ئاق ئىدى؛
سۈت كۆرسەم، شۇ زامان ئەسلەيمەن سېنى.

ۋەلېكىن بېشىڭنىڭ ئاقارغانلىقى
بۇ ھەرگىز قېرىلىق نىشانى ئەمەس.
بۇ بەلكى ئۇلۇغلۇق،پاكلىق، قەدىملىك،
نامىڭغا يارىشا مۇقەددەسلىك،بەس!

ئاسماننىڭ بەلبېغى شۇ سامانيولى،
ساناقسىز يۇلتۇزلار، ئاي يۈزىمۇ ئاق.
ئىنساننىڭ تەپەككۇر دۇردانىلىرى
پۈتۈلگەن كىتابنىڭ قەغىزىمۇ ئاق.

بىپايان قىرلاردا رامبۇل قويلىرى،
بېلىنى چىلك باغلاپ ئورمىغا چۈشكەن
ئۇيغۇر يىگىتنىڭ شاپىقىمۇ ئاق.

بەرىكەت بېغىنىڭ باغۇەنى دېھقان،
قوغۇنچى بوۋاينىڭ يەكتىكىمۇ ئاق.
ھەتتاكى، قىز تويى قۇتلۇق كېلىننىڭ،
پاك نىكاھ لىباسى-كۆڭلىكىمۇ ئاق.

ياشناۋەر، سەن مەڭگۈ، سۆيۈملۈك بوغدا،



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

سەن تېخى نەۋقىران يىگىتسەن بۈگۈن.
بەختىڭگە كېپىلدۇر مىليونلىغان ئەل،
ئالەمچە مۇھەببەت ساڭا بار پۈتۈن.

1985-يىل 20-سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

## ئەلۋىدا، ئەي نەغمە ئۇستازى
(زىكرى ئەلپەتتىنىڭ ۋاپاتىغا مەرسىيە)

شىپالىق تاپسۇن دەپ سىنى ھەر مىنۇت،
ئۈمۈنۈپ تىلەيتتى ھەر ئويغاق يۈرەك.
نە چارە، تەقدىردە ئەجەل شەربىتىن
ئىچمەككە كەپتىكەن ساڭا بۇ كېزىك.

ئەلۋىدا، ئەي ئۇيغۇر ئەلنەغمىسىنىڭ،
كۆڭۈللەرگە ئىلھام-زوق، ئىپتىخارى!
ئۈزۈلدى بۇ كېچە گويا توساتتىن
تىللادەك جاراڭلىق دۇتارنىڭ تارى.

ھەربىر تال بارمىقىڭ بىر دۇتار ئىدى،
ھەر ئاھاڭ ئەۋجىدە نامايان خىيال.
ئەل غېمى، ئەل كۈيى، ئەلنىڭ شادلىقى
پەدىلەر رىشتىدە تاپاتتى ۋىسال.

نى خانلار، نى بەگلەر ئۆتتى ئالەمدىن
بىر پارچە بۇلۇتتەك ئىزسىز، تاۋۇشسىز.

ئىجادىي مېھنەتنىڭ بىر گۈلدەستىسى
قالدى ئەل كۆڭلىدە رۇخسارىڭدىن ئىز.

ئەلۋىدا، خەلقىمنىڭ مۆھتەرەم ئوغلى،
ئون ئىككى مۇقامدا نامىڭ ئەبەدىي.
ئەبەدىي ئۆزۈلمەس بۇ تار، ئۆزۈلمەس،
يېتىشمەكتە چۈنكى ۋەتەن ئەۋلادى.

1986-يىل 2-ئاپرېل كېچە، ئۈرۈمچى

## سايە

مەن خۇددى بىر ئەركەك غازدەك غادىيىپ،
ئايلىنىپ يۈرەتتىم مەغرۇر، سىپايە.
بىر چاغدا كۆن مېنىڭ ئارقامدىن تېگىپ،
ئالدىمدا نامايان بولدى بىر سايە.

كۆرۈپ بۇ سايىنى دېدىم شۇئاندا:
"پاھ، بويۇم نېمىدېگەن ئېگىز-ھە، مېنىڭ".
ۋە لېكىن بىر سادا كەلدى غايىبتىن،
دېدىكىم: "ئاگاھ بول، بۇ ئۆزۈڭ ئەمەس،
بۇ پەقەت بىردەملىك سايەڭدۇر سېنىڭ!"

1987-يىل 3-مارت، ئۈرۈمچى

# باھار ھەققىدە غەزەل

كەل، ئەي دىلبەر، تاماشا قىل بۇ نورۇزدا بۇ دەۋراننى،
ئۇپۇقنىڭ مەڭزىدە كۈلگەن سابادەك باھارىستاننى.
كېچە گۈل ياپرىقىدەك قان ياقاسى چاك-چاك بۇلبۇل
سەھەر قەشقەر راۋابىدا قۇچاقلار ئارزۇ-ئارماننى.
چۈشۈپ كۆكتىن قارا يەرگە گوياكى بىر مۇقەددەس قۇت،
باھار ياغدۇسنى چاچتى، سۈرۈپ چەتكە زىمىستاننى.
ئېرىپ قار-مۇز، ئەزىم تارىم چېچەكدەك تولغىنىپ ئاققاچ،
خىيالىم تاپتى ئىلھامغا گويا بىر بەھرى ئۇمماننى.
يېشىل قىرغاق يۈزى گۈل-گۈل، ئۇ گۈللەر بەرگىدە شەبنەم،
قوشار جانغا يەنە مىڭ جان، چېچىپ ھەر تاڭدا رەيھاننى.
ئېچىلسا لەۋلىرىڭ ياڭلىغ كۈلۈپ لالە بىلەن چوغلۇق،
نە ھاجەت ئىزدىمەك ئەمدى يۈرۈپ لەئلى بەدەخشاننى.
بۇ زۇمرەت ۋىدىدا ئاھۇ-كېيىكلەر سەكرىشىپ ئويناپ،
سالار يادىمغا ھەر لەھزە سېنىڭدەك خۇش خىراماننى.
ئۇچارلىقلار قانات قاقسا ۋىچىرلاپ جۈپ-جۈپى بىرلە،
ئالارسەنمۇ ئېسىڭگە مەن كەبى ھالى پەرىشاننى.
كەل، ئەي دىلبەر، پۈتۈپ جان رىشتىدىن تىلتۇمار مەخسۇس،
يامان كۆزلەردىن ئاسرايلى بۇ نادىر باھارىستاننى.

1987-يىل 21-مارت، ئۈرۈمچى

www.uyghurkitap.com

## مەرھۇم ئەھمەت ئۆمەرگە مەرسىيە

ئۆچتى سەنئەت سەھنىسىدە بىر چىراق
ياكى بىر شۇڭقار ئۇچۇپ كەتتى يىراق.
جۇت سوقۇپ ئۆتكەن كەبى گۈلشەن ئارا،
بۇ ئۆلۈم سالدى كۆڭلۈڭگە داغ، پىراق.

بار ۋۇجۇدۇڭ كۈلكىگە مۇنبەر ئىدى،
ھەر يامانغا كۈلكە بىر نەشتەر ئىدى.
يىغلىسا ھەربىر يامان بۇ كۈلكىدىن،
ياخشىلار قەھ-قەھ ئۇرۇپ كۈلەر ئىدى.

ئېھتىمال، گۈلچەمبىرەك ئازراق كېلەر،
ئۆلچىمەس ئالتۇننى ھېچكىم رەڭ بىلەن.
سەن تىرىك خوجا نەسردىن ئەپەندىدەك
سۆزلىرىڭ، خۇلق-مىجەزىڭ، ئەجرىڭ بىلەن.

ئېھتىمال، قالماس جاھاندا گۇمبىزىڭ،
قالغۇسى ئەل ئاغزىدا لېكىن سۆزۈڭ.
تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى بەك كەڭ زېمىن،
شۇ زېمىندا ساقلىنار باسقان ئىزىڭ.

1987-يىل 10-ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

## بىر يۇلتۇز ئۆچتى

(ئاتاقلىق شائىر، ئەدەبىي تەرجىمان ئابدۇكېرىم خوجا ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن)

بىر يۇلتۇز ئۆچتى، بۇرجىدىن كۆچتى،
كۆچتى سامانىك تىنىق يۈزىدىن.
ئىككى تال مەرۋايىت ئۈزۈلۈپ چۈشتى
جەڭگاھتا كىشنىگەن تۇلپار كۆزىدىن.

بىر يۇلتۇز ئۆچتى، شولىسى قالدى،
قالدى مىسرالار ئىچىدە يالتىراپ.
شائىر ئۆچۈن بۇ نېمىدېگەن بەخت،
قالغان ئىزىدىن گۈل ئۈنسە چاقناپ.

بىر يۇلتۇز ئۆچتى، بۇرجىدىن كۆچتى،
كۆچتى مەڭگۈلۈك ئارامگاھ تامان.
مىسرالار بولغۇسى ھەيكىلىك سېنىڭ،
ئۇنتۇماس ئەل سېنى، ئۇنتۇماس زامان.

نى خانۇ خاقانلار كۆز يۇمدى، كەتتى،
تۇرداخۇن ئاكىنىڭ ساتارى قالدى.
تارىخنى ھېچكىم ئالدىيالمايدۇ،
يۇلتۇزۇڭ ئۆچسىمۇ، ئەنۋارى قالدى.

1988-يىل مارت، ئۈرۈمچى

## شائىر تېيىپچان ئېلىيېفقا مەرسىيە

يەنە بىر يۇلتۇز ئۆچتى، بۇرجىدىن كۆچتى،

كۆچتى سامانىن مۇزدەك لەھەتكە،
قالدى چاقنىغان نۇرلىرىڭ لېكىن،
"تۇگىمەس ناخشا"دا بەلكى ئەبەدكە.

قالدى ئەبەدكە قاينام بۇلاقلاردا ئۇ،
شارقىراپ ئاققان دەريالاردا ھەم.
قالدى شىلدىرلىغان ياپراقلاردا ئۇ،
سۈكۈناتتا چۆمگەن قىيالاردا ھەم.

كىمدۇر شۇبىرلايدۇ لەۋلىرى تىترەپ:
دەرىخا، بىر تالانت كەتتى ئارىدىن.
كۆزى قارىغۇمىكىن ئەجەل دىگەننىڭ،
ئىلغىماس ئىكەن ئۇ ئاقنى قارىدىن.

توۋا دەيدۇ كىشى تەقدىر ئىشىغا،
"ياخشىغا كۈن يوقمىش، يامانغا ئۆلۈم".
قۇترىغان بورانمۇ ئەڭ ئاۋۋال كېلىپ،
مېۋىلىك دەرەخنى سوقىدۇ چوقۇم.

كىمدۇر تېڭىرقايدۇ پېشانە تۇتۇپ:
نېمە بولدىكىن-ھە، تالانت ئەھلىگە؟
شالاڭلاپ كەتمەكتە يۇلتۇزلار توپى
سېلىپ ئەل كۆڭلىگە مۇدھىش تەھلىكە.

نە چارە، شۇنداق ئىكەن بۇ ئالەمنى ئىشى،
چارىسىز كەتتى نى ھېكىم لوقمانلار.
ئەلۇدا، شائىر، ئەلۇدا ساڭا،
ئەسلەيدۇ سېنى ئەل زامان-زامانلار.

1989-يىل 22-فېۋرال، ئۈرۈمچى

## سالام، يۇرتۇم
### (قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن)

ئەي گۈزەل يۇرت، ئەي ئەزىز ئەل، ساڭا مىڭ-مىڭ ئېھتىرام،
بۇ مۇبارەك ھېيتى قۇربان شانى بىرلە ئەسسالام.
ئەسسالام، ئەي ھال شەپەقەت پۈركىنىپ ياتقان زېمىن،
مەدھىيەمنى ئەڭ ئاۋۋال بۇغدا ئانامدىن باشلايىن.

بوغدا
كۆر، بۇگۈن ئەۋلادلىرىڭ تاغلار ئېشىپ، يوللار كېزىپ،
ئاق سۈتۈڭدەك پاك تۇتۇپ ۋىجدانىنى، تۈنلەر يېرىپ،
تاكى ئەجداد شام-چىراغىنى يېقىپ ھەم ئىز بېسىپ،
ھەر قەدەم تارىخ بېتىگە يېڭى بىر مەزمۇن يېزىپ،
ئىلگىرى باسماقتا دادىل ياڭرىتىپ يېڭى مۇقام.

قاراماي
چۆل ئارا-جۇڭغار چۆلىدە گۈلچىمەن ئاتتى چېچەك،
ھەر چېچەككە مەھلىيا گۈلگۈن قاناتلىق كېپىنەك.
بۇ نېچۈك بىر مۆجىزە-چۆلدە شەھەر، قايىنام ھايات،
بىر كۆرۈپ قالغان كىشى رىشتىنى باغلار قاتمۇقات.
كىم ساڭا بەرمەس كۆڭۈل كۆرگەن ھامان، ئەي قاراماي،
چۈنكى بۇلبۇل گۈلنى كۆرسە جىم تۇرارمۇ سايرىماي.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىلى

بۇ كۆرۈنگەن ياپيېشىل بوستان زېمىن نەكىن دېسەم،
خاقان ئوغۇز ئاستانىسى گۈزەل ئىلى ۋادىسى.
بۇ ئۇلۇغ سۇنى كۆرۈپ، باقسام ئاتا ھەيرەتتە،
ئەجدىھادەك تولغىنىپ ئاققان ئىلى دەرياسىكەن.
ئاھ ئىلى، بوستان ئىلى، ئالمىلىق باغلار ئىلى،
ئاندا يايلاق، مۇندا سايرام، ياپيېشىل تاغلار ئىلى.
ئەي دىيار، بايرام مۇبارەك، كۆل يەنە، روھلان يەنە،
تەڭرىتاغ شۇڭقارلىرىدەك قىل توختىماي جەۋلان يەنە.

تۇرپان

بىر كۆرۈپ ھۆسنۈڭنى، مەپتۇن-مۇپتىلا بولدۇم ساڭا،
ئەي قەدىمىي پايتەخت، پاختا ماكانى گۈل دىيار.
خۇددى چۆل-قۇملۇق ئارا گۈللەپ كۆكەرگەن باغچىسەن،
شاخ-شېخىدا ئالما، ئۆرۈك، قوغۇنۇڭ تىلنى يارار.
ئاق – قىزىل سايۋا، بىجاقى كىشمىشىڭ ئاندىن لەزىز،
تا قەدىمدىن مېۋە يۇرتى، شۆھرىتىڭ ئالەمچە بار.
كىممۇ سۆيمەس سەن كەبى جەننەت ماكان تۇرپان سېنى،
كۈنسايىن ياقۇت كەبى ئەي ئەزىز دەۋران سېنى.
ئەي دىيار، بايرام مۇبارەك، شۆھرىتىڭ ئاشسۇن يەنە،
بەرىكەت تاپ، ئىقبال گۈلى ھەر تاڭ بىلەن ئاتسۇن يەنە.

قەشقەر

ئەسسالام ئەي قەشقىرىم، دىلرەبا بوستان دىيار،
نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان تىللاردا كۆپ داستان دىيار.
تا قەدىم رۇم ئەھلىنى رەشك ئوتىدا كۆيدۈرۈپ،
شەرق ئېلىنىڭ ئىپتىخارى، شۆھرىتى بولغان دىيار.

بوۋىمىز مەھمۇد بىلەن ھاجىپ يۈسۈپتەك زات ئۆچۈن،
ھەم ۋەتەن، ھەمدە مۇقەددەس جايى مازار بولغان دىيار.
بۇ ئۇلۇغ بايرام كۈنى ياڭرات راۋابىڭنى يەنە،
زىخلىرىڭغا تولدۇرۇپ شېرىن كاۋابىڭنى يەنە.
ناغرا-سۇناي ئەۋجى بىرلە ئەل ساماسى قاينىسۇن،
يەردە ئوغلاق ھەم چېلىش، ئاسماندا دارۋاز ئوينىسۇن.
ئەي دىيار، بايرام مۇبارەك، ساڭا قۇتاتسۇن ئامىتىڭ،
بۇ ئۇلۇغ دەۋران بىلەن ئاشسۇن يەنە مىڭ شۆھرىتىڭ.

1989-يىل ماي، ئۈرۈمچى

## سالام، قەشقەر

سالام، قەشقەر، ئۇلۇغلار،ئەزىزلەر يۇرتى،
ياقۇتتەك چاقنىغان يۇلتۇزلار يۇرتى.
ئالىمغا خەزىنە، شائىرغا ئىلھام،
گۈلزارلار، كاككۇكلار، قۇندۇزلار يۇرتى.

مىللەتنىڭ پەخرىسەن، پەخرىسەن ھەر دەم،
ئەبەدىي ياشنا سەن بولۇپ مۇكەررەم!

1989-يىل 19-ئۆكتەبىر، قەشقەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مەرھابا

مەرھابا، ئەيىامى نورۇز، مەرھابا،
خۇش خەۋەر يەتكۈزدى بىر خۇشبۇي سابا!

قىشتا باتناپ نېرى كەتكەن زەر قۇياش،
سېغىنىپ يەرنى يېقىنلاپ كەلگۈدەك.
ھۆت بىلەن كەتمەن سېپىن تۇتقان دېھقان
يەنە بەرىكەت دانلىرىنى تەرگۈدەك.

كۆكتە سەيلان ئاق بۇلۇتلاق توپلىشىپ،
تاغۇ دەشتكە مەرۋايىتلار چاچقۇدەك.
ئۈيقۇغا قانغان زېمىن قۇچاق يېيىپ،
ئەلگە ئىقبال خەزىنىسىنى ئاچقۇدەك.

كۆزدە بوران سوقۇۋەتكەن گۈل-گىياھ
يەنە زۇمرەت تونلىرىنى كىيگۈدەك.
تۇرنا، بۇلبۇل، قۇمرى، تورغاي ھەممىسى،
ياد ئېتىپ بىزنى، يېنىشلاپ كەلگۈدەك.

كەلگۈدەك، بۇلبۇل ناۋاسى كەلگۈدەك،
گۈل-چېچەك پەسلى، ھاۋاسى كەلگۈدەك.
ھەم تىنارلىق، ھەم ئۇچارلىق، ھەممە جان
مەرىكە مەيدانىدا ، قايناپ جاھان،
خۇددى ھېيتگاھ ئالدىغا بايرام كەبى
يەنە شوخ قەشقەر ساماسى كەلگۈدەك.

مەرھابا، ئەييامى نورۇز، مەرھابا،
كۆكتە يۇلتۇز، سۇدا قۇندۇز، مەرھابا.
ئەل ئامان، ئاۋات زامان بولسۇن مۇدام،
شۆھرىتىڭ ئاشسۇن تىنىمسىز ھەر سابا!

1990-يىل 20-مارت، ئۈرۈمچى

## قەشقەر كېچىسى

مۇقەددىمە

ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش- ئاسىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

-ۋ.ئى.لېنىن

بوران شۇڭقارلىرى سىلكىتىپ پەر،
سۈپۈرگەچكە پەلەكنى غالىب-مۇزەپپەر،
يوقاپ زۇلمەت، كۈلۈپ چىققاندا چولپان،
تارىمدا ھەم يورۇپ كەتكەندە ئاسمان؛
كىيىپ بوغدامۇ تاج ئالتۇن قۇياشتىن،
تۇغۇلغاندا جاھانغا يېڭىۋاشتىن،
بۇ داستان ئىچرە تۈن-زۇلمەتنى سۆزلەش،
قىلۇر بەلكى كۆڭۈلنى خىرە ھەم غەش.

تىيانشاندا ئېرىپ قار، تاشقاندا دەريا،
باياۋانلارمۇ گۈل قىسقاندا گويا،
سەھەر گۈلشەن ئارا كۈلگەندە لالە،
گۈلابىغا تولۇپ ئالتۇن پىيالە،
زىمىستان ئورنىغا مەڭگۈ بولۇپ ياز،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بەخت-ئىقبال قۇشى قىلغاندا پەرۋاز،
بۇ داستان ئىچرە نەس ئۆتمۈشنى ئەسلەش،
قىلۇر بەلكى كۆڭۈلنى خىرە ھەم غەش.

لېكىن تارىخ يولى دۇردانە ھېكمەت،
بۇ ھېكمەت مەڭگۇ ئۆچمەس بىر ھەقىقەت:
كىشىكىم، ئۇنتۇماس ئۆتمۈش ئەلەمنى،
قويار كەلگۈسىگە توغرا قەدەمنى.
زىمىستان دەھشىتىنى ئەسلىگەنچە،
يېتەر ھەر جان باھار قەدرىگە شۇنچە.
باھاردا ئۇنتۇسا غۇربەت كۈنىنى،
قاراقچى ئالغۇسى كېيگەن تونىنى.
بەختتە ئەسلىسە غۇربەتنى ئادەم،
تاپۇر ئىقبالنى غۇربەتتە ئۇ ھەم.
بۇ داستاندىن مۇراد شۇلدۇر ناھايەت،
ئايان بولسا شۇ مەقسەت ئەلگە شايەت.

مېنى سورىسا پادا باققان بالىدىم،
بۇ شائىرلىق غېمىدىنمۇ نېرىدىم.
قاچانكى سۇندى تەقدىر بىر قەدەھ مەي،
ئۇنى ئىچمەك بىلەن ھوشۇمنى بىلمەي،
بولۇپ دىل بىر جۇنۇنلۇق مۇپتىلاسى،
يېپىشقاندا جېنىمغا ئىشق بالاسى،
تۇتۇندۇم بۇ جاپالىق ئىشقا يەكدىل،
ۋە گەرچە قىسقىدۇر قول، چولتىدۇر تىل.
مۇراد داستان ئۈچۈن داستان ئەمەستۇر،
يېتىلسە ئەلگە خىزمەت، ئۇشبۇ بەستۇر.

1979-يىلى دېكابىر، ئۈرۈمچى

## بىرىنچى باب

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ
كۆلگە چۈشتى شولاسى.
بىزنى كۆيدۈرگەن يارنىڭ
نە زەر باغدا ھويلاسى.
قەشقەر خەلق قوشىقى

1

خىيال ئاسماندا كۈلگەندە چولپان،
گۈزەل قەشقەرگە رىشتە باغلىدى جان،
قاراپ ھۆسنىگە بىر بوستاننى كۆردۈم،
نە بوستان دىلرەبا جانانىنى كۆردۈم.
شۇ جانان مەڭزىگە خالدەك ياراشقان
تۈمەن بويىلىرىدىن مىڭلارچە داستان-
يېزىلسا، ئەرزىگەي ئەل كۆڭلىگە ساز،
قىلاي قىسسەمنى مەنمۇ شۇندىن ئاغاز.

تۈمەن نامىلىق تىنىمسىز، شوخ بۇ دەريا
گۈزەللىكتۇر ئۇنىڭ مەنىسى گويا.
نېمىكى دىلرەبا بولسا جاھاندا،
شۇلارنىڭ ھەممىسى مۇندا مۇھەييا.
زۇمرەت بىلەن ياقۇت، پىرۇزىنى ھەم
شۇ دەريا بويىغا قىلغان كەبى جەم،
چىمەنگە پۈركىنىپ نۇرانە قىرغاق،
ياتار قۇشلار نەۋاسى بىرلە ئويغاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى

باراقسان تال-سۆگەتزار دىلغا ئارام،
ئارامى شاملى ئاندىن دىلئارام.
تۈمەن مىڭ گۈل-چېچەكنىڭ خۇشبۇيىدىن،
كېتەلمەيدۇ كىشى تۈمەن بويىدىن.
كۆرۈنگەن مەللەرنىڭ ھەر يېرى باغ،
ئېتىز، ھويلا، ئېرىق-ئۆستەڭ قىرى باغ.
شۇڭا، گۈلباغ بولۇپ ئۇ تاپتى شۆھرەت،
بۇ دەرگاھ راستى ھەم پىردەۋسى جەننەت!

ئاشۇ جەننەت مىسالى باغ ئارا باغ
كېلىشكەن بىر گۈزەل مەلە"نەزەرباغ".
تۈمەنگە ياندىشىپ تۇرغان بۇ دەرگاھ،
ئەجەب ھۆسنى بىلەن دىلغا ئارامگاھ.
ئەگەرچە ئولتۇرۇپ بىر باغ ئىچىدە،
تاماشا ئەيلىسەڭ ھەم كۆز ئۇچىدە،
ئانار، شاپتۇل شېخى ئۈزرە تۆەنگە-
نەزەر سالساڭ سۈيى ئۆركەش تۈمەنگە،
ئەجەب ھېسلار بىلەن كۆڭۈل بىتاقەت
دېڭىزدەك چايقىلار تىنماي ئالامەت.
كۆرۈنسە مۆڭلىنىپ قەشقەر ھىسارى،
(ئۇزاق ئۆتمۈش زامانلار يادىكارى)،
كىشىدە ئىختىيار قالغايمۇ شۇ دەم
ئۇزاق تارىخنى بىر-بىر ئەسلىمەي ھەم...

قاچانكى، مەلدە كەزگەندە بىر ئان،
ئۆجمىلىكنى قىلىپ سالقىن خىيابان،
ۋەياكى سۇغا چىقسا قىز-جۇۋانلار
(چېچى سۇمبۇل، ئانار يۈزلۈك بۇ جانلار)،

ۋەيا كەچكى شەپەق كۆلگەن تاغدا،
ۋىچىرلاپ قارلىغاچلار باغمۇباغدا،
يېنىشسا مەلگە مۆرەپ موزاي، قوي،
كىرىپ كەلگەن كەبى بىر شاديان توي،
ھاياجانلىق بىلەن مەستانە بولماي-
تۇرارمۇ قەلبىڭىز ئىلھامغا تولماي!
بۇ ئۇيغۇر مەلىسنىڭ ساددا چېھرى،
لېكىن ئوتتەك يېنىق شۇ ئىشقى-مېھرى
كۆڭۈل مۇلكىنى شۇنچە قىلسىمۇ شاد،
ئۇنىڭ تەسۋىرىنى ئەيلەشكە بۇنياد،
قەلەم ئاجىز، تىلىم بىچارە-چولتا.
قىلاي مەن گەپنى ئەمدى كالتا-كالتا.

2

"نەزەرباغ" دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن ئەل،
نەزەر تەگكەنىكەن ئاۋۋالدىن-ئاۋۋال.
ئۆزى قانچە ئاجايىپ، خەلقى شۇنچە،
يىگىتلەر خۇددى شىر، قىزلىرى غۇنچە.
بېغىدەك خەلقىنىڭمۇ كۆڭلى بىر گۈل،
بۇ گۈلگە ھەر كىشى شەيدايى بۇلبۇل.

بىراق، شۇ خەلق ئىچىدە بىرلا ئادەم،
ئاجايىب كۆرۈنەتتى كۆزگە ھەر دەم.
تۇراق مەخسۇم ئىكەنمىش ئەسلى ئىسمى،
لەقەم سىڭگەن "چولاق" دەپ ئەمدى رەسمى.
نېچۈن قويىدى ئاڭا ئەل بۇ لەقەمنى،
بايانىدىن تېجەپ قەغەز-قەلەمنى،
يازاي بىر نەچچە مىسرا سۆرىتىدىن،

يەنە خۇلقى-مىجەزى، قىسمىتىدىن.
سېمىزلىكتە ئىدى مەخسۇم تۇلۇمدەك،
ئىغاڭلاپ مېڭىشى گوياكى ئۆردەك.
يۈزى چوقۇر، كۆزىنىڭ بىرى ئالغاي،
ساقالى كوسادۇر ھەم دوقا ماڭلاي.
بۇرۇننىڭ ئورنىدا بىر ئەگرى مۇنچاق،
تەبىئەت قىلدى گويا ئاڭا چاقچاق.
بىراق، ئىنساپ بىلەن ئېيتايكى، ئەلۋەت،
چولاق مەخسۇمدىمۇ بار ئىدى خىسلەت.
ئوقۇيتتى گاھىدا جەڭنامىلەرنى،
گاھى مەشرەپ، ھۇۋەيدا، پەنناملەرنى.
ئەجەب مەخلۇق ئىدى، تەقدىر-ئىرادە،
ۋە لېكىن دۆلىتى كۆپتىن زىيادە.
شۇڭا، ئۇ تاپتى يۈز، بولدى پالانى،
يېپيېپ ھەممە ئەيىبىن خانۇمانى.
نەزەرباغدا كېلىشكەن ھويلارامى،
ئاجايىب باغچىسى دىلنىڭ ئارامى.
بېغىدا مېۋىلەر بىر-بىرىدىن مول،
يەنە ئەينەك كەبى چاقنار سۈزۈك كۆل.

شەھەردە مال تولا دۇكانغا مالىك،
يېزا-سەھرادىمۇ خامانغا مالىك.
جىمىگە قىلدى مالىك ئۇنى تەقدىر،
پەقەت ئەۋلاد ئىشىدا قىلدى تەھقىر.
بەش-ئونلاپ قىز-جۇۋان يەڭگۈشلىسىمۇ،
لېكىن پەرزەنت يۈزىنى كۆرمىدى ئۇ،
شۇ سەۋدا بىرلە ياش ئەللىككە باردى،
چىشى ھەم سارغىيىپ، چاچلار ئاقاردى.

تاسادىپ بىر كۈنى بىر دوستى خالىس
ئاڭا بىر مەسلىھەت كۆرسەتتى قالتىس.
دېدىكىم:"بىر تۇغۇمچان تۇل تېپىلسا،
ئەجەبئەمەس تەلىيىڭ شۇندا ئېچىلسا".
بۇ گەپ ياقتى چولاققا، بولدى خۇشھال،
كىرىشتى تۇل ئايال تاپماققا دەرھال.
ئۇزاق ئۆتمەي بۇ مۇشكۇل بولدى ئاسان،
ۋە بەلكى توي ئىشىمۇ چۈشتى ئەرزان.

ئايال شۇ مەلىلىك، ئېتى گۈلايىم،
ئۆزى قويدەك ياۋاش ئىدى مۇلايىم.
قويۇپ يالغۇز كېتەردە ئېرى مەرھۇم،
ئۇنىڭدىن قالدى بىر قىز تولا مەسۇم.
ئېتى لەيلى ۋە ياكى لەيلىگۈلدۇر،
يېشى بەش-ئالتىلەردە، چېھرى گۈلدۇر.
بۇ ئۆسمۈر غۇنچىنى كۆرگەندە مەخسۇم،
جىمى غەمنى قويۇپ بىر چەتتە زۇم.
"مۇشۇنداق قىزنى تۇغقان بولسا ئۇ خان،
ئەجەبئەمەستۇر مېنىڭدىن تۇغسا ئوغلان"-
دېدى ھەم كۈتتى پەرزەنت نەچچە ياز-قىش،
ۋە لېكىن كۈتكىنىدەك بولمىدى ئىش.
دېمەك، مەخسۇم ئۆزى تۇغماس كىشىكەن،
نېمە چارە بۇڭا، تەقدىر ئىشىكەن!
شۇڭا ئاخىر ئۈزۈپ ئۈمۈدىنى مەخسۇم،
دېدى:"قىسمەت شۇ بولسا، رازى بولغۇم..."
لېكىن قىزغا ئەگەر چۈشسە نىكاھى،
تۇتالماستىن ئۆزىنى دەيتتى گاھى:
"بۇ غۇنچە-گۈل ئۆسۈپ، گەر بولسا شەمشاد

كىشى چەكمەي تۇرارمۇ ئاھۇ پەريات.
قىنى شۇ چاغدا قەشقەر ئەھلىدىن كىم،
پالان بايۇ، پوكۇن باي ھەمدە ھاكىم،
كۆرەي ئالدىمدا تەزىم قىلمىغاننى،
ئۆيۈمگە ئەلچىلەر ھەم تولمىغاننى"!
شۇڭا مەخسۇم بۇ قىزنىغا قىلدى پەرۋىش،
ئوقۇتتى ئانچە-مۇنچە ھەرىپلى قىش.

چولاق مەخسۇم كارامەت قىلدى گويا
(يېقىن كەلگۈسنى ئۇ بىلدى گويا)،
قىزى لەيلى ئۆسۈپ يەتكەندە بويغا،
جامالى ئەل ئىچىگە سالدى غوۋغا.
كۆزى چۈشكەن يىگىتنىڭ تېنى ياپراق،
جېنى مەڭگۈ بولاتتى ئاڭا مۇشتاق.
ئىشتىكەن ئارزۇلۇق بولدى كۆرۈشكە،
كۆرۈش بىرلە قالاتتى بىر كۆيۈشكە.
ئۇنىڭ داڭقى ئېشىپ ئۆز مەلىسىدىن،
يېتىپ ئەتراپقا تەكشى ھەممىسىدىن
كېلىشكە باشلىدى ئەلچى ئۈزۈلمەي،
بىرى كەتمەي، بىرىنى بىرى كۈتمەي.
چولاق مەخسۇم بولۇپ بىر سۆزچى ناتىق،
تېپىپ ھەر ئەلچىگە ئۆزرە مۇۋاپىق،
كۈتەر بىر-بىرىدىن ئالىي مۇقاملار،
تەمە بىرلە يېقىپ ھەر يولغا شاملار.

ئۇنىڭ بۇ ھالىدىن بىزنىڭ گۈلايىم
بولۇپ دۇچار قارا تەشۋىشكە دائىم.
يوپۇرماقتەك دىرىلدەپ تۇرغىنىچە،



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆزىدىن ياش تۆكەتتى ئۈنچە-ئۈنچە.
قازارا بۇ چولاقتا قايسى بىر كىم،
ياراپ قالسا بۇگۈن يا ئەتە بەلكىم،
ئۇ چاغدا ئىش تامام بولمامدۇ بەربات،
كىمگە ئەيلىگەي قىز دادۇ پەرياد؟
ئۇ چاغدا نىم بولار شېرىن خىيالى،
كېرىم ئاتلىق يىگىتنىڭ دەردۇ ھالى؟
ئېچىلماي سولسا گەر شېخىدا غۇنچە،
ئاياغ ئاستىدا خار بولسا بۇ ئۈنچە،
قۇرارمۇ كۆن ۋە تۈنلەر كۆزى نەمدىن،
يىرىلماسمۇ يۈرەك ئاچچىق ئەلەمدىن؟!
شۇڭا قانچە سوزۇلسا ئارقىغا ئىش،
يېنىكلەيتتى ئۈنىڭ كۆڭلىدە تەشۇىش.
ئۈمىد شۇكى پەقەت يازكەلسە پاتراق،
كېرىمنىڭ تەلىيمۇ كۈلسە پاتراق.
تېپىپ بەش-ئونچە تەڭگە، باشلىسا سۆز،
نادامەت داغىدىن ياشلانمىسا كۆز.
شۇ ھالدا ئۆتتى ئايلار قانچە-قانچە،
باھار كەلدى، بۇلۇتمۇ چاچتى تامچە.

3

قۇياش ئەركىلىتىپ يەرۇ جاھاننى،
قىشچە ئىگرىغان بىچارە جاننى،
ھاياتبەخش نۇرىنى چاچقاندا ھەريان،
تەبىئەت مەڭزىدە تەپچىپ يەنە قان،
يېشىل بەرقۇت كىيىپ ياساندى قىرغاق،
ئېچىلدى لاللەر ھەرياندا پارلاق.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇ لالە ھەربىرى گوياكى ياقۇت-
مىسالى تاۋلىنىپ كۈلسە ۋەياخۇت.
زۇمرەتتىن كىيىپ تاج تالى مەجنۇن،
كۆكۈلنى ھۆسنى بىرلە قىلسا مەپتۇن؛
ئۇنىڭ ئەكسى كۆمۈشتەك سۇ يۈزىدە
ۋە يا قاينام بۇلاقلارنىڭ كۆزىدە،
نامايان بولسا شۇ دەم جىلۋە بىرلە،
ھاشاراتلار يەنە ئەلنەغمە بىرلە،
قىزىتسا بەزمىنى ھەربىر نەپەستە،
ئۇسسۇلغا چۈشسە قۇشلار بەسمۇبەستە،
نېچۈن كۈلمەس كىشى قەلبى چېچەكتەك،
سۆزۈلمەس ھەم نېچۈن بىللۇر، سەدەپتەك؟
نېچۈن كەتمەس ئەلەم-ھەسرەت بىلەن غەم،
يەنە كۆزلەرگە چۈشكەن ئۇنچە-شەبنەم؟

ۋە لېكىن شۇ باھارنىڭ لەززىتىدىن،
ئۇنىڭ چەكسىز سېخىيلىق شەربىتىدىن
تېخى ئىچمەي گۈلايىم بىر پىيالە،
يۈرەك-باغرى بولۇپ خۇن، خۇددى لالە،
تۆكۈپ كۆزدىن تولا قانلىق يېشىنى،
قويۇشقا يەر تاپالماي بىر بېشىنى،
پەرىشان بولدى كۆپ، ھەريان پەرىشان،
چېچىلدىنمۇ ئۇزى سەرسان، پەرىشان.
سەۋەبكى،"ئەلچى" دەپ بىر قېرى دەللە
(يەنە ئىككى ساقاللىق، باشىدا سەللە)،
كىرىپ كەلدى بۇ ئۆيگە كەچ گۇگۇمدا،
يۈدۈپ دەھشەت بىلەن غەمنى تۈلۈمدا.
شۇ سائەت كەتتى بۇ ئۆيدىن ئامانلىق،

ئىشك، تۈڭلۈكتە ماراپ مىڭ يامانلىق.
نېچۈكتۇر بىر بالانى قىلدى تەيىن،
جىمى غەم لەشكىرى ھەم كەردى يايىن.

كېتىپ ئەلچى، ئارادىن بىردەم ئۆتمەي،
چولاق مەخسۇم خوتۇندىن گەپمۇ كۈتمەي،
دېدى: "گەپ شۇ، قېنى ئولتۇر ئىزىڭغا،
بەگ ھاجىمدەك كىشى چىقماس قىزىڭغا.
بىلەمسەن، كەلدى بىزگە بەختۇ ئامەت،
يېتىپتۇ ئەمدى ئىشقا ياخشى سائەت.
ئۆزى كىم ئۇ، بەگ ھاجىم-نامى مەشھۇر،
پۈتۈن قەشقەر ئىچىدە بىرلا مەسرۇر.
بەدۆلەت ھەم ئەمەلدار ھەمدە تەقۋا،
ئۇنىڭ قىلغان سۆزى ھەر جايدا پەتىۋا.
ئەگەر بىلسەم ئىدىم مەيلىنى زاتىنىڭ،
دۇئاسىغا بېرىپ لەيلىنى زاتىنىڭ،
ئۇلۇغ دەرگاھىغا قۇللۇق قىلاتتىم،
دۇئاسىنى يەنە كۆپرەك ئالاتتىم."
بۇ گەپلەرگە گۈلايىم ھېچ چىدالماي،
دېدى: "مەنمۇ گېپىمنى قىسقا ئېيتاي،
ئەگەرچە ئۇ كىشى بولسا كۆيئوغلۇم،
ئاتا دەملا ئۇنى ۋە ياكى ئوغلۇم؟"
بۇنى ئاڭلاپ چولاقنىڭ رەڭگى ئۆچتى،
غەزەپتىن تىترىدى، ئەرۋاھى ئۇچتى.
يۈگۈردى ئالدىغا، تىل سالدى دەرھال،
پۈتۈن ھويلا ئىچىدە قوپتى جاڭجال.
چولاق ئېيتتى: "دېمە بىلمەس سىرىمنى،
قىزىڭغا كۆزلىدىڭ كۆپتىن كىرىمنى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تارىيسى

تىلىڭغا ئالغۇچە بولما كېرىم دەپ،
يالاڭ تۆشكە ئاتا بولماق نومۇس گەپ."

ئۆزى قويدەك ياۋاش بىزنىڭ گۈلايىم
بۇ دورەم تۇرمىدى قاراپ مۇلايىم،
"بوغۇزلايمەن دېسەڭ، قويمۇ تېپىرلار"-
دېگەندەك، ئۇمۇ قىلدى گەپنى ئاشكار.
دېدىكىم:" قويمىدى بىچارە لەيلى،
ئۇنىڭمۇ يوقمىدى خاھىشى-مەيلى،
يالاڭ تۆش بولسىمۇ، ئۆز جورى ياخشى،
ئۆزىدەك ناتىۋان غەمخورى ياخشى."
چولاق سەكرەپ دېدىكىم:"ئەمدى گەپ بەس!
سېنىڭدەك تېگى پەسنىڭ كۆڭلىمۇ پەس."
شۇ گەپ بىرلە يەنە ئۇلغايدى جاڭجال،
گۈلايىم بوغچىسىنى تۈگدى دەرھال.
دالاندىن يىغلىغانچە لەيلىگۈل ھەم
گۈلايىمنىڭ قېشىغا چىقتى شۇ دەم.
يىغا-زارە بىلەن تولدى بۇ ھويلا،
ئاراغا كىردى ھەم بىر قانچە قوشنا.
چولاقمۇ تەنتىرەپ كۆپ چەكتى ۋايىم:
كېتىپ قالسا قىزى بىرلە گۈلايىم،
نېمە قىلسۇن چولاقنى ئەمدى ھاجى،
چىقىپ كەتمەمدۇ قولدىن بەختۇ تاجى.
شۇڭا، دەرھال بوشاتتى كۈلكە ئارىلاش،
يېلى قاچقان رېزىنكە توپقا ئوخشاش.
سالا بىرلە گۈلايىممۇ بېسىلدى،
لېكىن لەيلى شۇئان باغقا ئېتىلدى.

4

كىرىپ باغقا يۈنەلدى كۆل تامان ئۇ،
بىراق ئالەم ئىدى زۇلمەت قاراڭغۇ.
نە كۆك گۈمبەز شامىلىرىدىن ئەسەر بار،
نە كۆكنىڭ ئەركىسى ئايدىن خەۋەر بار.
شامالدا چايقىلار، دولقۇنلىنار كۆل،
لېۋىدە ئولتۇرار قىز، كۆزلىرى ھۆل.
گويا زۇلمەت قاراڭغۇ تۈن تۈپەيلى
بوغۇلغان پارچە جاننىڭ ئەركى-مەيلى.
نە بىر ئۈن سالىسچۇ ھەتتا چېكەتكە،
ئۇ ھەم گويا ئەسىر غەم بىرلە دەردكە.
پەقەت ئاچچىق غەزەپتىن ھۆۋلىغاندەك-
ۋە يا سەۋر-تاقىتى ھېچ قالمىغاندەك.
تۈمەندىن ئاڭلىنار دەردلىك سادالار،
سادا بىرلە يەنە ئوتلۇق نىدالار.
نىداكى، پارچە زۇلمەت تۈنگە لەنەت،
بۇ تۈندىنمۇ قاراڭغۇ كۈنگە لەنەت.

دېدى لەيلى:"بۇ قانداق زامان بولدى،
بېشىمغا تاغ يىقىلدى، يامان بولدى.
گۈلى غۇنچە ئىدىم، بوراندا قالدىم،
نە بوران، بىر يامان شۇۋىرغاندا قالدىم.
نە ئارمان تاڭ بىلەن تەڭ بىر ئېچىلسام،
يېتىپ ئارمانغا مەن، ئاندىن يۇمۇلسام.
نېتەي مەن بۇ زامانە شۇملۇقىنى،
ئۈنىڭ جانغا زەھەر-زوقلۇقىنى.
نېتەي مەن خورلۇقى ھەم كورلۇقىنى،
مېنىڭدەك ناتىۋانغا زورلۇقىنى!"

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شۇنى ئېيتىپ كۆزىنى تىكتى كۆلگە،
ئەجەب مۇدھىش پىكىر كەلدى كۆڭۈلگە:
كۆزىنى يۇمسايۇ ھەم قىلسا غەيرەت،
قۇتۇلمامدۇ جىمى غەمدىن شۇ سائەت.
ھاياتلىق قانچە شېرىن، قانچە ياخشى،
ئۆلۈممۇ نۆۋىتىدە شۇنچە ياخشى...

شۇ چاغ كەلدى يىراقتىن نەي ساداسى،
يۈرەكنى تىترىتىپ مۇڭلۇق ناۋاسى.
جىمىلدى لەيلىمۇ شۇ نەينى ئاڭلاپ،
يۈرەك تىنماس ئىدى لېكىن تېپىرلاپ.
بېرىپ شۇئان يۆلەندى بىر تېرەككە،
ياقار ئوت نەي سەسى دەردلىك يۈرەككە.
كېلەر نەي سەسلىرى مەھەللە چېتىدىن،
بۇ غەمكىن كېچىنىڭ سۈكۈنىتىدىن؛
كېلەر نەي سەسلىرى باغلارنى ئاتلاپ،
ئۆزگە مېھرىبان دىلبەرنى يادلاپ؛
كېلەر نەي سەسلىرى دىلدارنى ئىزدەپ،
كېرىمىڭ كەلدى، لەيلى،قېنى سەن دەپ؛
كېلەر نەي سەسلىرى كۈيلەپ ۋىسالنى،
گۈدەكلىك دەۋرىگە باشلاپ خىيالنى:

مانا بىللە يۈرۈپ ئۆسكەن نەزەرباغ،
يۈگەنسىز تاي كەبى شوخ بالىلىق چاغ.
كېرىم يۈگۈرەر يالاڭۋاش ھەم يالاڭياغ،
بولۇپ لەيلى بىلەن ئويناشقا مۇشتاق.
چىقار لەيلى چېچى تال-تال ئۆرۈلگۈك،
يىغلىغاچ باللار، تىزىپ ئۆرۈكلۈك،

بولۇر بىردەم ئويۇن مۆككەننى تاپماق،
ۋەياكى بىرى قوغلاپ، بىرى قاچماق.
ئۆتەتتى باللىق شۇندا گۈزەل شاد،
نە دەردكە مۇپتىلا، نە چەكسىز پەرياد.
نە ئەمدى بولسا شۇ بەختىۋاش گۆدەكلىك،
يۈگۈرسە قېشىغا، بارسا يۈرەكلىك.
بىرى ئېيتسا تېپىشماق، بىرى تاپسا،
ۋەياكى ئۈجمىلىكتە بىللە چاپسا.
يا ئەمدى بولسىچۇ دۆڭلۈكتە مەكتەپ،
تېپىشقاندەك بولۇپ كاككۇك ۋە زەينەپ،
يېنىشسا ئۆيگە بىللە ئوينا-ئوينا،
مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى ئويلا-ئويلا.

بىراق غەمسىز گۆدەكلىك ئۆمرى قانچە،
تۈيۈلدى كۆكتە چاقماق چاقنىغانچە.
قاچانكى جۇش ئۇرۇپ بىر ھېس ھارارەت،
كۆڭۈل مۈلكىدە قۇرغاچ بىر ئىمارەت،
بىرى سەزدى ئۆزىنى رابىئەدەك،
بىرى سەئدىن بولۇپ كۆيدى بەتەررەك.
ئۈزۈلدى ئىختىيار تىزگىنى دەھشەت،
يۈرەك قىلماس ئەقىلگە ئەمدى بەيئەت.
نېمەدۇر ئىستىگەن ئىسيانچى ئارمان
چاپار ھۇشسىز، يۈگەنسىز ھەم پەرىشان.
بىراق، قانۇن ئىدى قىزلارغا مۇتلەق،
شەرىئەت ھۆكمىچە مەستۇرە بولماق.
شۇڭا ئۆتمەي ئۇزاق بوغۇلدى لەيلى،
بوغۇلدى تام ئىچىدە ھەممە مەيلى.
بوغۇلدى ئىختىيار، سۇندى نىھالى،

www.uyghurkitap.com

قەپەس ئىچرە ئەسىر بىر قۇش مىسالى.
بوغۇلدى ھەممە ئەرك، باشلاندى ھىجران،
پەقەت شۇ نەي ئىدى ئارادا قالغان.

يېتىپ كەلسە شۇ نەينىڭ ئاھۇزارى،
كېتىپ قىز ئىلكىدىن بار ئىختىيارى،
چىقاتتى باغقا ئۇ تىپىپ باھانە،
تۆكۈپ ياش ئۈنچىسىنى دانە-دانە.
كۈتەتتى سەۋرسىز شۇ بىنەۋانى،
ۋەبەلكى نەي كەبى باغرى يارانى.
كۈتەتتى بىر تالاي چاغلار قاتارى،
يېقىن كەلمەس ئىدى لېكىن ئۇ يارى.

نە بولدىكى، بۈگۈن ئۆزگەردى ئەھۋال،
گويا يارغا ئايان بولمىش جىمى ھال.
كېلۈر نەي سەسلىرى ئاستا يېقىنلاپ،
يېقىنلاشقانسېرى ئاھى يېلىنجاپ،
كۆرۈنگەچ مانا تامدا بىر كۆلەڭگە،
يۈگۈردى لەيلى، سىغماي جانى تەنگە.
بىراق، شۇ چاغ چىقىپ باغقا تاراقلاپ،
"قېنى سەن" دەپ چولاق مەخسۇم ۋالاقلاپ.
كىيىپ باغنى بېشىغا سالدى چۇقان،
بۇزۇلدى ئىش تامام، بولدى يۈرەك قان.
يەنە ھىجران، جۇدالىق داغى پەرياد،
پەلەك قىلدى يەنە زۇلمىنى بۇنياد.

*********

ئايا چەرخ، بۇ سېنىڭ پەيلىڭگە لەنەت،

قارارسىز ۋەھشىي شۇم مەيلىڭگە لەنەت!
نېمە بۇ مۇنچىلىك بىھۇدە ئازار،
ئاران يەتكەندە پۇرسەت ۋەسلى دىدار؟
ئەجەب تەتۈر ئىكەن ھۆكمىڭ ھەمىشە،
مۇھەببەت ئەھلىگە زۇلمىڭ ھەمىشە!

### ئىككىنچى باب

قەشقەر قىزى يۈزىدە
دانە-دانە خالى بار.
ماڭا ئېيتقان سۆزىدە
شېكەر دېسەم، بالى بار.
بىر كونا ۋۇرنالدىن

1

نېچۈك ئاتقۇزدى تاڭنى لەيلى شۇ تۈن،
كۆزى ياشلىق، جىگەر-باغرى بولۇپ خۇن،
بۇنىڭ تەسۋىرىگە يوق مەندە بەرداش،
ئەگەر يازسام، كۆزۈمدىن تۆكۈلەر ياش.
ئۈنىڭدىن قىسسىگە تېز كۆچكىنىم خوپ،
جۇنۇن بىرلە ئادا بولمىغىنىم خوپ.

**************

چولاق مەمنۇن بولۇپ بەگ ئەلچىسىدىن
(كۆتۈلگەندىن تولا نېسۋىسىدىن)،
ئىچىگە خۇشلۇقىنى ياتقۇزالماي،
قىمىرلاپ ئورنىدا تاڭ ئاتقۇزالماي،

www.uyghurkitap.com

ئاران يەتتى-ئۇلاشتى تاڭ سەھەرگە،
سەھەر بىرلە كىرىپ كەتتى شەھەرگە.
خالايىققا ئۆزۈمنى كۆرستەي دەپ،
ئەتەي كىردى ساماۋارغا سەھەرلەپ.
كۆرۈنسە بىر تونۇش، كەلسە يېنىغا،
قىلىپ تەكلىپ ئۇنى چايۇ نېنىغا،
ئاچار سۆز شۇ زامان تېپىپ باھانە،
كۆيۈ ھەققىدە سۆزلەپ مەغرۇرانە.
ساماۋار ئەھلىمۇ ھەيران قېلىشتى،
چولاقنىڭ بەختىگە "بەللى" دېيىشتى.

2

چولاقنى شۇ ئورۇندا قالدۇرۇپ بىز،
گۈلايىملار قېشىغا يانىلى تېز.
بەگ ھاجى ئەلچىسى كەتكەچ بۇ يەردىن،
گۈلايىم ياخشىلىقنى كۈتمەي ئەردىن،
نېمە قىلماقنى بىلمەي بېشى قاتتى،
بېشى قاتماق نېمە، ھۇشىن يوقاتتى.
ئاياندۇر ھەممە گەپ، ئىش بولدى مۈشكۈل،
نە مۈشكۈلكى، ئۈمىدمۇ بولدى بىر كۈل.
ئاسان بولماس ئىدى شىرغا تۇتۇلماق،
لېكىن مۈشكۈل بەگ ھاجىدىن قۇتۇلماق.
سەۋەب: شىر قوغلىسا، قاچماققا ئىمكان-
تاپار ئاھۇ، ئەگەر بولسا تىرىك جان.
بىراق، بۇ بەگ ھاجى بىر بالادۇر،
كىمىكى ئۇچرىسا، بەختى قارادۇر.
شۇنى ئويلاپ گۈلايىم تىترە-تىترە،
كۆزىدىن ياش تۆكۈپ ھەم قەترە-قەترە.

قۇچاقلار لەيلىنى، ساقلاپ دىگەندەك،
ئۇنى باغرى بىلەن ئاسراپ دىگەندەك.
لېكىن لەيلى بولەك ئويلار بىلەن بەند،
ئۇنىڭ بۇ ئويلىرى ئىقبالغا پەيۋەند.
سەھەردە خالىي قالغان باغ ۋە ھويلا،
چىقىپ لەيلىمۇ باغقا ئويلا-ئويلا،
سۈزۈك كۆل لېۋىدە ئولتۇردى جىم-جىم،
بۇنى كۆرگەچ يېتىپ كەلدى گۈلايىم.

دېدى:"ۋاي شورى قۇرغۇ شۇم پېشانەم،
نېمە بولغاي كۆزۈمدە قۇرۇسا نەم؛
بېشىمدىن كەتمىدى ھەسرەت-نادامەت،
ماڭا يولداش ھەمىشە دەردۇ كۈلپەت.
جاپا بىرلە قىرىقتىن ئاشتى ياشىم،
زەھەر بولدى ھەمىشە يېگەن ئاشىم.
نە كۆڭلۈڭ تىندى بىر كۈن، كۆردى لەززەت،
نە ئەردىن تەلىيىم، نە كۆردۈم ئىززەت.
مېنىڭدەك بولمىغايسەن لەيلى دەيتتىم،
كېچەلەر ئۇخلىماي بەختىڭ تىلەيتتىم.
قېرىىشتى بۇ پەلەك، كاج كەلدى تەلەي،
نېمىكى تىلىدىم، ئۇ قاچتى كەلمەي."
دېدى لەيلى:"ئانا بولماڭ پەرىشان،
پەرىشانلىق بىلەن كۆپ قىينىماڭ جان.
نېمىكى كەلسە باشقا ئۆز شورۇم دەي،
گۇناھىم قىز تۇغۇلماق، مەن نە ئەيلەي!
مېنىڭ بەختىم ئۈچۈن شۇنچە ئەلەملەر-
چېكىپ شامۇسەھەر كۆپ دەردۇ غەملەر،
بېشىمدا بولدىڭىز پەرۋانە گويا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېقىپ كۆزدىن تولا ياش، بولدى دەريا.
لېكىن،جانىم ئانا، مەن شۇنى ئېيتاي،
بۇ كۆز ياشلار قاچان تاشنى ئېرىتكەي؟
تىلەك بىر گەپ ئىكەن، تەقدىرمۇ باشقا،
قاچان باقتى زامان ئاققان بۇ ياشقا؟
ئۇنىڭدىن چۆل-باياۋان نەدە سەن دەپ،
كېرىم بىرلە كېتەي مەن پۈتكۈزۈپ گەپ.
تىلەيمەن ئانىلىق دۇئايىڭىزنى،
قىلاي قىبلەم ھەمىشە دەرگاھىڭىزنى."
بۇنى ئاڭلاپ گۈلايىم بولدى ھالسىز،
نېمە ئېيتارغا ھەم قالدى ئامالسىز.
پەقەت چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى بىردەم،
يىلان چاققان كىشىدەك تولغىنىپ ھەم.
يەنە شۇ خۇنپەرەس ئەجدىھانى ئەسلەر،
ئۇنىڭدىن چاچرىغان زەھەرنى ئەسلەر.
قايان بارسا ئۇنىڭ شۇم تىرنىقى بار،
ئۇنىڭدىنمۇ يامانراق يارلىقى بار.
يەنە چۆللەر ئارا ئۆي-ماكانسىز،
نېمە غۇربەت چۆشەر باشقا ئامانسىز.
نېمە قىلماق كېرەك؟ بەك ئەزدى قايغۇ،
جۇدالىق كۆنلىرى ئۇندىن قاراڭغۇ.
لېكىن، راست ئېيتتى قىز، جىم تۇرغۇلۇقمۇ؟
يېسەڭمۇ مەيلى دەپ، ئولتۇرغۇلۇقمۇ؟
"يېتىپ قالغۇچە ئەمدى بىر ئېتىپ قال"-
دېگەن سۆز بولغۇسىدۇر ياخشى بىر پال.
شۇ ئويلاردىن كېيىن غەمكىن تەبەسسۇم،
تەبەسسۇمكى، رىزالىق بولدۇم مەلۇم.
بۇنى لەيلى كۆرۈپ، كۈلدى-يېيىلدى،

نە كۈلدى، خۇددى بىر گۈلدەك ئېچىلدى.
ئېسىلدى ئانىنىڭ بوينىغا دەرھال،
سۆزلۈك كۆل يۈزىدە ئەكس ئەتتى بۇ ھال.

3

شۆكۈر كىم، كەلدى پۇرسەت مەن ئۈچۈن ھەم،
قىلاي رەسساملىقىمنى ئەمدى بىردەم.
سىزاي لەيلى ئۈچۈن تەسۋىرىي سۈرەت،
ئەگەر ئىلھام قولۇمغا بەرسە قۇۋۋەت.
بىراق، كۆتمەڭ ئۇنى رەڭدار-بوياقلىق،
بوياقتا ئىستىبدات، رايىمۇ چاغلىق.

مانا ئاددىي بىر ئۇيغۇر قىزى سىزگە،
تونۇشتۇر قارا سۇمبۇل چېچى بىزگە.
يۈزى ئايدەك دېمەيمەن، چۈنكى ئايدا
ئۇنىڭدەك مېھرنىڭ يالقۇنى قايدا؟
ئۇنىڭ مەڭزىدىكى بىر دانە خالى
ياراشقان شۇنچىلىك، گويا جامالى-
ئۇنىڭسىز بولمىغاي گۈلشەندە رەنا،
نە قىلغاي ئايدىكى داغلارغا مەنا؟
دېمەك ئاي تەڭلىشەلمەس بۇ چىرايغا،
پەقەت مۆڭلۈقلۈقى ئوخشايتتى ئايغا.

گۈزەللەر كۆزىنى ھېچ ئىختىلاپسىز
"گويا چولپان"دېگەن شائىر ھېسابسىز.
لېكىن بۇ قىز كۆزىنى ئۇنچە مەسرۇر-
دېيىشكە يوق مېنىڭدە باي تەسەۋۋۇر.
نە چولپان جىلۋىسى، بىبەھرى نۇرى،

نە ئۇيناق ئەركە قىزنىڭ شوخ غورۇرى -
تېپىلماس لەيلىنىڭ كۆزىدە ھەرگىز،
ئەزەلدىن كۆپ خىيالچان چۈنكى بۇ قىز.
تاپاي نەدىن ئۇنىڭ تەسۋىرىگە سۆز،
پەقەت ئاھۇدا بار شۇنداق ئوماق كۆز.

يامان كۆزلەر بۇ كۆزگە چۈشمىگەي دەپ،
كىچە يۇ كۈندۈزى دائىم غېمىن يەپ،
ئۇزۇن كىرپىكلىرى بىدار ھەمىشە،
نە بىدار، ساقچىدەك ھۇشيار ھەمىشە.
كىمىكى بىر قاراپ قويسا ئۇ كۆزگە،
تېگەر بىر ئوق كەبى كىرپىك شۇ كۆزگە.
بۇ ئوقكى تەگسە گەر يا جاننى ئالماي،
ۋە يا جان ئالمىسا، مەيلىگە قويماي،
قىلار دىلنى ئەسىر قارماق مىسالى،
ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ يوق ئامالى.

قەلەمدەك قاشلىرى دەپ قانچە شائىر،
گۈزەللەر تەئرىپىگە بولدى ماھىر.
ئەگەرچە لەيلىنى دېسەك قەلەم قاش،
ئۇنىڭ ھەر قېشىغا بىر مەنە يولداش.
نەۋائىينىڭ قولى تۇتقان قەلەمدۇر،
ئۇنىڭ ھەربىر تېلى بىر ئىشىق-ئەلەمدۇر.

قۇزۇلى دەرد بىلەن سىزغاندا سۈرەت،
دېدى ئۆز لەيلىسىنى سەۋرى قامەت.
لېكىن قەشقەر قىزىنىڭ بويىغا خاس-
تەسەۋۋۇرنى تاپالماي، ئەيۇھەننىاس.

تىلىم تىترەپ، دىلىم كۆپ چەكتى دىشۋار،
سەۋەبكى بىزدە نە"سەۋرى" سۆزى بار؟
ئۇنىڭدىن ياخشىسى ئۆز سۆزىمىزچە-
قىلاي تەسۋىر: بۇ قىزنىڭ بويى غۇنچە.
جاھاندا غۇنچە بوي قىز بەلكى كۆپتۇر،
لېكىن ھېچقايسىسى لەيلىچە يوقتۇر.

دېمەك بارچە گۈزەللىك خەزىنىسىدە
ۋە يا جۇشقۇن لاتاپەت باغچىسىدە،
نېمىكى بولسا شۇندىن دەستە-دەستە-
بېرىلگەن لەيلىگە شۇنچە نېسۋە.
پەقەت شوخلۇق، غورۇرلۇق چەشمەسىدىن،
تەمەننا نازىنىڭ كەرەشمىسىدىن.
نېچۈندۇر تەگمىگەن بۇ گۈل پەرىگە،
نە گۈلكى بارچە گۈللەر سەرۋەرىگە.
تۇرۇپ يەڭ باغدا ئەمگەك قىلسا گاھ-گاھ،
ۋە ياكى چاق ئېگىرسە ئۆيدە تەنھا،
قىلاتتى ناخشىنى ھەمراھ ۋە لېكىن-
ئىدى بۇ ناخشىلار مۇڭلۇق ۋە غەمكىن.
گۆدەك چاغدا مۆكۈشمەك ئويناشتىمۇ قىز،
ئەمەستى باللاردەك شوخ ۋە ئەنسىز.

بىراق، لەيلى شۇ تاپتا غەيرىي بىر قىز-
بولۇپ قالدى، ئاجايىپ شوخ ۋە كەپسىز.
بايا كۆرگەچ گۈلايىمدا تەبەسسۇم،
بۇنى بىر رازىلىق دەپ شۇنچە مەسئۇم-
بوۋاقتەك بىغۇبار زوقلا تولۇپ ئۇ،
ئېسىلدى ئانىنىڭ بويىنغا دەررۇ.

www.uyghurkitap.com

ئېسىلدى، تاپتى گويا باشپاناھنى،
ۋىسال ئارزۇسىغا ھەم رەھنەمانى.
ئېسىلدى، كۆزدە ياش، ئۈمىد، ھاياجان،
گۈلايىم قەلبىنى ھەم باستى تۇغيان.
دېدى يىغلاپ گۈلايىم:"مەن نېمە دەي،
پەلەكنىڭ كاجلىقىدىن كىمگە نالەي!
بۇيان تارتسام ھارۋا سۇنار، نېتەي مەن،
ئۇيان تارتسام ئۆكۈز ئۆلەر، نېتەي مەن.
كېتەرسەن، مەن قالارمەن بۇ ماكاندا،
نېمە خوۋلۇق بولار ئەمدى جاھاندا؟
ئىزا ھەم تەنە-دەشنەم، دوقمۇ چاغلىق،
ئۆتەر ئۆمرۈممۇ بىر-بىر ساناقلىق.
ئۆلۈم ئاسان ئىدى ئايرىلمىغىمدىن،
قانىتىمنىڭ سۇنۇپ قايرىلمىغىدىن،
لېكىن بولماي سېنىڭ بەختىڭگە زامىن،
ئىلاھا، يەت قىزىم مەقسەتكە، ئامىن!"

ئانا بەرگەچ دۇئاسىنى مۇئەييەن،
كېڭەش بىرلە جىمى ئىش بولدى جەزمەن:
كېرىم كەلسە ئەگەر كەچتە سوراقلاپ،
ئۇنىڭ بىرلە كۆرۈشكەي بىر ئاماللاپ.
ئەگەرچە كەلمىسە يا چىقسا توسقۇن،
تېپىپ بىر چارە-تەدبىر ئەتە-ئۆگۈن،
خەۋەر قىلغۇزغۇلۇق بۇنى گۈلايىم
(كېلىپ قالغاي ئۆزى كەچتە، ئىلاھىم).
ئۈمىد، ئارزۇ، ۋىسالغا تەلپۈنۈپ دىل،
نىجاتلىقنى تىلىدىيۇ، شۇنچە شېرىن،
ھامان ياشلىق ئىدى كۆزلەر ۋە لېكىن.

*********

ئايا چەرخ، قىل بۇ نۆۋەت بىر مۇررۇۋۋەت،
زۇلۇم،بىدادلىقىڭنى قوي بۇ نۆۋەت.
يېتەر شۇنچە ئۇنى كۆيدۈرگىنىڭمۇ،
پىراق بىرلە تىرىك ئۆلتۈرگىنىڭمۇ!
ئۈمىدگە يېتىپ بىچارە لەيلى،
نىجات تاپقاي دىلى مىلك پارە لەيلى.
قەلەم، سەنمۇ بۇ گەپنى ئەمدى بەس قىل،
نېمە بۇ ئىلتىجا، ئىشنى ھەۋەس قىل.
قېنى لەيلى ئۈچۈن مەجنۇن كېرىمىڭ،
ئۆزۈڭدەك باغرى خۇن، مەھزۇن كېرىمىڭ؟
ئۇنى كەلتۈر، قېنى خىلۋەتتە كەلتۈر،
ۋىسال باغىغا تېز سۈرئەتتە كەلتۈر!

## ئۈچىنچى باب

پايدىسىز بىر پارچە گۆشتىنلا ئىبارەتتۇر يۈرەك،
پارە-پارە كەسمىسە ئىشق-مۇھەببەت قايچىسى.
-ئابدۇللا توقاي

1

كېرىم ئاجىز تېرىمچى بىر ماكانىنىڭ،
تىكەندەك ئوغلى ئىدى توختىكامىنىڭ.
كىشىنىڭ يېرىگە ئەر ئۆمرى ئىشلەپ،
ھامان قالغاچ يەنە لېۋىنى چىشلەپ.
تۈگۈپ بىر كۈن بېلىگە زاغرا ناننى،
سېلىپ ئۆشنىسىگە ياماق چاپاننى،
شۇ كەتكەنچە ئاتا تاغ ئارقىسىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

("بەخت تاپماق"ئۈچۈن ئۆيۋاقسىغا)،
بۇ يۇرتقا قايتمىدى، شۇ بولدى بانا،
يېنشلاپ قانچە رەت قايتسمۇ تۇرنا.
شۇ يىللار ئىچىدە بۇ بىقارار چەرخ،
يولىدا ئۆلۈك ۋە سولنى قىلمايىن پەرق،
ئوقۇپ بارچە بالا-شۇملۇققا ئەپسۇن،
تىرىلدى گۆرىدىن گوياكى پىرئۇۋۇن.
سوقۇپ بوران،جۇدۇن-چاپقۇن، شۇۋىرغان،
تۇمۇغ دەھشىتىدە قالدى تىيانشان.
تارىمنىڭ ياقىسى يېرتىلدى نەچچە،
ئاياغ ئاستىدا قالدى لالە-غۇنچە،
كىمىكى ئەرك دېدى، باش قالدى تەنسىز،
كۆمۈلدى نى ئەجەب ئەرلەر كېپەنسىز.
ئاساۋ، قارىغۇ ئەجەل ھەر ياندا كەزدى،
كىمىكى ئۆچرىدى، دەسسىدى، ئەزدى.
ئۈچەيلەر ئىلىنىپ جاڭگال گىياھى
شامالدا ھۇشقىتار ماتەم ناۋاسى.
گويا قۇشخانىغا ئايلاندى ئۆلكە،
يۇراپ قان، يامرىدى چىلبۆرە، تۈلكە.
كۆرۈنگەن ھەممە دۆڭ شېھىت مازارى،
سۆڭەكلەردىن تىكىلدى"شېك"مۇنارى.
تىرىكلەر چۆرە-قۇل، ئىت ئورنىدا خار،
ئۆزىنىڭ يۇرتىدا غۇربەتكە دۇچار.
پىيالە سۇندى ھەم تۆكۈلدى شەربەت،
نىكاھ تەنتەنىسى بولدى مۇسىبەت.
يۇلار چاچ ئانىلار ئوغۇل غېمىدە،
ئوغۇللار قاتمۇ-قات تۇرمە ئىچىدە.
كېلىنىنىڭ چاچلىرى ئاقاردى بىۋاخ،

بوۋاقلار زەنخى ھەم ئۆچتى بىچاغ.
ئەگەرچە بىر ئۆمۈر يازسا مۇئەررىخ،
نېچۈك پۈتكەي بۇ قانلىق ئەسرى تارىخ.

يەنە تويماي قارارسىز چەرخ شۇنچە قانغا،
"قىيامەت"دەھشىتىنى سالدى جانغا.
زاۋالنى ئازكۆرۈپ، ئەكەلدى تۈننى،
قارا تۈنگە قوشۇپ ئاچچىق تۈتۈننى.
گومىنداڭ كەلدى يۈرتقا، بولدى پاشا،
قولىدا قامچىسى، ئاغزىدا غاڭزا.
كۆلىنى قاقتى بىزنىڭ بىشىمىزغا،
پۈتىنى چىلىدى كۆز يېشىمىزغا.
نېچۈك بۇلغاتسا چاڭجىياڭ سۈلىرىنى،
تارىمغا چاچتى شۇنچە زەھرىنى.
ئاۋۋال باشلاپ بوغۇزلاپ كۆمدى پەننى،
مائارىپ دېسە كىم، سالدى كىشەننى.
بۇزۇپ مەكتەپنى قىلدى بىر گۆرىستان،
تىياتىر ۋە كۇلۇبلار بولدى يىڭفاڭ.
تىرىلدى سوپى-ئىشانلىق جاھالەت،
تۇماندەك قاپلىدى ئاسماننى زۇلمەت.
"قىزىلپاچاق" ئاتالدى ھەر زىيالىي،
كۈنى شورلۇق، ئايانچلىق بولدى ھالى.
كىمىكى داد دېسە، كەستى تىلىنى،
تىلى تۇرماق، تۆكۈپ ئىچتى قېنىنى.
خۇسۇسەن يۈرگۈزۈپ ئىرقىي سىياسەت،
خەلقلەر ئىچىگە سالدى ئاداۋەت.
قىلىپ ئىنكار جىمى مىللەتنى قەستەن،
دېدى:"سەنلەر بىر نەسلداش ئۇرۇق سەن".

www.uyghurkitap.com

بىرىنى ئاقچى سەن دەپ، بىرىنى كۆكچى،
بىرىنى ئوغرىدۇر، بىرىنى دوقچى،
دېدى ئەلنى بۆلۈپ مىڭ بىر بۆلەككە،
بۆلۈنگەننى ئوخشاي تېرىپ يېمەككە.
دېدى:"بۇ چىگرا خەلقى بېشى تىنماس،
بېشى تىنسا، تۆكۈلگەن مۇشنى تىنماس.
قىلار ئۈچ يىلدا بىر قوزغىلاڭنى،
ھەر ئون يىلدا قىلار ئۈندىن يوغاننى.
كېرەك سالماق ئاتا زەنجىر-كىشەنلەر،
قىرىلسۇن يىلتىزىدىن ئەرك دېگەنلەر".

قۇرتتەك يامرىدى جاي-جايدا جاسۇس،
ئاياغ ئاستى قىلىندى بىتتى ناموس.
نە چىن دوستلۇق-ۋاپادىن قالدى زەررە،
قارا ئىتلار ئۈچۈن مول كەلدى مەررە.
نە تىنچلىقتىن ئەسەر، نە بەرىكە ئەلدە،
نە قالدى كۈچ-قۇۋۋەت بىلەكتە، بەلدە.
زۇلۇكتەك شورىدى قاننى بۇ "لويا"،
كىشىگە كەڭ جاھان گۆر بولدى گويا.
زامانە زورغا بولدى، قايغۇ كورغا،
قاچان باققان زامانە كۆنى شورغا!
كىمىكى تاپتى يۈز، گۈللەندى يۈز-يۈز،
كىمىكى ناتىۋان، باغىدا كەچكۈز.
پۈلى بارنىڭ گېپى ئوڭ بولدى ھەر چاغ،
پۇلى يوقنىڭ بېشىغا كەلدى دوزاخ.
تېرىمچى بىر چولاق كەتمەندە قالدى،
ماتاچى مىڭ ياماق چەكمەندە قالدى.
غىچىلدار ھارۋىنىڭ چاقى قەدەمدە،

كانايغا بولمىسا، سۇنايغا نەدە!
ئەگەر سوزسام بۇ گەپلەرنى يازاي دەپ،
قەلەم-قەغەز بىلەن تۈگەرمىدى گەپ.
ئۈنىڭدىن ياخشىسى باشلاي كېرىمدىن،
بايا باشلاپ چالا قويغان يېرىمدىن.

زىمىستان دەھشىتى گەر بولسا قانچە،
بوران ھۇۋلاپ، ئۇرۇپ تۈرسىمۇ قامچە،
ۋە ياكى شاخىغا ھەر كۈندە پالتا-
تېگىپ، ئۆمرىنى گەرچە قىلسا كالتە،
پۈكۈلمەي قامىتى، سولماي جىلالى،
ھامانە تىك تۇرار قارىغاي مىسالى.
ئۆسۈپ يەتتى كېرىممۇ ياش قۇرامغا،
بولۇپ ۋارىس يەنە شۇ توختىكامغا.
ۋە لېكىن تەلەيدىن كۆپ بولدى شورلۇق،
قىلىپ نامەردە زامانە تولا زورلۇق.
بىرى ئورتاق دېدى، خامانىنى ئالدى،
بىرى ئالۋان دېدى، قالغانىنى ئالدى؛
بىرى ئۆشرىگە دەپ، توپانىنى ئالدى،
بىرى يامۇلغا دەپ، سامانىنى ئالدى؛
بىرى چىرىككەن دەپ، ئوتۇنىنى ئالدى،
بىرى بەگلەرگە دەپ خۇرجۇنىنى ئالدى؛
بىرى ئامبالغا دەپ، مەي پۇلى ئالدى،
بىرى مەيگە قوشۇپ، سەي پۇلى ئالدى؛
ئېشەكنى سەيسگە دەپ دورغا ئالدى،
توقۇمنى بىر دۇئاغا موللا ئالدى؛
بىرىدىن بىرى كۆپ قىزغاندى، ئالدى،
كېرىمنىڭ ئىككىلا ھەمراھى قالدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەت ئادرېسى

بىردۇر ئانىسى زورەمخان ئاچام،
بىرى نەي، قولىدىن چۈشمەس سەھەر-شام.

شۇ نەي قىلسا تەرەننۇم چۆلئىراقتىن،
شىكايەتلەر ئوقۇپ ھىجران پىراقتىن،
پەقەت لەيلى بىلەن ئۇرار ئىدى جۇش،
مىسالى گۈل دېدى بۇلبۇل، بولدى بىھۇش.
شۇ لەيلى قىلمىسا يارقەلبىنى قان،
تۇتۇپ كەتمەن، قېتىپ تاشتەك قاپارغان-
بۇ قوللار ئەۋرىشىم بولغايمۇ زىنهار،
بىسىپ نەي پەدىسىن شۇنچە ھۇشيار!
بولۇپ شۇ نەي كۆكلىنىڭ تەرجىمانى،
ئۇنىڭدىن ئۇرغۇسا دەردلىك پىغانى،
نېچۈك تۆزگەي ئۆيىدە لەيلى بىردەم،
ئاڭا قىلماي ئۆزىنى يارۇ ھەمدەم.

2

مانا كەلدى بۇ ئاخشام نەيدىن سەس،
لېكىن ئۆيدە ئىدى مەخسۇم چولاق نەس.
بۇگۈن مەخسۇم بولۇپ شېرىن سۇخەنساز،
ئۆزىچە ھەر سۆزىدە كۆرسىتىپ ناز،
گۈلايىمغا قاراپ ھىجايىدى بىر پەس،
ئۇزاتتى ئارقىدىن بىر ئەتلەس.
قىلىپ لەيلىگە ئاندىن كۆپ خۇشامەت،
ئۆزىنى كۆرسىتىپ بەك ئالىي ھىممەت،
تاۋار-دۇردۇنىنى يايدى پارچە-پارچە،
دېدى:"ئال، ياقىننى خالىغانچە."
ئۇنىڭ مۇنچە سېخىي ھاتەملىكىدىن،

نە هاتەمكى، تولا بىپەملىكىدىن
كۈلۈشتى ئۆز ئىچىدە هەر ئىككىلەن،
بىسىپ دەرد، ئاچچىقنى سەۋر بىلەن.
ئەنە شۇ چاغ تىلى دىلىغا تونۇش نەي،
تۆكۈپ مۇڭ-زارىنى، دەردكە تۆزەلمەي،
كىلىپ باغ ئارقىسىغا چەكتى ئەپغان،
قىلىپ دەۋەت يېنىغا يارنى پىنهان.
بىتاقەت بولدى لەيلى جىم تۇرالماي،
بۇنى سەزدى چولاقمۇ چەتتە قالماي.
دىيدى ئۇ كۆڭلىدە:"هەي،سادىدا، مۆڭ قىز،
سىرىڭنى بىلدۈرۈپ قويدۇڭ تولا تېز.
قېنى قانداق قىلارسەن، بىر كۆرەيچۇ،
كۆرۈپ ئاندىن جازايىڭنى بېرەيچۇ."
شۇنى ئويلاپ چولاق ئۆز كۆڭلىدە خۇش،
ناماز خۇپتەنگە ماڭدى، ئۆينى قويۇپ بوش.

ئۆتەر-ئۆتمەي ئارادىن ئازغىنا چاغ،
يۈگۈردى لەيلىگۈل، ئايدىڭ ئىدى باغ.
كىرىمۇ چۈشتى شۇ چاغ باغ تېمىدىن،
يۈرەك تىترەر ئىدى ۋىسال دېمىدىن.
يېقىن كەلگەچ تۇرۇپ قالدى باراۋەر،
بىرىدىن بىرىنىڭ قامىتى دىلبەر.
قارا يەرگە چېچىن ئويىنار ئىدى قىز،
نازۇك بارماقلىرى تىترەيتتى ئەنسىز.
كىرىم ئۇزمەس ئىدى قىزدىن كۆزىنى،
تاپالمايتتى بىراق ئېيتار سۆزىنى.
خىيابان بولدى بىر شاپتۇلا خىلۋەت،
پۈتۈن باغ ئۇيقۇدا، هاكىم سۈكۈنات.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

پەقەت كۆكتە تولۇن ئاي جىلۋە بىلەن
ئۈزۈپ يۈرگەن كەبى دېڭىزدا يەلكەن،
بۇ ئاخشامنى تاماشا قىلار جىم،
بۇنىڭ تەسۋىرىگە يوقتۇر ئىلاجىم.
لېكىن شۇ چاغ بۇ باغنىڭ بۇرجىكىدىن
(يېرىلغان باغ تېمىنىڭ يوچۇقىدىن)،
چولاق مارار ئىدى ئوغرى مۈشۈكتەك،
بۇنى سەزمەس كېرىمۇ لەيلىگۈلدەك.

دېدى ئاخىر كېرىم:"ئەي گۈل ئۈزارىم،
ھاياتىم گۈلشەنى، جان لالە-زارىم.
جىمى گەپتىن تولۇق بولدۇم خەۋەردار،
تىلىم ئاجىز غېمىم ئەيلەشكە ئىزھار.
مۈشۈنچە ھىجرى داغى يەتمىگەندەك،
ئاراغا ئۈندى ئۇ زالىم تىكەندەك.
ئۈمىد-ئارزۇ گۈلى سولغايمۇ ئەمدى،
جۇدالىق بىر ئۆمۈر بولغايمۇ ئەمدى!"
جاۋاب ئورنىدا قىز بىلمەي ئۆزىنى،
قولى بىرلە توسۇۋالدى يۈزىنى.
تاراملاپ چۈشتى دەرھال كۆزىدىن ياش،
كېرىم تىترەر بىرەلمەي بۇڭا بەرداش.
شۇ ھالدا ئىككى قەلب مۇڭ-زار تۆكۈشتى،
زامانە پەيلىنى قارغاپ سۆكۈشتى.
سۆكۈشتى كۆزى كور، گۇمراھ زامانى،
نە گۇمراھ، شۇم پېئىل بەتخاھ زامانى.
سۆكۈشتى كۆڭلى تار، نامەرد زامانى،
نە نامەرد، خۇنپەرەس بەتبەخت زامانى.

ئاخىرى لەيلى قىلدى سىرنى ئىزھار،
(نىجات ئىزدەپ كېتىشكە ئۆزى تەييار).
دېدى:"مۇندىن كېچىكمەي تېز كېتەيلى،
نېمىكى كەلسە باشقا تەڭ كۆرەيلى."
بۇنى ئاڭلاپ، كېرىمنىڭ قەلبىدە جۇش-
ئۇرۇپ بىر ھېس، ئۇ گويا بولدى بىھۇش.
كۆڭۈلدە بولسىمۇ، گەرچە شۇ مەقسەت،
ئايان ئەيلەشكە بولماي تىلدا جۈرئەت،
بېشى تاشتەك قېتىپ ئاشۇ ئازابتىن،
يىلاندەك تولغىناتتى ئىزتىراپتىن.
بۈگۈن بولغاچ شۇ مەقسەت ۋاقتىدا ھەل،
يېنىپ گويا ئۈمىد دەشتىدە مەشئەل،
نېمە قىلماقنى بىلمەي خۇشلۇقىدىن-
سىلار قىزنىڭ چېچىن بىھۇشلۇقىدىن.
نېمەدۇر ئېيتقۇسى ھەم كەلدى شۇئان،
بىراق، تىترەپ لېۋى بەرمەيتتى ئىمكان.
شۇ ھالدا بىر ھازا ئۇ بولدى تەخىر،
يىغىپ ئەس-ھۇشنى مىڭ تەستە ئاخىر،
دېدى:"يار ھىممىتىگە بارىكاللا،
بېشىم كۆككە ئۇلاشتى، مىڭ ھەشقاللا!
مۇبارەك لەۋزىڭىز يول ئاچتى روشەن،
يېسۇن ئۆز گۆشنى ئەمدى ئۇ دۈشمەن.
ۋاپا مەكتىپىدىن كىم ئالسا تەلىم،
ئۆزىگە قىلغۇلۇق سىزنى مۇئەللىم.
نېچۈكمۇ تەڭلىشەي مەن سىزگە دىلدار،
قىلاي ھەر ھالدا ئۆز پىكرىمنى ئىزھار:
كېلەي تۈن يېرىمى ئەتە بۇ باغقا،
كېتەيلى ھېلىچە بىز توققۇزاققا.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئوبۇل كۆرسەتكۈسى بۇ ئىشتا ياردەم،
لېكىن قىينار مېنى شۇ تاپتا بىر غەم!"
دېدىكىم:"نېمە غەم ئۇ سىزنى قىينار؟"
دېدى:"يەتسە مۇ ئۆيدىن سىزگە ئازار؟"
دېدى:"يەتكەچ ئانامۇ ھالىمىزغا،
دۇئاسىنى بېرىپ ئاقىۋلىمىزغا،
تۆكۈپ كۆز يېشىنى بولدى مەدەتكار،
نېمىكى دېسىڭىز، مەن شۇڭا تەييار!"
شۇ بولدى بىر قارار، قىز ماڭدى خوش دەپ،
ئۆزەر ئايمۇ پەلەكتە ئاستا ئۆگدەپ.

ئەجەب ئوتلۇق ئىكەن بۇ ئىشىق خىتابى،
ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى بىر دەرد كىتابى.
كىمىكى ئوقۇدى ئۇندىن سەھىپە،
شۇنىڭغا تەگدى بىر سىرلىق نەسىبە.
بىكارغا ئۆزىنى ئۇرمايدۇ بىغەم،
چىراغ پەرۋانىسى ئوتقا سەھەر-شام.
بىكارغا سايرىماس تۈنلەردە بۇلبۇل،
ئۇنى كۆيدۈرمىسە گۈلشەن ئارا گۈل.
بىكار ئاقماس ئىدى دەريادا تاھىر،
دىلىدا بولمىسا يار ئىشقى زاھىر.
لاۋۇلداپ تۇرمىسا لەيلى ۋاپاسى،
قەيەردىن ئاڭلىنار مەجنۇن ناۋاسى.
بىكارغا كۆيمىدى شاھزادە پەرھاد،
چېكىپ ئۆمرى بويىچە شۇنچە پەرياد.
ئەگەرچە بولمىسا ئەرمەندە شېرىن،
نېچۈن تارتقاي بۇ پەرھاد ئىشقى جەبرىن؟
قولىدىن كەلسە گەر سوقراتمۇ تاغدا،

قويۇپ كەتمەس ئىدى پەرھادنى داغدا.
تالاي ئىزدەندى شائىر ھەمدە دانىش
قىلىپ بۇ سىرنى بىر ئالماقچى خاھىش.
يەنە قانچە مۇنەججىم باقتى كۆككە،
جاۋاب تاپماق ئۈچۈن سىرلىق كۆيۈككە.
جاۋاب بىر بولدى ئاخىر ھەممىگە ماس،
"كۆيۈك بىر بەخت، پەقەت ئاشىقلا خاس!"
دېمەك بۇ بەخت نېسىۋى ھەممىگە تەڭ،
(بەزەن تاراق ۋە بەزەن ئىككىلىك كەڭ)-
يېزىلغان يالتىراق باغاق ئەمەسكى،
بېرىپ ئادرېسغا تەگسە، شۇ بەسكى،
ئەگەرچە بولسا ئۇ بىر قارىغۇ ئامەت،
ئاۋال تەگكەن بولاتتى بەگكە ئەلۋەت.
ۋە لېكىن بەگ تۈگۈل، باي ھەم ئەمەلدار،
پۈتۈن قەشقەردە چەكسىز ئابرۇيى بار؛
لاداق، كەشمىر بىلەن خوتەن، كۇچادا
يۈرەر كارۋانلىرى بار كەڭ-كۇشادا؛
شەھەر قانچىلاپ ساراي، دۇكانىغا،
يەنە بىر قانچىلاپ ھويلا ۋە ساڭغا،
خوجايىن نەچچىلەپ باغلارغا مۇتلەق،
ئۆيىدە نازىنىن خانىملىرى نەق،
يەنە دائىم كۆڭۈلنىڭ ئىشقىدا مەست،
جۇۋانمۇ ياكى قىز دەپ پەرقمۇ ئەتمەس-
بەگ ھاجىدەك كىشىگە تەگمىدى ئۇ،
بۇ"زات"نىڭ ئىستىكى گەر بولسىمۇ شۇ.
ئۇنىڭ ئەكسىچە بۇ بەخت نەدە دەيسەن دەپ،
غېرىبى بىر يېتىم كېرىمنى ئىزدەپ،
شۇنىڭ قەلبىدە بىر بەخت قىلدى بۇنياد،

www.uyghurkitap.com

چىندەك ئورنىشىپ قالدى ئۆمۈرباد.
سەۋەبكى، قايسى قۇزغۇن بولدى بۇلبۇل،
يەنە ئازغان نېچۈك بولسۇن قىزىلگۈل!
سەۋەبكى، مىستىمۇ يوق رەڭ ئېپىشى،
لېكىن تەگمەس ئاڭا ئالتۇن نىسىۋى!

*************

تىلە شائىر، ساڭا ھەم كەلسە شۇ بەخت،
ئەجەبمەس قۇرسا قەلبىڭ ئىچرە بىر تەخت.
ۋىسالىغا ئېرىشمەك گەرچە تەستۇر،
كۆيۈككە مۇپتىلا بولساڭ شۇ بەستۇر.

## تۆتىنچى باب

مەززەئى لۇتپى ئىلاھىدۇر دىيارى كاشغەر،
ئىشق ئېلىنىڭ قىبلىگاھىدۇر مازارى كاشغەر،
ئىشق-ئۆلپەت چەشمىسىدىن دەردۇ مېھنەت جۇش ئېتەر،
تۇپراغى ھەسرەت بىلەن پۈتكەن ھىسسارى كاشغەر.
-گۇمنام

1

تولۇنئاي ئۆگدىمەكتە كۆكتە خامۇش،
نەزەرباغ ئۈيقۇدا، ئۇخلاپ كۆرەر چۈش.
پەقەت ئويغاق ياتار بىر كۈلبە چەتتە،
(كەرەم باغقا تۇتاشقان يول تەرەپتە).
ئوغۇل بىرلە ئانا نۆۋەتمۇ-نۆۋەت-
قىلار ئۆز غەملىرى ئۈستىدە سۆھبەت.

كېرىم ئېيتقاچ جىمى گەپنى بۇ ئاخشام،
كۆزىگە ياش ئېلىپ زورەمخان ئاچام،
گويا شادلىقتىن ھۇشىنى بىلمەي،
ۋە ھەتتاكى قۇلاقىغا ئىشەنمەي،
سورايتتى ئوغلىدىن گەپلەرنى تەكرار،
قىلىپ ئۆز تەشۋىشىنى ھەمدە ئىزھار.
دېدى ئاخىر:"ئەجەپ ئوڭ كەپتۇ تەلەي،
خۇداغا يۈز تۈمەن مىڭ شۈكۈرلەر دەي.
بۇ يۇرتتا تېگى يوق جانان بۇ قىزغا،
خالايىق ئاغزىدا داستان بۇ قىزغا،
ئانا بولماققا لايىق بولسام ئەمدى،
نە ئارمان خۇشلۇقۇمدىن ئۆلسەم ئەمدى.
ئاقارغان چاچلىرىم بولسا پاياندار،
سىنىك بەختىڭ ئۈچۈن شۇمۇ يەنە ئاز.
ئۆزۈڭدىن شۇ ئىدى مەقسەت-مۇرادىم،
خۇدايىمغا يېتىپتۇ ئەمدى دادىم.
گۈلايىم خانمۇ دائىم شۇنى دەيتتى،
مېنىڭدىنمۇ تولاراق غېمىڭ يەيتتى.
قاچان بولسا لېكىن بىر توي ئىشى بار،
بۇ يوقسۇزلۇق غېمىنىڭ تەشۋىشى بار.
نېمىمۇ قىلغۇلۇق چولاق مۇبادا،
بۇ ئىشتا قىستىسا قارىغۇنى يادا؟"
كېرىم دەيتتى:"ئانا، كۆپ غەمگە چۆكمەڭ،
بولار بىر گەپ، تولا ئەندىشە قىلماڭ."
شۇ خىلدا سۆزلىشىپ ئۆتتى يېرىم تۈن،
ئۈمىد،تەشۋىش ئىدى ھەر گەپكە مەزمۇن.
دېيىشتى ئاخىرى"ئەمدى تەۋەككەل،
تەۋەككەل تېگىرقاشتىن مىڭ-مىڭ ئەۋزەل!"

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم تارقاتقۇچىسى

2

چىملىدىقتىن چىقىپ كۆلگەندە چولپان،
يۈزىنى ناز بىلەن ئاچقاندا ئاسمان؛
خورازلار چىللىشىپ شوخ، يانمۇياندىن،
نامايىش باشلىغاندا سۈبھى تاڭدى،
يۈرەك دولقۇنلىنىپ دېڭىز مىسالى،
قانات قاققان كەبى پىكرۇ خىيالى،
كېرىم ئەسلى ئىدى كەچمىشنى مەھزۇن،
چۈشۈپ يادىغا ئۆتكەن بىر ئەجىب كۈن:

...مانا كەچ كۈز، پاتار قەشقەر قۇياشى
سىڭىنغاندەك گويا ياستۇقنى باشى.
بۇلۇتلار مەغزىگە قونغان شەپەق ھەم
كېتىشكە ئالدىرايتتى ئالمايىن دەم.
تەبىئەت چېھرىسى غەمكىندى شۇنچە
گويا كۆلمەي سولاشقان لالە-غۇنچە.
توسۇپ بىر توپ قاراقچىلار يولىنى،
بۇلاپ كەتكەن كەبى بەرقۇت تونىنى،
كىيىپ ئەمدى غېرىبى مەللە چەكمەن،
قىسىپ ھەم بويىنىنى غەم-غۇسسە بىلەن
ياتار يەر ۋە جاھان غەمكىن قىياپەت،
نە غەمكىنكى، تولا مىسكىن قىياپەت.
شامال بەڭۋاشلىقى ئاندىن يامانراق،
ئۇسۇپ ھېچكىمنى قويماي تىنچ-ئامانراق،
چېلىپ ئۆشنەك چاپار كۆپ شوخلۇقىدىن،
يوپۇرماقلار چۈشەر تىترەپ شېخىدىن.
خازان سەرسان ئۇچار ھەربىر تاماندا،

ماكانى يوق كەبى بۇ كەڭ جاھاندا.
خازاندەك تەمترەر ھەريان ئادەمزات،
تىرىكلىك غېمىدىن سەرسان ئادەمزات.
بىرى ھەيدەر پىيادە مەپىسنى،
يۈتۈپ سەمەن يولىنىڭ توپىسىنى،
بىرى ئەپكەش بىلەن ئاۋارە شۇدەم،
بىرى بىر نانغا زار-دىۋانە شۇ دەم.
بىرى ھامبال، توشۇر گەزمالنى تاي-تاي،
ئۆتەر ئۆمرى لېكىن تەننى ياپالماي.
بىرى قايتار بازاردىن كۈلبىسىگە،
يۈدۈپ نان ئورنىغا غەم دۈمبىسىگە...

كېرىمىز ئۆيىگە قايتاي دېگەندە،
يولنى توستى بىر ئىش كۈتمىگەندە:
قولىدا ياغلىق قاپاق بىر قېرى دېھقان-
ئۆتتۈپ كەتكەچ يېنىدىن بەخىرامان،
ئۈدۈلدىن كەلدى بىر ساقچى ئەمەلدار
(تۆمۈر ئاتقا مىنىپ مەغرۇر جىلادار).
كۆزى چۈشكەچ قىزىل كۆڭلەككە يولدا،
تۇتالماي، ئەندىكىپ، ئۇ رولنى قولدا،
كېلىپ سوقتى دېھقاننى زەپتى بىلەن،
يىقىلدى پۈتلىشىپ ھەر ئىككىيلەن.
چېقىلدى ياغلىق قاپاق، يول بولدى پاتقاق،
ئەمەلدار بۇلغىنىپ، ياغلاندى قالپاق.
دېھقان يەردە، ئاقار قان چېكىسىدىن،
ئەمەلدار تۇتقىنىچە يەلكىسىدىن،
ئۇرۇپ تۇرغۇزدى سىلكىپ، ياغدۇرۇپ مۇشت،
خالايىق بىرلە تولدى كوچا-دوقمۇش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

شۇ بولدى باشلىنىش، ئۇلغايدى جاڭجال،
دېھقان تىترەر ئىدى دەھشەتتە غال-غال.
ئۇنىڭ ئۇستىگە زالىم گالدىن سىقىپ چىڭ،
زەھەرلىك تىل-ھاقارەت ياغدۇرۇپ مىڭ،
دېدى: "ھايۋان، تۆلەيسەن ئۇستىۋاشنى،
بۇنىڭسىز ئويلىما ھايات ياشاشنى!"
نېمدۇر ئېيتتى ۋە يالۋۇردى دېھقان،
لېكىن مۇشت تەگدى باشقا يەنە شۇئان.
خالايىق دەرغەزەپ تەۋرەندى قاتتىق،
بىراۋلار ئاھ دېدى، سەسكەندى قاتتىق.
بىراق ھېچكىم ئاچالماس ئاغزىنى ھەم،
يۇمار بەلكى بىراۋلار يەنە مەھكەم.
چىدالماستىن كىرىم بۇ ھالغا زىنھار،
كۆزىدە ئوت يېنىپ، شىردەك غەزەپكار-
ئېتىلدى، تۇتتى جاللاتنى بىلەكتىن،
دېدى ۋە: "گەپلىشەيلى، كەل بۆلەكتىن!
ھۆكۈمەت ئادىمى دەپ شۇنچە زورلۇق-
قىلامسەن كوچا-كويدا ئادەمخورلۇق؟
ئۆزۈڭ تۆك يىغنى، ئۇر يەنە شۇنچە،
تۆلەمدۇ ئۇستىۋاشنى تېخى سېنىڭچە؟"
ئەمەلدار چەكچىيىپ ۋە قاتتى تامدەك،
غەزەپتىن ھەم ئاقاردى يۈزى شامدەك.
بەش-ئون يىلدىن بېرى بۇ يۇرتتا ھېچكىم،
بىرەر ئادەم تۆگۆل، خىزىرمۇ بەلكىم،
ئاڭا قول ياندۇرۇش بۇياقتا تۇرسۇن،
ئەقەللىي تىك قاراشقا ھەددى بولسۇن.
بۇگۈنزە، بۇ يالاڭ تۆش تولۇق سەھرالىق،
ئەدەپ-ئىكرامنى بىلمەس مۇڭ سەھرالىق-

"يالاڭياق"شۇنچە ئىشقا قىلسا جۈرئەت،
بۇ قانداق بولغىنى، قانداق جىنايەت!
شۇ ئوي بىرلە تېپىپ يەرنى ئەمەلدار،
قاۋاندەك چىرقىراپ ئاندىن غەزەپكار،
كېرىمگە ئاتتى بىر مۇشت شۇنچە ئىتتىك،
بېرىپ چۈشتى ئۆزى موللاق ئېتىپ تىك.
بۇ دەردكە پايلىيالماي ئاچچىقىدىن،
ئېلىپ قولغا ناگاننى يانچۇقىدىن،
قوپاي دەپ تۇرغىنىدا يەر تىرەجەپ،
كېرىم دەسسەپ بېلىدىن ئىككى پۆكلەپ،
بېشىغا ياغدۇرۇپ مۇشت قەھرى بىرلەن،
دېدىكىم:"ئۇر دېگەننى مەندىن ئۆگەن!"
ناگان نەدە، ئۆزى نەدە ئۇ جاللات،
كۆچۈكتەك غىڭشا-غىڭشا چەكتى پەرياد.
بۇ ھالەتتىن خالايىق شاد ۋە ھەيران،
دېيىشتى:"بۇ يىگىت كىم، مۇنچە پالۋان؟"
بىراۋلار قىلدى ئەمما غەم ۋە تەشۋىش:
ئۆلۈپ قالسا، يىگىتكە تەس بولۇر ئىش.
دېدى كىمدۇر بىرى:"قوي مەيلى ئەمەسمۇ،
ئۆلۈپ قالسا، ئۆزىنىڭ پەيلى ئەمەسمۇ"!
بۇنى ياقلاپ بىراۋلار دېدى دەررۇ:
"نېمە تېرىسا، شۇنى ئورار دېگەن شۇ."

بىراق كۆرگەچ بۇ ماجىرانى يىراقتىن،
سۇرەن-چۇقان بىلەن ساقچى ياقتىن
يۈگۈرگەنچە كېلىپ بەش-ئونچە ساقچى،
بولۇشتى توپنى يولدىن قوغلىماقچى.
خالايىق شۇ زاماتلا بولدى مالىمان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىگە ئادرىسى

كېرىمنى ئۆز ئىچىدە قىلدى پىنھان.
كۆرۈپ ئۆز باشلىقنى يەردە نىمجان،
چۈشەنگەچ ساقچىلارمۇ ئىشنى شۇئان،
"كىم ئۇ، شۇنچە بالا تېرىغان بالاخور،
قېنى ئۇ بىزگە قارشى مۇشتومزور؟"
دېيىشتى قۇترىغان ئىتتەك قاۋاپ تەڭ،
كۆتۈردى مىلتىقنى ھەم تۈرۈپ يەڭ.
بۇ گەپلەرگە بىراۋ دەرھال جاۋابەن
بۆلەك بىر كوچىنى كۆرسەتتى قەستەن.
يۈگۈردى ساقچىلار، تارقالدى ئەلمۇ،
بولۇپ قالدى شۇ چاغ ۋاقىتنى زاۋالمۇ.

كېرىمنى بىللە باشلاپ ئىككى ئادەم،
ئۆتۈپ تار كوچىلاردىن ناماز شام.
كېلىشتى "نوۋېشى" دەپ ئات چىقارغان
بىر مەھەللە ئىچىگە بەكمۇ چاققان.
مانا ئاددىي، يىغىنچاق ھۇجرا ئىچرە
ئېچىپ ئەسرارىنى چىن مېھرى بىرلە،
قويۇپ ھەر ئىككىسى سۆزگە مۇھەببەت،
تاسادىپ باشلىدى دوستانە سۆھبەت.
چىراغ پىل-پىل قىلار ئاستا شامالدا،
ئايان بولدى مۇراد-مەقسەت بۇ ھالدا:
بۇلار بىر ئاتىدىن ئىككى ئوغۇلكەن،
چوڭى روزى، كىچىكىنىڭ ئوبۇلكەن.
مۇئەللىملىك قىلار روزى شەھەردە،
ئوبۇل نىمكار بولۇپ ئىشلەر گۈزەردە.
بايا كۆرگەچ كېرىمنىڭ غەيرىتىنى،
زۇلۇم تەختىگە چەكسىز نەپرىتىنى،

ئاتا باغلاپ كۆڭۈلدە سۆيگۈ رىشتە،
ئۆزەلمەي رىشتىسىنى ھېچ رەۋىشتە،
ئۆمۈرلۈك دوست تۇتۇشقا قېتۇ ۋەدە،
يۈرەككە ئورنىتىپ چىن بىر ئەقىدە.
يەنە ساقچى تۇتۇپ كەتمەستە ئىزدەپ،
ئۇنى خەۋپتىن ئامان ئاسرايلى بىز دەپ،
تونۇشمايلا ئۆيىگە قېتۇ دەۋەت،
بۇ گەرچە بولسىمۇ بىر غەيرىي ئادەت.
بۇ گەپلەر بىر مەدەتكار چاقىرىقتەك
ۋە ياكى بىر ھاياتبەخش ھايقىرىقتەك،
يۈرەكنىڭ تارىنى تىترەتتى ئانداق،
كېرىم بىلمەس جاۋاب ئېيتماقنى قانداق.
ئۆزىدىن چوڭ تۇرۇپ روزى ئەپەندى
ئۇنى ھۆرمەتلىسۇنكى شۇنچە ئەمدى،
بىرىپ تۆردىن ئورۇن، بەكمۇ قەدىرلەپ
ۋە گاھى چىن كۆڭۈلدىن ئۆز ئىنىم دەپ،
ئاتا تۆكسە سىرىنى ھېچ ئايانماي،
قالۇرمۇ دىلدا دوستلۇق ئوتى يانماي!
ئوبۇلدەك تەڭدىمەت دوست نىمدىگەن ئۇز،
ئۆزى شىردەك بەقۇۋۋەت، مېھرىبان يۈز.
ۋاپادار كۆزلىرى دوستقا نەمۇنە،
تۈيۈقسىز ئۈچرىدى گويا خەزىنە.
شۇڭا كەم سۆز كېرىمىمۇ خۇددى ناتىق-
كەبى ئۆز پىكرىدە كۆرسەتتى مەنتىق.
شۇ بولدى باشلىنىش، ئۆتتى بىرەر يىل،
ئاجايىپ رىشتە بىرلە باغلىنىپ دىل.
گاھى دوست ھەم قېرىنداش، گاھى مۇئەللىم-
بولۇپ روزى بېرەتتى ئاتا تەلىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكەتى تاربىسى
www.uyghurkitap.com

بايان ئەيلەر ئىدى كۆپ يىگىتلار:
ئۇلۇغ ئىش باشلىشىپتۇ ئىللىقلار.
زۇلۇم-زۇلمەتكە قارشى كۆتۈرۈپ تۇغ،
قانات قاققانىمىش غۇلجىدا سۇمۇرغ.
تېشىپ قىرغاققا سايرام چايقىلىپتۇ،
تۇمانلىق تەلكىمۇ باش كۆتۈرۈپتۇ.
دېمەككى، ئىلىخودا دولقۇن، ئۆركەش -
چىقىپ خۇاڭخې ئۇنىڭغە بوپتۇ تەڭكەش.
شۇخىل سۆزلەر سىڭىپ قەلبىگە ھەركۈن،
ئۇنى ئۆز لەيلىسىدەك قىلدى مەپتۇن.
بىراق، "يازدا تويۇڭنى بىللە ئويناپ،
يۈرەرمىز نەي چېلىپ، دەريانى بويلاپ" -
دېگەن قىش كېچىسى روزى تاسادىپ -
يوقالدى ئىز-دېرەكسىز، بولدى غايىب،
يوقالدى، قالدى ئۆي شام ۋە چىراغسىز،
كۆچەتمۇ قالدى سۇسىز، ئۇلاقسىز.
مانا بىر نەچچە ئاي ئۆتتى ئېرىنچەك،
ھامان چاڭقاقلىقىدا قالدى ئىستەك.
قېنى ئۇ سۆزلىرى يالقۇن مۇئەللىم،
قېنى دەريا كەبى تاشقىن مۇئەللىم؟
ئۇنىڭسىز ياش تۆكەر ھەر لەھزە قەلبى،
قېنى ئۇ غەمگۇزار، كەمتەر مۇرەببى؟
قېنى دوستلۇق ئۆيىنىڭ پەخرى شامى،
قېنى ئۇ توي بېشى، سۆيگۈگە ھامىي؟
بۇنى ئاز دەپ، جاپا كۆرسەتكۈچى چەرخ،
يىقىلغاننى تېپىپ، خار ئەتكۈچى چەرخ،
تۇيۇقسىز باشلىدى ئۆز جاڭجىلىنى -
(بەگ ھاجى سوزدى قانلىق چاڭگىلىنى).

ئوبۇل ئاتلاپ بۇ سىرنى بىر كىشىدىن،
كېچىپ ئۆز غەم ۋە ھەسرەت تەشۋىشىدىن،
بېرىپ تاپقاچ كېرىمنى، قىلدى سۆھبەت،
دېدى ھەم:"يەتتى ئەمدى گەپكە نۆۋەت.
تەۋەككۇل دەپ بۇگۈن گەپ ئاچقىنىڭ خوپ،
ئەگەر ماقۇل دېسە، ئېيتقاچقىنىڭ خوپ."
شۈكۈركىم، شۇ ئىكەن قىزنىڭمۇ پىكرى،
بىھاجەت بولدى بۇ گەپنىڭمۇ زىكرى.
بۇنى بىلسە ئوبۇل شادلانغۇسىدۇر،
بۇ ئىشقا جان پىدا ئاتلانغۇسىدۇر...
ئەنە شۇنداق خىيال بىرلە بولۇپ بەند،
كېرىم چىقتى ئىشككە كۆڭلى خۇرسەن.

ئىشىك ئالدىدا بىر تۈپ قېرى ئۆرۈك،
ئىدى بۇ توختىكامدىن بىر تەۋەرۈك.
يەنە بىر-ئىككى تۈپ شاپتۇلا، ئۈجمە،
شېخىدا مېۋىسى مول غۇجمە-غۇجمە.
ئېتەكچە ئۈچ چۆنەكتە گۈل ۋە كۆكتات،
بۇ يەر شۇنچە كۆڭۈللۈك ئىدى ھەييات،
كى كىم كۆرسە ئۇنىڭ قەلبىدە بىر زەۋق-
تېپىپ مېھنەتكە سۆيگۈ،ئىشتىياق،شەۋق،
كىمكى تۆكتى بۇ گۈل باغچىگە تەر،
ئاڭا چىن قەلبىدىن كۆپ ئاپىرىن دەر.

مانا ھەر كۈنكىدەك زورەمخان ئاچام-
چۆنەك ئارىلاپ يۈلار ئوت شۇنچە ئىخچام.
بىراق تىترەر قولى، قورۇق تولا يۈز،
يۈزىدە دەرد-ئەلەمنىڭ ئىزى يۈز-يۈز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چېچىدا ئاق تولا، يىللار تۇزانى،
ھېلىتىن باشلىنىپ قالغان خازانى.
كۆرەركەن ئوغلىنى ئۇ ئۆز قېشىدا،
قويۇپ يۈلغان ئوتىنى قىر بېشىدا،
دېدى: "ئوغلۇم، كۆزۈڭ يۇمماي كېچىچە،
سەھەرلەپ ماڭغىنىڭمۇ شۇ پېتىچە؟"
كېرىم كۈلدى بوۋاقتەك پاك ۋە مەسۇم،
قۇياشمۇ چاچتى نۇر، قىلدى تەبەسسۇم.
ئوغۇل ماڭدى شەھەرگە "خوش قېلىڭ"دەپ،
ئانا قالدى "بالام، بولسۇن يولۇڭ"دەپ.

3

ئەجەب ھالەت ھۆكۈمران مەندە ھەمىشە،
ئاڭا مەن خۇددى بىر بەندە ھەمىشە،
كى قەشقەر سۆزىنى ئالسام تىلىمغا،
تولۇپ ئىلھام مېنىڭ جۇشقۇن دىلىمغا،
تېپىرلاپ ھېسلىرىم، دولقۇنلىنىپ ھەم،
ئۆزۈمنىڭ مەيلىگە قويماس بىرەر دەم.
چاپار خۇددى قۇيۇندەك ۋادا ئارىلاپ،
كېتەر گاھى ئۇپۇقتىنمۇ ئۇزاقلاپ.
كەچۈرگەي شۇڭا ھەم دانا كىتابخان،
ئەگەرچە ئۇزىراپ كەتسە بۇ داستان.
مانا دوستلار، قەدىم قەشقەر ھىسسارى،
ئۇزاق ئۆتمۈش زامانلار يادىكارى.
تۇرا يىلۇق ئىچكىرى كىرمەي بىرەردەم،
بۇ دەرگاھنى بىلىپ دىلدا مۇكەررەم.
مۇھەببەتتەك ھەمىشە ياش شەھەر بۇ،
ئۆزىمۇ خەلقىدەك بەرداش شەھەر بۇ؛

دۆتاردەك مۇڭلىرى دىلكەش شەھەر بۇ،
غەزەلدەك ئاھلىرى ئاتەش شەھەر بۇ؛
مۇقامدەك ھەسرىتى قايناق شەھەر بۇ،
ۋە لېكىن ناغرىدەك ئويناق شەھەر بۇ؛
ساتارنىڭ تارلىرىدەك گەرچە غەمكىن،
قەدىمىلىك ئالىمى ئىچرە ۋە لېكىن
يىپەك يوللىرىدەك داڭدار شەھەر بۇ،
يىپەكتەك ئۆزىمۇ رەڭدار شەھەر بۇ.
"نە ھاجەت ھەججى ئەكبەر، قەشقەر-مازارىم"،
ۋەتەننىڭ بىر شۆھرىتى سەن دىيارىم.
قوبۇل قىل ئەي دىيار سالاملىرىمنى،
سەمىمىي، كەمتەرىن ئىكراملىرىمنى.
قوبۇل قىل ناتىۋان جان سوۋغىسىنى،
سۇتۇڭدەك ئاق كۆڭۈلنىڭ سۆيگۈسىنى.
يۇسۇپ خاس ھۆرمىتىگە ئەسسالاملار،
ئۇلۇغ مەھمۇد ئۈچۈن مىڭ-مىڭ سالاملار!
ۋەتەن شۆھرىتىگە كىم قوشسا شۆھرەت،
ئۇنىڭ ئۆلمەس ئۇلۇغ شەنىگە ھۆرمەت.
كۆرۈنمەس گەرچە ھازىر قەبرىدىن ئىز،
ياشار تارىخ بىلەن تەڭ نامى شەكسىز.
چىگىپ مېھنەتكە ھەر كۈن رىشتە مىڭ-مىڭ،
تىزاي مەن روھىغا گۈلدەستە مىڭ-مىڭ.
ئىجازەت قىل ماڭا، نازارى، گۇمنام،
مازارىنى تاۋاپ قىلغاچ ياقاي شام.
ياقاي شام سۆيگۈنىڭ شامدانىغا مەن،
كۆيەي ھەم جور بولۇپ پەرۋانىغا مەن.
نازارى ئالدىدا ياندۇرۇپ شامنى،
ئىچىپ قەلبىڭ كەبى گۈل لالە جامنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

قۇرۇپ سەئدىن بىلەن غەمخانە سۆھبەت،
قىلىپ سەئدىنگە رابىئەنى ئۆلپەت،
تۆكۈپ كۆز ياشلىرىنى تامچە-تامچە،
غەزەلدىن دەستىلەر تىزغاندا قانچە،
ئىدىڭ سەن رەھنامە، ئىلھامغا ۋادى،
مېنى ھەم قويمىغىن ئارماندا زادى.

تونۇشدۇر سىزگىمۇ قەشقەر دىيارى،
ئۇنىڭ ھەر مەلىسى، ھەربىر مۇنارى.
پېشايۋانغۇ غېرىب كۈلبەلىرى ھەم،
مەسچىت، خانىقا، يەنە قۇببەلىرى ھەم.
تونۇشدۇر سىزگە غەمكىن چېھرى بىرلەن،
لېكىن دىل تارتقۇچى بىرى مېھرى بىرلەن.
ئۆزى گۆھەر تۇرۇپ، تەقدىرى شورلۇق،
ئەلەملەر ۋادىيى بۇ يۇرت توغرۇلۇق-
تالاي قىسسە، رىۋايەت، تەپسىلاتلار
ئىشتكەنسىز يەنە كۆپ تەسىراتلار.
ئۆتۈپ بىر كۈن قاراڭغۇ رەستىلەردىن،
ئۇزەلمەي كۆزنى سىز گۈل كەشتىلەردىن،
يا كەشتەم ماھىرىنىڭ نەم كۆزىدە،
ھېقىق رەڭگىدىكى سولغۇن يۈزىدە-
كۆرۈپ ھەسرەت بىلەن سىرلىق ئىپادە،
كۆڭۈللەر چايقىلىپ ئاندىن زىيادە،
"ئەجەب مۇڭلۇق شەھەر بۇ، بارى ھەسرەت!"
دېگەنسىز دوستلىرىم ئەلۋەتتە-ئەلۋەت!
يا ھېيتگاھ ئالدىدىن ئۆتكەندە بىر كۈن،
ساماۋاردا تۈتۈن يۈتقاندا بىر تۈن،
ساتاردىن ئۇرغۇغان ھەربىر مۇقامدىن،

مۇقامچى ئاقساقال دىلكەش بوۋامدىن
ئاجايىپ قىسسەلەرنى ئاڭلا-ئاڭلا،
مۇقامدەك تولغىنىپ ھەم سىزمۇ تەڭلا
يۈرەكنىڭ قات-قېتىدىن ئاھ دېگەنسىز،
كۆيۈپ بىر ئوتتا بەلكى پاھ دېگەنسىز.
يا كۆزدىن بىر كېچە قاچقاندا ئۇيقۇ-
(غىدىقلاپ دىلنى ئويچان نازلى تۇيغۇ)،
راۋابتىن كەلسە گەر مەستانە ئاۋاز،
بۇ ئاۋاز تۈن يىرىپ قىلغاندا پەرۋاز،
ئۇنىڭ ھەر ئەۋجىدىن ئاڭلاپ خىتابلار،
خىتابلاردىن ئوقۇپ دەردلىك كىتابلار،
خىيال دەريايىڭىز ئۆركەشلىگەندۇ،
يا سىزنى قاينىمغا تاشلىغاندۇ...
مېنى ھەم شۇ خىياللار خۇددى قاينام-
كەبى بىر كۈچ بىلەن تارتىپ سەھەر-شام،
ئەسىر قىلغاچ ئۆزىگە غالىبانە،
ئېلىپ قولغا قەلەم ئىلھامكارانە،
ئەزىزانە قەشقەر شەنىگە داستان
يېزىشنى دىلدا ئەيلەپ ئارزۇ-ئارمان،
تۇتۇندۇم بۇ جاپالىق ئىشقا يەكدىل،
ۋە گەرچە قىسقىدۇر قول، چولتىدۇر تىل.
مۇراد-داستان ئۈچۈن داستان ئەمەستۇر،
يېتىلسە ئەلگە خىزمەت، ئۇشبۇ بەستۇر.

يانايلى ئەمدى دوستلار ئەسلى گەپكە،
نەزەرباغدىن ئۆتۈپ ياۋاغ تەرەپكە.
مانا ياۋاغ دېگەن دەرۋازا ئالدى،
كېرىم كەلگەچ، قاراپ ھەيرەتتە قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئۇلۇشكۇنلا تىنچ قالغان بۇ دەرگاھ
بۈگۈن غەليان ئىچىدە ئىدى ئاگاھ.
خالايىق ئاندا بىر توپ، مۇندا بىر توپ،
يۈزىدە ئاللىقانداق تەشۋىشى كۆپ.
قىلىپ دەرۋازىنى كۆزدە ئىشارە،
گويا تاپماق بولۇپ بىر دەردكە چارە،
نېمىدۇر سۆزلىشەر مەيۇس ۋە غەمكىن،
كۆزىدە بىر غەزەپ چاقنار ۋە لېكىن.
كىرىم دەرۋازىغا باقماق ھامانە،
چۆچۈپ، تاشتەك قېتىپ قالدى بىھۇشانە.
سەۋەبكى، بىر قەپەستە قىپقىزىل قان-
بىلەن بىر باش ئېگىز تامغا ئېسىلغان.
تونۇشلۇق تۇم قارا كۆزلەردە ئارمان
ۋە غەمكىن بىر ئۈمىد شۇنچە نامايان،
كى گوياكى كىمگىدۇر ئېيتماقچى بىر ھال،
ۋە بەلكى ئاختۇرار ئەۋلادقا ئىقبال.
كىرىمنىڭ كۆز ئۆڭى بولدى قاراڭغۇ،
قۇلاقلار ئاڭلىماس گوياكى ساڭرۇ.
ئوقۇشقا تەمشىلىپ ئېلاننى گەرچە
يېقىنلاپ بارسىمۇ قەغەزگە شۇنچە،
كۆرۈنمەس ھېچنېمە شۇ دەمدە كۆزگە
يوغان تامغا بېسىلغان خەتتىن ئۆزگە.
پەقەت "روزى، يېشى ئوتتۇز، شەھەرلىك...
بۇ ئۇنسۇر قىلمىشى بەكمۇ زەھەرلىك.
ئىلى، ئالتاي يەنە تارباغاتاي دەپ،
گومىنداڭ شۆھرىتىگە ئوق ئاتاي دەپ،
شەھەردە تارقىتىپ پىتنە –پاساتلار
ۋە قوزغاپ بىزگە قارشى كەيپىياتلار،

كۆتۈرمەك بولدى ئىسيان، بىل خالايىق،
كىمكى بولسا بۇ خىل گەپكە لايىق،
جۇدا بولغاي تېنىدىن باشى ئەلۋەت،
قېرى - ياش، ھەممىلەر بىلمەكلىكى شەرت! -
دېگەن سۆزلەرنى تەستە ئۇقتى ئاخىر،
بىلىندى ھەممە گەپ، قالماي بۆلەك سىر.
تۆگۈلدى مۇشتلىرى، چىشلار غۇچۇرلاپ،
نېمىدۇر دېمەكچى بولدى پىچىرلاپ.
بىراق تىترەپ لېۋى، ئېيتالمىدى سۆز،
غەزەپ بىرلە يانار، ياشقا تولا كۆز...
كېرىم دەردنى ئاران يۇتۇپ ئىچىگە،
ئوبۇلنى كەلتۈرۈپ دەرھال ئېسىگە:
"نېچۇك سەۋرىڭ يېتەر، بىچارە دوستۇم،
قېرىنداشتىن جۇدا، دىلپارە دوستۇم!
بېشىڭغا كەلگۈچە شۇنچە مۇسىبەت،
بولالماي قاپتىمەنغۇ ساڭا ھەمدەرد!"
دېدى شۇئان كىرىپ دەرۋازىدىن تېز،
يۈگۈردى نوبېشىغا خۇددى ھۇشسىز.
شەھەرمۇ تۈن بويى خۇددى يامان چۈش -
كۆرۈپ، كۆڭلى تولا بولغاچقا ناخۇش،
چىرايى بەك تۇتۇق قوپقان كېلىندەك -
ئىدى، غەشلىك بىلەن كۆڭلى يېرىمدەك.

كېرىم تار كوچىلاردىن يۈگۈرە - يۈگۈرە
ئۆتۈپ كىرگەندە بىر ھويلا ئىچىرە،
بىلىنگە ئاق ماتا باغلاپ قېرى - ياش،
(قولۇم-قوشنا ۋە بارچە قوۋم-قېرىنداش)،
ئېغىر ماتەم - مۇسىبەتتە ئىدى، بەس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇنى تىلدا بايان قىلماق ماڭا تەس.
چېچىدا ئاق تولا، قەددى پۈكۈلگەن،
خازاندەك سارغىيىپ، ھۆسنى تۆكۈلگەن
بىدەرمان بىر ئانا ئېيتىپ دەرىخلار،
يۇلۇپ چاچ، ئاققۇزۇپ كۆزدىن ئېرىقلار،
قارا ياغلىق تۇتۇپ كۆزگە بالام دەپ،
قوشۇپ ئارماننى سۆزگە بالام دەپ،
قوشاق بىرلە ئاچاركەن ھازا-ماتەم،
بۇڭا تاقەت قىلالماي ھەممە ئادەم-
بولاتتى كۆز يېشى دەرياسىدا غەرق،
نە تۇغقانۇ، نە ياتلار ساقلىماي پەرق.
پەقەت يالغۇز ئوبۇللا بىر سۈكۈنات،
ئېغىر بىر مۇڭ ئىچىدە خۇددى سۈرەت-
كەبى قاتقان پېتى بىر چەتتە بىھۇش
تۇراتتى، غەزىپى كۆزدە ئۇرۇپ جۇش.
كېرىم كۆرگەچ ئوبۇلنى شۇ سىياقتا،
ئۇرۇلغاندەك بېشىغا خۇددى پالتا.
ياقاسىن چاك ئېتىپ، ئۈن سالدى دادلاپ،
تۆكۈلدى كۆز يېشى مەرھۇمنى يادلاپ.
ئوبۇل گويا كېلىپ ھوشىغا شۇ چاغ،
يىقىلغاندەك تۈيۈقسىز بىر ئېگىز تاغ
يىقىلدى دوستىنىڭ قۇچاقىغا، بەس،
بۇنى ئەيلەشكە تەسۋىر سۆز يېتىشمەس!
ھېسابسىز ئاقتى ياش كۆزلەردە قايناپ،
بۇلاقلار تاشتى گويا تەڭ بۇلۇقلاپ.
شۇ ھالدا ئەۋج ئېلىپ ماتەم ساداسى،
نە ماتەمكى، قىساس-ئاچچىق نىداسى.
يېتىپ پۈتكۈل شەھەرگە قوپتى غەليان،

ۋە ھەتتا قالمىدى بىر چەتتە قوغان.
شۇ كۈن تا كەچكىچە مىڭلارچە ئادەم
ئۆزۈلمەستىن كېلىپ بۇ ئۆيگە دەم-دەم،
شېھىت كەتكەن مۇئەللىمگە قىرائەت
ئوقۇپ چىن قەلبىدىن قىلدى تىلاۋەت.
بىراۋلار تەن بېرىپ تەقدىرگە قەلبەن،
دۇئالار ئاتىدى مەرھۇمغا شەخسەن.
بىراۋلار ياد ئېتىپ كۆپ ئەسكە ئالدى،
بىراۋلار ئىچىنى ئاغرىتتى، قالدى.
بىراۋلار تېگىرقاپ بۇ غەيرىي ھالغا،
تۇتۇپ ماڭلاي، تولا چۆمدى خىيالغا،
بىراۋلار داد دېدى زارلاپ زاماندىن،
بۇ بىدادلىق بىلەن زۇلمى ياماندىن.
ۋە لېكىن ئەكسىرى ياشلاپ كۆزىنى،
ئەلەم بىرلە يۇتۇپ ئېيتار سۆزىنى.
پىغانلىق كۆز يېشىدىن تولدۇرۇپ جام،
گويا تاپتى شۇ جامدىن دىلغا ئارام.

شۇ ھالدا كۈن پېتىپ باشلاندى ئاخشام،
يېقىنلاپ قالدى ھەتتا نامازشام.
نە چارە ئەمدى بۇ دەۋران ئىشىغا،
مۇھەببەت ئەھلىگە شۇم قىلمىشىغا.
تېخى ئاخشام كېرىمگە كۈلسە يۈز بەخت،
بۈگۈن چۈشسە بېشىغا شۇنچە كۈلپەت!
ئايانكى، لەيلىگە بەرمىشتى ۋەدە،
بۈگۈن بۇ ۋەدىگە ئىمكانى نەدە!
ئەگەر ۋەدە بۇزۇلسا ئۇشبۇ ئاخشام،
ئۆچەر بەلكى ۋىسال شامدانىدا شام.

www.uyghurkitap.com

ئەگەر چىقسا كېرىم بۇ كېچە يولغا،
ۋاپاسىزلىق بولۇر دوستى ئوبۇلغا.
كېچىكسە بۇ كېچەگەر، ئەتە جەزمەن-
قىلار تويىنىڭ جاكارسىن ھاجى رەسمەن.
ئۇ چاغدا بولغۇسى ئىش يەنە دىشۋار،
ئۈمىد،مەقسەت بولۇر ھەم مەڭگۈ تارمار.
ئەنە شۇنداق خىيال بىرلە ئازاپتىن،
يۈرەكنى ئەزگۈچى بۇ ئىزتىراپتىن
كېرىمدە يۈز بېرىپ بىر باشقا ھالەت،
كۆڭۈلدە تەشۋىشى ئاشتى ناھايەت.

ئوبۇلمۇ ئويلىغاچ شۇ ھالنى دەرھال
سوراپ قايتا كېرىمدىن ھالۇ ئەھۋال،
دېدى:"يولغا كېچىكمەي چىققىنىڭ خوپ،
تۆمۈرنى قىزىقىدا سوققىنىڭ خوپ.
سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن جانىم پىدا، دوست،
قىلاي،يۈر، خىزمىتىڭنى مەن ئادا، دوست!"
كېرىم ئېيتتى:"ساڭا مىڭلارچە رەھمەت،
يېتەر ئەمدى، مېنىڭچۈن چەكمە زەخمەت.
بېشىڭدا شۇنچە دەردۇ قايغۇ تاغى،
دىلىڭدا ئاندىن ئارتۇق ھىجرى داغى.
سېنى تاشلاپ نېچۈك مۇندىن كېتەرمەن،
نېچۈك كۆڭلۈم تىنىپ مەنزىل كېزەرمەن!"
دېدى:"ئېيتقانلىرىڭ ئەلۋەتتە راست گەپ،
ۋە لېكىن ئىش بولارمۇ ئەمدى غەم يەپ.
ئاكامنى تىغ بىلەن ئۆلتۈردى جاللات،
سېنى بۇ دەرد تىرىك قىلسۇنمۇ بەربات؟
قېنى يۈر، كەتمىگەي پۇرسەت قولۇڭدىن،

مېنى دەپ قالمىغىن ھەرگىز يولۇڭدىن.
ئۇ كۈنكى ۋەدىمىز ھازىرمۇ ۋەدە،
ساڭا ھەمراھ بولاي مەن بۇ سەپەردە."
كېرىم ئاڭلاپ ئوبۇلدىن بۇ جاۋابنى،
ئوقۇپ گويا ھاياتتىن يېڭى بابنى،
ھاياجاندىن تېنى ئوتتەك يېلىنجاپ،
ئېسىلدى بويىنغا مەھكەم قۇچاقلاپ.

*********

قېنى ساقىي، ئۇزات گۈلگۈن پىيالە،
ئىچەيكىم بىر پىيالە خۇددى لالە.
ئۇنىڭ ھەر تامچىسى بولسۇن دىلارام،
ۋاپادار دوست كەبى جان-دىلغا ئارام.
ئىچەيمەن قەترە قويماي تەشنالىقتىن،
ۋاپايۇ مېھىر، دوستقا ئاشنالىقتىن.
باسالماس ئۆزگىسى چاڭقاقلىقىمنى،
بىلەمسەن مەيگە دىل مۇشتاقلىقىمنى!

## بەشىنچى باپ

يەتمەكلىك ئىرۇر مۇشكۈل، مەقسەتكە يېتەركىم بار،
كۆن خىرە ۋە تۈن تىرە، يول تايغاقۇ ئات ئاقساق...
-ئەلشىر نەۋائىي

مەن قۇشۇمنى غازغا سالسام، كىم سېلىپتۇ قاغىغا،
ئالتە قاغا بىر بولۇپ، ئالدى قۇشۇمنى ئارىغا.
-ئۇيغۇر خەلق قوشىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

1

گوياكى نازىنىن بىر ئەركە جانان
قىلىپ ئۆز جىلۋىسىن دىلبەر ناماياز،
يىپەك رومال ئارا بىر دەم يۈزىنى
ئېچىپ ھەم كۆرسىتىپ شەھلا كۆزىنى،
بولۇپ پىنھان يەنە بىردەمدە پەيدا،
ئۆزىگە ئەيلىگەندەك دىلنى شەيدا،
بۇلۇتلار ئىچىدە ئاستا ئۈزەر ئاي،
نە گۈزەل دىلرەبا مەنزىرە، ئايھاي!
ئۈزەر ئاي مۈڭلىنىپ خامۇش-خىيالچان،
خىيالچان چېھرىسى ئاندىن پەرىشان.
نېمىكىن خىيالى، مەقسەت-مۇرادى،
نېمىكىن تىلىكى، ئارمانى-يادى؟
نېمە ئىستەيدىكىن ئالەمدە تەنھا،
نېمە قىلدى ئۇنى مۇنچە تەقەززا؟
جاھانكەزدىك بولۇپ شۇنچە بىتاقەت،
تىنىمسىز يول يۈرۈپ، تارتىپ مۇشەققەت،
ئۆزىگە بىر رەپىق، مۇشپىقى دىلدار
ۋىسالىن ياد ئېتىپ، ئىستەمدىكىن يار؟
ۋە ياكى شۇم پەلەك ياۋۇزلۇقىدىن
ئەلەم يەتكەچ يەنە يالغۇزلۇقىدىن،
تاپاي دەپ بىر ئارامگاھتىن نىشانە،
كېزەمدۇ كۆك يۈزىدە دەرۋىشانە؟

ئۈزەر ئاي مۈڭلىنىپ، ئاسماندا خامۇش،
نەزەرباغ تىپتىنىچ ئۇخلاپ كۆرەر چۈش.
قىيا ھالدا ئوچۇق دېرىزە ئۆزرە،

چاچار ئاي نۇرىنى ھەم قەترە-قەترە.
دېرىزە تۈۋىدە بىر ئۆزى يالغۇز،
قۇچاقلاپ تىزىنى جىم ئولتۇرار قىز.
يېنىدا بوغچىسى، سەپەرگە تەييار،
غۇبارسىز پاك نىيەت ئىقبالغا ھەمكار.
ئۈزۈلمەس كۆزلىرى بىرلەھزە ئايدىن،
ئوقۇپ تۇرغان كەبى بىر قىسسە ئايدىن...
بۇلۇتتىن چىقسا شۇڭغۇپ ئاي راۋانە،
كۆزى چاقنايتتى قىزنىڭ شادىيانە.
ئىدى بۇ چۈنكى ئۆز ئىقبالىغا پال،
ئەجەبمەس تەلىيىگە كۈلسە ئىقبال.
ئۈزەر يەلكەن كەبى ئاي كۆكتە خامۇش،
نەزەرباغ تىپتىنىچ ئۇخلاپ كۆرەر چۈش.
شۇ خىلدا ئېرىنىپ ئاستا ئۆتەر تۈن،
كۈتەر قىز يارىدىن بىر شەپە، بىر ئۈن،
لېكىن تىلسىز، سادىسىز ئىدى بۇ تۈن.
يىراقتا ھاۋشىغان ئىتقا جاۋابەن،
چولاق تارتىپ خورەك دالاندا قەستەن.
قۇلاقنى دىڭ تۇتۇپ ياتاتتى سەگەك،
ئۆتەر تۈن سوزۇلۇپ ئاستا ئېرىنچەك.
گۈلايىممۇ پۈكۈپ كۆڭلىگە بىر ئىش،
چېكىپ قىز تەقدىرىدىن تولا تەشۋىش،
يېتىپ قالغان ئىدى دالاندا ئەتتەي،
ياتاردا باغ ئىشىكىن قەستەن ئەتمەي.

2

لېكىن باغنىڭ ئىچىدە غەيرىي ئەھۋال،
ھۆكۈم سۈرمەكتە بىر ۋەھىملىك ھال:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

بۇنىڭدىن بىر-ئىككى سائەت مۇقەددەم،
تاياق-توقماق بىلەن بەش-ئونچە ئادەم،
ئوغرىلىقچە چۆشۈپ تامدىن بۇ باغقا،
ئىككى-ئۈچتىن بولۇپ ھەرقايسى ياققا-
تاراپ، جىمجىت ياتاتتى مۆككىنىچە
ۋە بەزەن تام تۈۋىگە چۆككىنىچە.
مانا كۆتكەن مىنۇتمۇ كەلدى ئاخىر،
بىراۋ چالماقتا نەينى بەكمۇ ماھىر.
كى ھەتتا مۇز يۈرەك چولاقمۇ بىر پەس
ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بولۇپ مەس،
خورەكنى توختىتىپ تىڭشايتتى جىم-جىم،
چولاقنىڭ ھالىنى سەزمەي گۇلايىم.
شۇ‌ىرلاپ ھەر مىنۇت ئوقۇپ دۇئالار،
قىلىپ پەرۋەردىگارغا ئىلتىجالار،
تۆكۈپ كۆز يېشىنى، ئېيتىپ مۇناجات،
تىلەيتتى قىزىغا ئاقىول-سائادەت.

ئىشتىكەچ شۇ تونۇش ئەپسۇنچى نەينى،
ئاجايىپ بىر جاسارەت بىرلە لەيلى-
چۈشۈپ دېرىزىدىن ئۇ شۇنچە دادىل
يۆنەلدى باغ تەرەپكە ھەمدە ئەپچىل.
لېكىن ماڭماق قىينىلاشتى ئاجايىپ،
پۇتىغا چىرمىشىپ ئالغان كەبى يىپ.
گۇپۇلدەپ يۈرىكى بەرمەيتتى ئارام،
كۆزىگە ياش تولۇپ ھەم بولدى بىر جام...
يوقالدى بايىقى غەيرەت-جاسارەت،
بەدەننى چۇلغىدى بىر قارا دەھشەت.
تىزى تىترەپ، قەدەمدە توختىدى بىر،

## ئۆزىمۇ بىلمىدى بۇ نېمە ئاخىر!

شۇ ھالدا بىر ئاماللاپ كىردى باغقا،
كېرىمۇ كەلدى شۇ ئان لەيلى ياققا.
بىراق تۇتماي تېخى قىزنىڭ قولىنى،
تۇيۇقسىزدىن توساپ ئۆتەر يولىنى
ئېتىلدى غالجىر ئىتتەك نەچچە جاللات،
كۆرۈڭ بۇ زۇلمى بىدادلىقنى، ھەيھات!
ياغار قامچا، تاياق-توقماق، تېگەر مۇش،
كېرىمنى بىر يولى قىلماقتا بىھۇش.

كېرىمۇ بايقىغاچ ئەھۋالنى دەرھال،
پىسەنت قىلماي، ھولۇقماي زەررە مىسقال،
كىرىشتى جەڭگە دادىل-يېگانە،
بولۇپ رۇستەم مىسالى باتۇرانە،
چۈشۈپ تامدىن ئوبۇلمۇ ئوق كەبى تېز،
ئېتىلدى ياۋغا قارشى ئىختىيارسىز.
قىزىپ جەڭ، بولدى بىر داستانىي مەيدان،
جاسارەت كۆرسىتىپ بۇ ئىككى پالۋان.
ساۋار دۈشمەننى ئۆز تاياغى بىرلە،
ئاتار پەشۋانى ھەم ئاياغى بىرلە.
يىقىلدى نەچچىسى ھوشىن بىلەلمەي،
بىرى چەتلەشتى ئاستا تىك تۇرالماي.
شۇ خىلدا قاپلىدى دۈشمەننى تەشۋىش،
كۈچەپ باققان بىلەن ھېچ بولمىدى ئىش.
ئاخىر بىر ساقچى ئىت تاپانچا بەتلەپ،
كېرىمنى چەنلىدى، ئاتماقنى قەستلەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەت ئادرېسى

ئوبۇل كۆرگەچ بۇ ھالنى، خۇددى قاپلان -
كەبى ئاتتى ئۆزىنى ياۋغا شۇئان.
بىراق شۇئان تاپانچىمۇ ئېتىلدى،
ئوبۇل ئاستا بېرىپ يەرگە يىقىلدى.
كېرىم يۈگۈرۈپ كېلىپ دوستىنى قۇچاقلاپ،
كۆزىدە بىر ئەلەم يالقۇنى چاقناپ،
غەزەپتىن ئاھ ئۇرۇپ قىلغاندا پەرياد،
بۇنى پۈرسەت بىلىپ بىر نەچچە جاللات،
تەرەپ-تۆتتىن بېسىپ، باغلاشتى پۇختا،
تىقىشتى ئاغزىغا ھەتتاكى پاختا.
ئوبۇل ياردار ئىدى ئوڭ كۆكرىكىدىن،
ئاقار قان يەرگە ئاپپاق كۆڭلىكىدىن.
كۆزىدە ئوت يانار، ئامالى قانچە،
تۇرالماس ئورنىدىن ماجالى شۇنچە...

يېشى ئون يەتتىگە ئەمدى ئۇلاشقان،
كۆرۈنگەن ئەركىشىدىن ئۆيگە قاچقان،
بۇنىڭدەك پاجىئە-دەھشەتنى ھەرگىز
خىيالغا كەلتۈرۈپمۇ كۆرمىگەن قىز،
بۇگۈن كۆرگەچ قىيامەتنى بەئەينەن،
نېچۈك ھالغا چۈشەر، بۇ ئۆزى روشەن!
گۈلايىم ئۈلگۈرۈپ كەلگەن تۇپەيلى،
يىغىپ ئەس-ھۇشىنى بىچارە لەيلى،
نېمە قىلماقنى بىلمەي ئەيلىدى داد،
گۈلايىممۇ كۆتۈردى دادۇ-پەرياد،
ۋە بەزى قوشنىلار ئويغاندى ئاڭلاپ،
بىراۋلار نېمە ئىش دەپ كەلدى ماراپ.
پەقەت مەخسۇم چولاق بىغەم-بىپەرۋا،

تېرەككە يۆلىنىپ ئەيلەر تاماشا.
ئۆزى تاپقان بالادىن ئۇ بولۇپ شاد،
كۈتەر بەلكى بەگ ھاجىدىن مۇكاپات.

مېڭىشتى ساقچىلار كېرىمنى ھەيدەپ،
ئوبۇلنى گاھ يۆلەپ ۋە گاھى سۆرەپ.
يۇگۈردى ئارقىدىن لەيلى بىتاقەت،
زۇلۇمغا ياغدۇرۇپ قارغىش ۋە لەنەت.
شۇئان ساقچى كېلىپ قىزنىڭ قېشىغا،
تاپانچا بىرلە بىر ئۇردى بېشىغا.
يىقىلدى قىز شۇئان بىر گۈل تۆۋىگە،
ئاقار قان چېكىسىدىن لېۋىگە.
كۆرۈپ بۇ زۇلمۇزورلۇقنى تولۇن ئاي،
يوشۇردى يۈزىنى تاقەت قىلالماي.
بۇلۇت قۇتراپ، جاھاننى باستى زۇلمەت،
ئەسەرمۇ قالمىدى ئايدىن ناھايەت.
ئاشۇ زۇلمەت بولۇپ بىردەمدە يۇھا،
يۇتۇپ كەتتى جىمى جانلىقنى گويا...

********

تولا قۇتراپ ئاشۇ زۇلمەت كېچىچە،
ماڭا ھەم سالدى دەھشەت نەچچە-نەچچە،
دېرىزە تۆۋىدە ھۇۋلايدۇ بىردەم،
ئالايتىپ كۆزىنى قارايدۇ بىردەم.
دېمەكچى، سەن تېخىزە، ياندۇرۇپ شام،
لەبالەب تولدۇرۇپ جامىڭغا ئىلھام،
نېچچىكتۇر داستانغا مېھنەت ئەيلەپ،
تۇتۇندۇڭمۇ بۇ ئىشقا جۈرئەت ئەيلەپ؟

كېرەكمەس ماڭا شائىر، ماڭا داستان،
كېرەكمەس ماڭا بۇلبۇل، گۈل ۋە بوستان.
نېمە داستان، نېمە ئىجاد، تەپەككۇر،
نېمە بۇ تۈگىمەس نازۇك تەسەۋۋۇر!؟
كېرەكمەس ماڭا مۇنداق ئاتەشتىن ھېس،
مېنىڭ نەزەرىمدە ئوخشاش زەر بىلەن مىس،
نېچۇك قورقسام سۈزۈلگەن سۇبھى تاڭدىن،
شۇنىڭدەك قورقىمەن شېئىر-داستاندىن.
سەۋەب شۇكى، كىتاب، ئالىم-ئەجەلدۇر،
ئەدىب،شائىر دېمەك كۆزگە سۆگەلدۇر.
ماڭا لازىم پەقەتلا روھىي مەسلەر،
"لەببەي"دەپ تۇرغۇچى ئاپتاپپەرەسلەر.
يېتىشمەس ئەل ئەگەر بولسا كىكەچ، گاس؛
يەنە بولسۇن تېخى قارىغۇ ئاۋام-خاس.
نېمە ئۇ ھۆررىيەت، تەڭلىك دەۋاسى،
نېمە ئۇ تۈگىمەس مۇقام ناۋاسى؟
نېمە ئۇ بىئتائەت ئارزۇ-ئىستەك،
نېمە ئۇ تەلپۈنۈش تاغ بۇركۈتىدەك؟
ئېسىڭدىن چىقىمۇ لۇتپۇل مۇتەللىپ،
نېچۇك ئىچتىم قېنىنى بى تەكەللۇپ!
نېمە ئۇ ئىسيەنكار"خىيالچان تىلەك"،
نېمە ئۇ ئۇچقۇنغا مەپتۇن ئوت يۈرەك!
كېرەكمەس ھەممىسى پەرمايىشىم شۇ،
يا خالا، خالىما سەن، خاھىشىم شۇ!

تولا قۇتراپ ئاشۇ خىلدا بۇ زۇلمەت،
بېشىمغا ياغدۇرۇپ دوق ۋە مالامەت.
مېنى ھەم بىر يولى يۇتماقچى قەستەن،

زامانە پەيلىدىن ملك ئايلىناي مەن.

**************

قېنى ساقىي، ئۈزاتقىن بىر قەدەھ مەي،
نە سەۋرىم قالدى ئەمدى يەنە ئىچمەي.
ئۆزۈڭمۇ تولدۇرۇپ قۇي ئېتىرارسىز،
ئىچەيلى يوپيورۇق بىر تاڭ ئۈچۈن بىز!

## ئالتىنچى باپ

بوغۇزلايمەن دېسەڭ، قويمۇ تېپىرلايدۇ.
-ئۇيغۇر خەلق ماقالى

1

قاناتلان ئەي خىيال، ئۆرلە ساماغا،
ئۈمىد-كۈچ بەخش ئېتىپ مەن بىنەۋاغا.
ھەمىشە بول ماڭا يولباشچى-ھادى،
كۆرۈنگەي كەڭ ئۇپۇق ئازادە ۋادى.
كۆرۈنگەي ياپيېشىل قىرلار، ئېدىرلار،
چىمەنزار ئىچىدە ئاقئۆي-چېدىرلار.
كۆرۈنگەن قارغىيى ھەم ئارچا تالى.
تەبىئەت ئەركىسى بۇغا-مارالى.
قاناتىم بولسا ئۇچسام، گۈلگە قونسام،
ئىلى ۋادىسىنىڭ ھۆسنىگە قانسام!
كېزەي بۇ ۋادىنى چاڭقاقلىقىمدىن،
جامالى-ۋەسلىگە مۇشتاقلىقىمدىن.
كېزەي مەن كەڭ ئېتىز-قىرلاردا سەگىپ،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرىسى

باشئەگىم سۇلىرىدەك ئەگىپ-ئەگىپ.
كېزەي مەن ياڭرىتىپ ناخشامنى ئەركىن،
بولۇپ خامانچىغا ھەر تاڭدا سەلكىن.
كېزەي مەن باغ ئارا گۈلشەندە خۇررەم،
بولۇپ گۈل بەرگىگە ھەر تاڭدا شەبنەم.
سابادەك ھۆر كېزەي ھەر تاڭ راۋانە،
قوناي گۈل شاخلىرىغا ئاشىقانە!

قېنى باشلا مېنى سايرامغا تېزرەك،
ئالاي ئىلھامنى تەشنا ئەلۋەك-ئەلۋەك.
ئالاي ئىلھام تىنىمسىز دولقۇنىدىن،
كېچە زۇلمەتتە تاشقان شاۋقۇنىدىن.
ئەجەب خۇشتار ئىدىم شاۋقۇنغا، ئايھاي،
خىيالىم چايقىلىپ ھەر لەھزە تىنماي.
ئالاي ئىلھام يەنە تەلكە داۋاندىن،
گۈلىستان ئىچرە بۇ جەننەت ماكاندىن.
كۆرۈنسە ياپيېشىل تەلكە داۋانى،
نە خۇش بىر مەنزىرە يوقتۇر پايانى.
قاناتىم بولسا ئۇچسام، گۈلگە قونسام.
گۈل ئۈزەر ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆمسەم .
تۆگەتسەم كېچىنى تاڭغا ئۇلاپ تا ،
ئېلاخۇن ناخشىسىنى ئېيتا-ئېيتا.
قىلىپ شۇ ناخشىغا جانىم تەككەش،
ئاشاي مەن بۇ داۋاننى غۇسسە بىرلە
يەنە كۆپ ئىپتىخارلىق ھېسسى بىرلە.
ئاشاي مەن سۈرتە-سۈرتە كۆز يېشىنى،
تاۋاپ قىلغاچ ئۇنىڭ ھەربىر تېشىنى.
تاۋاپ قىلسام يەنە ئۆتكەچ داۋاندىن،

بايانداي توپىسنى جانۇ جاندىن.
تېپىپ سادىر بوۋامدىن ئىز-نىشانە،
ئاڭا تەزىم بىلەن قويسام پىشانە.
تېپىلسا ھەم شېھىتلارنىڭ مازارى،
نامايان بولسا رىزىۋانگۈل ئۈزارى.
شۇ سائەت ئوقۇسام مەن قەبرىسىدە،
جاراڭلىق ئۈن بىلەن ئوتلۇق قەسىدە.
قاناتىم بولسا ئۇچسام، گۈلگە قونسام،
ئىلى ۋادىسىنىڭ ھۆسنىگە قانسام.
ئاشۇ ۋادى ئارا ئەسكەن شاماللار
كېزىپ دەشتلەر، ئېشىپ تاغۇداۋانلار،
تارىم بوستانلىقىغا كەلسە كاشكى،
تۆمەن بويلىرىمۇ بىر كۆلسە كاشكى.
قاناتلان ئەي خىيال، ئۆرلە ساماغا،
جاھاننى كەڭرى قىل مەن بىناۋاغا.
قېنى باشلا مېنى گۈلشەنگە پاتىراق،
بۇ گۈلشەن زىننىتى تۆمەنگە پاتىراق.
نېسىپ بولسا تۆمەندە ماڭا بايرام،
ئىچەي قەشقەر شارابىن تولدۇرۇپ جام.
ئىچەي مەن سۆيگۈنىڭ گۈلگۈن مەيىنى،
ئىشتكەچ ھەر كېچە قەشقەر نەيىنى.
تۇتۇپ قولدا دۇتارىم دەستىسىنى،
سىلىپ تار ئورنىغا جان رىشتىسىنى،
چېكىپ ھەر پەدىگە مېھرىمنى پۈتكۈل،
بولۇپ ئىشقىدا مەن شەيدايى بۇلبۇل،
قىلاي شۇ نەي كۈيىگە جاننى تەڭكەش،
بولۇپ تا بىر ئۆمۈر تىنماس ناۋاكەش،
شۇنىڭغا ئەرزىسە، بۇ ئەرزىمەس جان،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

جاھاندا بۇ جېنىمدىن نېمە ئارمان!

نېمە بۇ دوستلىرىم، مەن نېمە يازدىم؟
خىيال سەھرالىرىدا خويمۇ ئازدىم.
ئېزىقتىم سۆيگۈنىڭ دولقۇنلىرىدا،
يۈگەنسىز لىرىكا قۇيۇنلىرىدا.
ئېزىقتىم، قالدى قىسسە، قالدى ماۋزۇ،
بويۇن سۇنماي ماڭا ئىسيانچى ئارزۇ.
ئېلىپ قاچتى پۈتۈن مەيلىمنى دىلدار،
كۆڭۈل شۇنداق نېمكەن، نېمە ئىلاج بار؟
مىسالى تاڭ سەھەر كۈلسە قىزىلگۈل،
نېچۈكمۇ جىم تۇرار شەيدايى بۇلبۇل؟
دېمەك، مەنمۇ ئېزىقتىم بىھۇشانە،
جۇنۇن ۋادىسىدىن ئىزدەپ نىشانە.
قېنى ساقىي ئۇزاتقىن بىر قەدەھ مەي،
مەيىكىم مېنى بىردەم خامۇش ئەتكەي.
پەرىشان سۆزلىمەكتىن توختاي ئەمدى،
نەزەرباغ گۈلشەنگە قايتاي ئەمدى.
تىزاي يېپقا كۆڭۈل دۇردانىسىنى،
چېچىلغان مەرۋايىتلار دانىسىنى.
خىيال پەرۋازلىرى توختاپ بىرەر دەم،
داۋام قىلسۇن مېنىڭ مۇڭلۇق ھېكايەم.

2

كېچە باغدا بولۇپ ئۆتكەن شۇ جاڭجال
شەھەرگە تاڭ بىلەن ئاڭلاندى دەرھال.
ئۇنىڭ ئۇستىگە يۈز-يۈزلەپ ۋاراقچە
تارالغاچ چۈشكە قالماي قانچە-قانچە.

جىمى خەق ئاغزىدا گەپ ئۈستىگە گەپ،
ساماۋار ھەم دۇكان مەھەللىدە گەپ؛
مازار، مەسچىت يەنە خانىقادىمۇ گەپ،
سارايۇ مەدرىسە، ھېيتگاھتىمۇ گەپ؛
ۋە ھەتتا بەشكېرەم، قوغاندىمۇ گەپ،
يېڭىشەر، توققۇزاق، سەمەندىمۇ گەپ،
خۇسۇسەن بۇ يېقىندىن بېرى پات-پات
قاماش ياكى ئېتىش بولغاچقا قات-قات،
ئاران تۇرغان خەلق تاقەت قىلالماي،
قىمىرلاپ قالدى بۇ ئىشقا چىدالماي.
تاقالدى رەستىدە نۇرغۇن دۇكانلار،
ئادەمسىز قالدى بەزى ھويلا-ئاراملار.
خالايىق ئېتىلار ھېيتگاھ تەرەپكە،
ئىدى ساقچى بىناسى شۇ تەرەپتە.
سارايلاردىن چىقىپ ھامماللىمۇ ماڭدى،
قويۇپ سودىسىنى دەللاللىمۇ ماڭدى.
يەنە يۈز-يۈزلىگەن ئىمكار-جاپاكەش،
ئوتۇنچى، مەپىكەش، ئاشپەز ۋە ئەپكەش،
يۆگۈردى باللارمۇ تۆشمۈتۆشتىن،
بىلىپ-بىلمەي بۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىدىن.
تولۇپ كەتتى ئادەمگە ھېيتگاھ مەيدان،
خالايىق ۋارقىرار، ھەر ياندا چۇقان.
بىراۋلار قىزىقىپ كەلگەندۇ بەلكى،
بىراۋلار ئەگىشىپ كەلگەندۇ بەلكى،
ۋە لېكىن ئەكسىرىنىڭ كۆڭلى بىدار،
نە بىدار ۋە بەلكى ھەر ئىشقا تەييار.
بولۇپمۇ كۆپ ئىدى ياشلار بۇ سەپتە،
تۇرار دادىل بولۇپ ئالدى تەرەپتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مانا ساقچى دېگەن ئىگىز ئىمارەت،
خەلق قورشاۋدا قالدى ناھايەت.
بىنانىڭ قاپقىسى مەھكەم ئېتىلگەن،
ۋە بەلكى ئىچىدىن چىڭ بېكىتىلگەن.
ئىگىز ئۆگزىدە ئونلاپ ساقچى ھازىر،
غەمۇ ئەندىشىسى رەڭگىدە زاھىر.
تۇرۇپ تۇرسۇن بۇ گەپ بىردەم ئامانەت،
كۆرەيلى ئىچكىرىدە نېمە ھالەت.
كىرىم بىرلە ئوبۇلنى تۇتقىنىچە
ئېلىپ كەلدى قاماققا شۇ پېتىچە.
كىرىم ئۆز بەلبېغىنى نەچچە يىرتىپ،
ئوبۇلنىڭ يارىسىدىن قاننى ئېرتىپ-
تېڭىشقا باشلىغاندا كۆڭلى مەيۈس،
كۆمەكلەشتى ئاڭا بىر نەچچە مەھبۇس.
شۇ ھالدا ئۆتتى بۇ كامېردا بىر تۈن،
نېمىدىن باشلىناركىن كەلگۈسى كۈن؟...
مانا ئاخىر ئېلىپ چىقتى سوراققا،
سوراق ئۆزگەردى دەرھال قىيناماققا.
سەۋەب شۇكى، سوراقچى ھە دېگەندە،
تونۇپ قالدى كىرىمنى كۆتمىگەندە.
ئۆلۈش يىل ياغ قاپاق سۇنغان ئاشۇ كۈن
كىرىمدىن مۇشت يېگەندى بۇ مەلئۇن.
ئۇنى ھەممە كىشى دەيتتى خاكوجاڭ،
كۆرۈش بىرلە كىرىمنى بولدى ھاڭ-تاڭ.
قاۋاندەك چىرقىراپ، ئىتتەك ئېسىلدى،
بىراق، بىر مۇشت تېگىپ، ئۆزى يىقىلدى.
شۇ بولدى باشلىنىش، ئۆلغايدى بۇ ئىش،

كېرىمنىڭ بېشىغا ياغدى تاياق-مۇشت.
ئاخىر بىرقانچىسى زور كەلدى، باستى،
چۈشەپ پۇت-قولىنى تورۇسقا ئاستى.
گاھى قامچا، گاھى توقماق، گاھى مۇشت،
كېرىممۇ قانچە نۆۋەت بولدى بىھۇش.
سوغاق سۇمۇ ئاخىرى قىلمىدى كار،
تامام ھۇشسىز ئىدى ئەمدى بۇ ھۇشيار.
شۇ ھالدا ئۆتتى قانچە-قانچە سائەت،
بۇنىڭ تەسۋىرىگە يوق مەندە تاقەت!

لېكىن سىرتتىن خەۋەر تاپقاچ خا كوجاڭ،
ئالاقزادە بولۇپ يۈگرەيتتى ھەر يان.
قولىدا تېلېفون تىترەيتتى دىر-دىر،
يۈزى تامدەك ئاقارغان، گېلى خىر-خىر.
چىقىپ ئارقا ئىشىكتىن ئاخىر بۇ جاللات،
يېتىپ كەلدى شتابقا چاپتۇرۇپ ئات.

بەگ ھاجىمۇ شۇ يەردە ئولتۇراتتى،
غەزەپتىن كۆزلىرىدە ئوت ياناتتى.
نېمدۇر دەر ئىدى سىجاڭ جۇدۇنلۇق،
ئۇنى بىر تۈكچىسى ئۆرەر ئۇدۇللۇق.
بەگ ھاجىمۇ دېدى بىر مۇنچە گەپنى،
ئۇنتۇماي بۇ ئورۇنغا خاس ئەدەپنى.
ئۇزۇن گەپتىن كېيىن ئۇ دېدى ئاخىر:
"نېمە بولدى بۇ قەشقەر ئەھلى، ياپىر!
ئەجەب ئۆزگەردى ئەلنىڭ خۇيى-پەيلى،
ماڭا ھەم ھېچ ئارام يوق شۇ تۈپەيلى.
بىرى غۇلجا تەرەپتىن گەپ توشۇيدۇ،

www.uyghurkitap.com

بىراۋلار توپلىشىپ ژۇرنال ئوقۇيدۇ.
شەھەردە ھەر كۈنى بىر يېڭى تەشۋىش،
كى غۇلجا پالانىش، چۆچەك پوكۇنىش.
ئۇنى ئاز دەپ ۋاراقچىلار تارالدى،
كۆڭۈلنى تۈگمەس بىر غەمگە سالدى.
بۈگۈن تاپساڭ بىرىنى شۇنچە تەستە،
چىقار يۈز نەچچىسى يەنە ئەتە.
گۇمانلىقنى قاماپ باقساقمۇ شۇنچە،
ساۋاق ئالماس بۇنىڭدىن ئانچە-مۇنچە.
ۋە ھەتتا بەزىسىنى ئاتتى سىجاڭ،
لېكىن چىقتى يەنە بۈگۈنكى ئىسيان.
كېرىمنى قۇتقۇزۇش، بۇ بىر باھانە،
بۇ ئىشتا كۆپ ھۈنەر بار غايىبانە.
چوقۇم غۇلجا تەرەپتىن خاس ئادەم بار،
بۇ يەردە ئوينىتىپ تۇرغان قەلەم بار.
ئەگەر ئارغامچىنى تېز تارتمىساق بىز،
تىنىم بەرمەس بۇ قەشقەر ئەھلى ھەرگىز!"
بەگ ھاجىمغا قوشۇپ ئېيتتى خا كوجاڭ:
"ئەگەر تەستىقلىسا بۇ گەپنى سىجاڭ،
ئاۋۋال ئىشنىڭ بېشى بۇ ئىككىسىنى-
كېسىپ ئاسماق كېرەك ئىت كاللىسىنى.
بۇلار چۈنكى بىلىشمەي ئەس-ھۇشنى،
كۆتۈردى بىزگە قارشى مۇشتۇمنى!"
دېدى سىجاڭ شۇ چاغدا:"تېخى ياش سىز،
ئېتىشقا نېمە ئانچە ئالدىرايسىز؟
كېسىپ ئاسماق ئوڭاي باشنى ياۋاغقا،
ئىلىندۇرمەك قىيىن لېكىن قارماققا.
ئەمەل قىلماق كېرەك دانا سۆزىگە:

بىلىقنىڭ چوڭى چىقماس سۇ يۈزىگە.
قارماقنىڭ يىپلىرى بولسا ئۇزۇنراق،
بولۇر پايدا بېلىقچىغا پۈزۈنراق.
بۇ ئىشلارنىڭ تېخى چوڭراق بېشى بار،
ئۇنىڭمۇ كەينىدە مەخپىي كىشى بار.
دېمەك بىز ئالدىراپ كەتمەيلى كايىپ،
ئەمەس ھەرگىز بۇگۈنكى ئىشمۇ تاسادىپ.
كېرىم ئەلۋەتتە بۇ ئىشقا باھانە،
تاپايلى بىزمۇ تەدبىر ئاقىلانە.
شۇڭا دەرھال بوشاتقايسىز ئۇلارنى،
خەلقمۇ تارقىلۇر كۆرسە بۇلارنى!"
شۇ بولدى يولىيورۇق، ياپتى بۇ بابنى،
چىقىشتى ھاجىلار تاشلاپ شتابنى.
بۇ تەدبىر ياقمىدى ھاجىغا ئەلۋەت،
لېكىن يوقتۇر بۆلەككە ئۇندا جۈرئەت.
شۇڭا ئۇ ئۆزگىچە بىر ھىيلە ئويلاپ،
بۇنى ئېيتتى خاكوجاڭغا پىچىرلاپ.
شۇنىڭ بىرلە تېپىپ كۆڭلىگە ئارام،
قىلىشماق بولدى بۇ ئىشنى سەرەمجان.
كۆلۈشتى ئىككىسلا بولدى مەمنۇن،
شۇ ھالدا كەچۈردى، ئۆتتى بۇ كۈن.
كېرىم بىرلە ئوبۇلمۇ بولدى ئەركىن،
خەلق كۆڭلىمۇ گەرچە تاپتى تەسكىن.
ۋە لېكىن قان بىلەن ئۇيۇغان قارا داغ
يۈرەكتە قالدى، ئۆچمەس ئەمدى ھېچ چاغ.
يۈرەكتە قالدى مەڭگۈ ئۆچ-ئاداۋەت،
ياغار كىملەرگىدۇر قارغىش ۋە لەنەت.
خالايىق تارقىدى شۇ ھالدا ئاستا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىراۋلار ماڭدى تېز-تېز ئەينى ۋاقىتتا.

ئۇزۇلمەستىن تېخى ئەلنىڭ ئاياغى،
يېقىلماي ھەم تېخى ئاسمان چىراغى،
بەگ ھاجىمنىڭ ئۆيىگە كەلدى كوچاڭ،
ئۆزىدىنمۇ سۆزى كۆپرەك پەرىشان.
چىقىپتۇ بۇ شەھەردە يەنە بىر ئىش،
كۆڭۈلگە سىغقۇسىز بىر يېڭى تەشۋىش:
بايا بىر مۇنچە خەلق ياۋاغ تەرەپتە-
ئۇرۇپ بىر ساقچىنى قاتتىق غەزەپتە.
چىقىپ بىر قانچىسى تىك تامغا پەستىن،
ئېلىپ كەتكەن ئىمىش باشنى قەپەستىن...
"يەنە يىرتىپ جازا ئېلانىمىزنى،
كۆزىگە ئىلمىدى پەرمانىمىزنى."
دېمەك بۇ ئەھلى قەشقەر ھەددىدىن ئاشتى،
ئىتائەت بابىدىن چىقتى، ئاداشتى.
بۇنى ئاڭلاپ بەگ ھاجى بولدى خامۇش،
تېگىپ مۇشت، ئۇچتى گويا باشىدىن ھوش.
شۇ ھالەتتە يەنە ماڭدى شىتابقا،
تاراقلاپ رەستىدىن ئۆتتى پوۋۇسكا....

## يەتتىنچى باپ

يولۋاسنىڭ چىشلىرىنى ھىجايتىشى
ئۇنىڭ كۈلگەنلىكى بولمايدۇ.
-نىزامى گەنجىۋى

1

يۇتۇپ ھەسرەت بىلەن دەردۇ ئەلەمنى،
ئالاي قولغا يەنە مۇڭلۇق قەلەمنى.
قاچانكىم بۇ قەلەمنى قولغا ئالسام،
يانار كۆڭلۈم ئۆيىدە بىر يورۇق شام.
يانار شام بەخش ئېتىپ ئىلھام ۋە قۇۋۋەت،
جاراڭلار زەۋقىدىن كۆلبەمدە مېھنەت.
جاراڭلار كۈچ،ئۈمىد، ئىلھامچى ماۋزۇ،
بوۋاقنىڭ قەلبىدەك پاك-ساددا ئارزۇ.
جاراڭلار ھەر نەپەس روھىمدا ئىقبال،
كۆڭۈلنى ئويغىتار ئىسيانچى سىگنال.
بىراۋغا نەپرىتىم، بىراۋغا سۆيگۈ،
(بىرىگە بىرى زىت بۇ ئىككى تۇيغۇ)،
ھەمىشە قوزغىتار كۆڭلۈمدە غەليان،
بۇ غەليانىنى قەلەم ئەيلەر نامايان.
ئەگەرچە بۇ زامان پەيلى ستەمكەش،
ئەلەم-ھەسرەت چېكەر گەرچە قەلەمكەش.
لېكىن ئىستەر شۇنى كۆڭلۈم بىتاقەت
ۋە گەرچە چەكتى كۆپ دەردۇ مالامەت.
مىسالى خارىسىز بولماس قىزىلگۈل،
ۋە لېكىن ئۆزگىنى سۆيمەيدۇ بۇلبۇل.
مىسالى ئوت دېدى، پەرۋانە كۆيدى،
شۇ ئوتتا كۆل بولۇشنى ئۆزى سۆيدى.

مانا تىڭشاڭ قەلەم ئېيتار ھېكايەت،
ھېكايەتتىن تولا ئاچچىق شىكايەت:
مانا ئۆيدە ماتا بەلباغنى يىرتىپ
ئوبۇلنىڭ ئانىسى قان داغنى ئېرتىپ،
تۆكەر قان ئۈستىگە قايناق يېشىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆتۈرمەي يىغىدىن ئاپئاق بېشىنى.
نەچە كۈنلا بۇرۇن تۇنجى ئوغۇلدىن
جۇدا بولسا، بۇگۈن ئەمدى ئوبۇلدىن.
يەنە قان ئۈستىگە يەنە يېڭى قان-
چېچىلسا بۇ غېرىب دەرگاھقا بۈئان،
بۇنىڭغا كىم چىدار، كىمگە دېمەس داد،
بولۇرمۇ مۇندىن ئارتۇق زۇلمى بۇنياد!
يىغىلغان قوۋم-قېرىنداش، ئەل-جامائەت
قىلالماي ئەمدى بۇ ئىشلارغا تاقەت،
تېپىرلار، چايقىلار ھويلىغا سىغماي،
ۋە لېكىن داد دېيىشكە نەگە بارغاي؟
كىشىلىك ھەققىنى تاپقان خەلقلەر
(يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان خەلقلەر).
ئىشتىسە، بولغۇسى بۇ گەپكە ھەيران،
ئەمەس چۈنكى ئۇلارنىڭ يۇرتى شىنجاڭ.
بۇ يۇرتتا نېمىلەر بولمايدۇ سادىر،
كى ھاكىم مۇندا ھەممە ئىشتا قادىر.
ھېسابلار خەلقنى بىر قوتان قوي،
ئۇلارنىڭ خاھىشىمىش قايسىنى سوي.
ئەگەرچە قوي سويۇش قاسساپقا باپتۇر،
بىراق بۇ يۇرتتا قاسساپ بىھېسابتۇر:
بۇ يۇرتتا ۋاڭمۇ قاسساپ، بەگمۇ قاسساپ،
ۋە ھەتتا بۆرە تۇرماق سەگمۇ قاسساپ؛
ۋىلايەت ھاكىمى دوتەيمۇ قاسساپ،
يىتىپ ئەپيۇن چېكەر تەتەيمۇ قاسساپ؛
سوراقچى ئامبىلى شيەنجاڭمۇ قاسساپ،
بېشىدا سەللىسى ئىشانمۇ قاسساپ.
قولىدا قىلىچى چېرىكمۇ قاسساپ،

پالان بايۇ، پوكۇن باي ئۇمۇ قاسساپ.
شۇنى ھەم ئېيتمىقىم لازىم مېنىڭچە،
كى قويدىن پەرقىمۇ بار مىڭچە-مىڭچە.
مىسالى ئىگىسىز بىر قوي تېپىلماس،
سوراقسىز سويغۇچى داۋدىن قۇتۇلماس.
دېمەك ئىتنىڭمۇ باردۇر خۇن دەۋاسى،
ھايات قانۇنىنىڭ شۇلدۇر ئاساسى.
ۋە لېكىن بۇ دىياردا ئىش بۆلەكچە،
ئادەمنىڭ قەدرى يوقتۇر توڭ تېزەكچە.
ساناقسىز تېپىلار زىندان-كىشەنلەر،
خازاندەك سارغىيار مەنمەن دېگەنلەر.
بىراۋلار خالىسا، ئاسار سوراقسىز،
ۋە ھەتتا جادىغا باسار سوراقسىز.
نېمە قانۇن دېگەن گەپ گومنداڭغا،
نە ھاجەت مەرپەت غالجىر قاۋانغا!
تۆكۈلسە نېمە ئۇ مەسۇمە كۆز ياش،
كېسىلسە نېمە ئۇ قەددەمدە بىر باش.

ئەنە روزى ئەپەندى مەرھۇم مۇئەللىم،
قېنىنى تۆكتى شۇنچە چەرخى زالىم.
بېشىنى ئاستى تامغا تەنگە قوشماي،
يىگىرمىنچى ئەسىردىنمۇ ئۇيالماي!
ئەنە لەيلى، بېشى مەھكەم تېڭىقلىق،
ياتار خامۇش، كۆزى مەھكەم يۇمۇقلۇق.
گۈلى رۇخسارىمۇ شامدەك ئاقارغان،
قارا سۇمبۇل چېچى ھەر يان پەرىشان.
گۈلايىم بېشىدا، غەمكىن نىگاھى،
چاراسلار ئالدىدا شام گاھى-گاھى.

www.uyghurkitap.com

چاراسلاپ شام ئاقار ھەم تامچە-تامچە.
تۆكۈلدى كۆز يېشىمۇ قانچە-قانچە.
ئەنە قۇمرى بىلەن مېھرىنسالار،
يەنە پاتەم بىلەن خەيرىنسالار...

ئەنە قامچا بىلەن يول-يول تىلىنغان،
تاياق-توقماق بىلەن بېشى يېرىلغان،
پۈتى ئاقساق، قولىنىڭ يوق مادارى،
خازان بولغان كەبى ياشلىق باھارى.
كېرىم ئۆز كۆلبەسىدە ئىزتىراپتىن-
گاھى ھۇشىدىن كېتەر ئاچچىق غەزەپتىن.
ئويۇقتا جىنچىراغ پەرۋانە شەيدا،
ئادەملەر بىرلە تولغان تۆر ۋە پەگاھ.
قىلۇر بىرسى تېۋىپلىق يارىسىغا،
بىرى ئېيتار تەسەللى ئانىسىغا.
بىراق ھېچكىم بىلەلمەس ئەتە-ئۆگۈن
يەنە قانداق ئويۇن باشلار بۇ گەردۇن؛
يەنە كۆز ياشلىرى قانچە ئاقاركىن،
زۇلۇمنىڭ تېشىنى كىمگە ئاتاركىن!

2

لېكىن ھاجىغىمۇ قىلماي ۋاپا چەرخ،
ئۇنىڭ كۆڭلىنىمۇ قىلدى خاپا چەرخ.
تالاي يىللار داۋامى بۇ چەرخ گەردۇن،
جاھاننى قىلسىمۇ كۆپ ئاستىن-ئۈستۈن.
قىلىپ باقماس ئىدى ھاجىنى تەھقىر،
بۈگۈن قانداق كارامەت بولدى ئاخىر؟
كى شەربەتلىق تولا ئالتۇن پىيالە،

يەنە شەربەتتىكى رەڭگى خۇددى لالە.
مانا ئاغزى ئاڭا تېگەي دېگەندە،
(شۇ ئاخشام باغدا ھېچبىر كۈتمىگەندە)،
ئېغىر ياربدار بولۇپ لەيلى يىقىلدى،
دېمەك توي ئىشىغا توپا سېپىلدى.
سوزۇلسا ئارقىغا ئاررۇغا يەتمەك،
بىكار كەتمەمدۇ ئەمدى شۇنچە ئەمگەك!
دېمەك تەرسا، قارام-بەڭۋاش بۇ تەقدىر
بەگ ھاجىغىمۇ قىلماي يۈز ۋە خاتىر،
يولنى توستى، سالدى بىر توساق تام.
تىرامتام-تام، تىرامتام-تام، تىرامتام.
رەقىبنى ئۇ گەرچە "يەڭدى" گويا،
بىراق سەزدى ئۆزىن شەرمەندە-رەسۋا.
پۈتۈن يۇرت چوڭلىرىنىپ پېشۋاسى،
ئۆزىچە ھەم شەرىئەت ئۆلىماسى،
ئەگەر مەنسەپ دېسە، ئالىي ئەمەلدار،
يەنە ھەربىيدىمۇ چوڭ مەنسىپى بار.
ئاڭا باقماي يەنە بۇ"كۆزى يوق"خەق،
ئەجىب ئىشلارنى قىلدى"يۈزى يوق" خەق.
دېمەك بۇ قەشقەرىيلەر ھەددىدىن ئاشتى،
دىيانەت بابىدىن چىقتى، ئاداشتى.
مۇشۇ ئويلار بەگ ھاجىمغا كېلىپ ئار،
ئېغىر بىر ئىزتىراپقا بولدى دۇچار.
شۇڭا كىرمەي بۇگۈن ئىچكىرىسىگە،
كۆڭۈل بۆلمەي خېنىمنىڭ ھەر ئىككىسىگە،
ئالاي دەپ تىنچ ئارام ئۆز ئويىدا،
يېتىپ قالغاندى مېھمان ئۆيىدە.
كېچىچە تولغىنىپ ھەم چەكتى پەرياد،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاتىا ھەم قېپتىمىش چەرخ جەبرى بۇنياد(؟!)
شۇ ھالدا ياتتى تاكى چىققۇچە كۈن،
كۆڭلىدە غەم تولا، چىرايى مەھزۇن.
ئۇدۇلدا پارقىرايتتى چوڭ بوي ئەينەك،
ياتار ھاجى تىرەپ ياستۇققا جەينەك.
قاراپ ئەينەككە كۆرگەچ ئەكسىنى ئۇ،
خىيال تېخمۇ بولدى قاراڭغۇ.
قېنى يۈزلەردىكى پارلاق قىزىللىق،
قېنى كۆزلەردىكى ئويناقى زىللىق؟
كۆرۈڭكى قېرىلىق سىرتقا تېپىپتۇ،
ساقالنىڭ قارىسى ئازلاپ كېتىپتۇ.
بېسىپتۇ يۈزنى بىر تەكشى قورۇق،
دېمەك يەتكەنمىكىن ئۆمرىگە ھاردۇق!
شو ئوي بىرلە تۇرۇپ ئۇ ئورنىدىن دەس،
دېدى: "تەقدىرگە مۇنچە تەن بېرىش، بەس.
ھېلىتىن قېرىلىق، بۇ نېم دېگەن گەپ،
كۆڭۈل تەلپۈنسە تىنماي گۈلگە ھەدەپ.
بۇگۈن قەشقەر گۈلستانىدا بىر گۈل،
ئۇ گۈلكى، بارچە گۈللەرگە ئەمىر گۈل.
ئۆزۈمنىڭ بولدىمۇ، بەس ئەمدى يار-يار،
ساقالنىڭ ئاقلىغىدىن نە غېمىم بار؟"
شۇ چاغ خادىم بەگدىن سوراپ ئىجازەت،
مۇھىم مەكتۇپ دېدى ھەم سۇندى بىر خەت.
ئوقۇپ بۇ خەتنى ھاجى دېدى شۇئان:
"قېتىڭلار ھارۋىنى، بول قېنى چاپسان!"
"ئەجەب ئىش بۇ؟" دېدى ئۇ ئۆز ئىچىدە،
قاراپ مەكتۇپقا سىرلىق كۆز ئۇچىدا.
"سەھەرلىك چايغا كونسۇل قېپتۇ تەكلىپ،

يەنە بۇ خەتتە شۇنچە ناز-تەكەللۇپ،
دېمەك، بۇ ئىشتا مەۋجۇت بىر مۇھىم سىر،
بىكارغا مۇنچىلىك قىلماس روبىرت شىر."

3

روبىرت شىر كىم؟ ئۆزى بۇ نېمە ئادەم؟
قىلاي ئەمدى بايانىن سىزگە بىردەم.
كىمىكى تۇرسا قەشقەردە بىرەر ئاي،
ئاجايىپ مەنزىرە مەيتۇنى بولغاي.
كى ئۇيغۇر بىرلە ئۆزبېك، شىبە، خەنزۇ-
ۋە قىرغىز بىرلە تاجىك، مانجۇ، خۇيزۇ
يەنە موڭغۇل كەبىلەر بىر قاتاردا
ياشاپ كەلگەندىن ئۆزگە بۇ دىياردا،
يەنە ھىندى، ئەرەب ياكى ئاففان
ۋە ياكى رۇس، شۋېت ھەم ئەنگلچان-
دېگەنلەر بار ئىكەن دەپ ئاڭلىغانلار،
ئەگەرچە كۆرسىمۇ تونالمىغانلار
بۇ يەردە تاپقۇسدۇر ھەممىسىنى،
ئايال-ئەركەك، قېرى-ياش جۇملىسىنى.
دېمەك قەشقەر-ئادەم كۆرگەزمىسىدۇر،
ئادەمزات خىللىرى نەمۇنىسىدۇر.
ئايانكى، ئۆزئارا سودا-تىجارەت
ۋە يا دوستلۇق، زىيارەت ھەم ساياھەت
قەدىمدىن بار ئۇدۇم بۇ يەر يۈزىدە،
ئەجەبلەنمەس كىشى ھەم گەپ-سۆزىدە.
ۋە لېكىن بەزىلەر بولغاچ غەرەزلىك،
تېپىپ باھانە، قىلىپ كۆپ ساختىپەزلىك،
كىشىنىڭ يۇرتىغا بىر كەلسە، قايتماي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكسى تارىپسى

خوجا بولماقنى قەستلەر ھېچ ئۇيالماي.
شۇلارنىڭ بىرىدۇر بۇ ئىنگلىزلار،
تالاي ئەلنى تالاڭ قىلغان شۇ خۇنرىزلار،
نېمشقا بولدىكىن بۇ يۇرتتا "مېھمان"،
نېچۈن بولماس كىشى بۇ ئىشقا ھەيران!
ئۇلارنى كىم بۇ يەرگە قىلدى دەۋەت
ۋە قايسىبىر ھوقۇق بەردى ئىجازەت؟
نە بىزگە قوشنىدۇر، نە يارۇ ھەمدەم،
نە ھازىر، نە ئۇزاق يىللار مۇقەددەم.
نە شۆھرەت دەۋرىدە داستانىمىز بىر،
نە ماتەم، تويدا داستىخانىمىز بىر.
يىغىپ ئېيتقاندا گەپنى بىر جۈملە:
"قېتىقمۇ ئىچمىگەن ئايدىڭدا بىللە".

ئايانكى، بۇ قېرى مەككار جاھانگىر
ئۆزۈندىن ئويلىغاچ بىر ھىيلە-تەدبىر،
نە كۈن ئەپيۈن ئۆرۈشتا تاپتى پۇرسەت،
ۋەتەننىڭ بېشىغا سالدى پالاكەت.
شۇ كۈن باشلاپ ئۇلۇغ جۇڭخۇا ئىلىگە
سوزۇپ چاڭگال جىمى بۆرە ۋە تۈلكە،
كىسىپ تاشلاندى ئاۋمىن بىرلە شياڭگاڭ،
نىجاسەت ئىچىدە بۇلغاندى چاڭجياڭ.
جاھانگىرغا نېچۈك باش ئەگسە مەنچىڭ،
گومىنداڭ ئاشۇرۇپ تەزىمنى مىڭ-مىڭ،
بېرىلدى ئىمتىيازلار چەتكە مۇتلەق،
خوجايىن بولدى ھەر باسقۇنچى ئەبلەخ.
قۇرۇپ مەركەزدە قانچە خاس ساپارەت.
يەنە چوڭ-چوڭ شەھەرلەردە ۋاكالەت،

جىمى ئىشقا تىقىشتى تۇمشۇقىنى،
قەدەمدە توشقۇزۇپ ئۆز يانچۇقىنى.

يىراقتا قالمىدى شىنجاڭمۇ چەتتە،
ئىدى شۇ ئىنگلىز ھەم تۇنجى رەتتە.
ئۇلار دەسلەپ شۇ قەشقەردە شۇ چاغدا
قۇرۇپ خارجى ۋاكالەت چىنىباغدا،
نېچۇكتۇر كونسۇلىنى قىلدى ئېلان،
روبىرت شېر ئىدى شۇ مەنسەپكە قونغان.
ئۇنى ھۆرمەت يۈزىدىن دەيتتى مىستىر،
نە مىستىركى، جىمى شەيتان ئۈچۈن پىر.
راۋان سۆزلەر ئىدى تۈركىي ۋە پارسىي،
ئىمىش ئۇ ئىنگلىزنىڭ شەرقشۇناسى.
ئەگەرچە گەپ ئېچىلسا"قەشقەرى"دىن،
قوشۇپ سۆزلەيتتى "خاس" نى تاشقىرىدىن.
ئۇزاق تۇرغاچ بۇ يۇرتتا قىش ۋە يازى،
ئاڭا روشەن ئىدى ئۇيغۇر مىجەزى.
جاھان قانۇندا كونسۇل ئۆزىچە
قىلالمايتتى مۇداخىلە ئۆز بېشىچە،
ۋە لېكىن يوق ئىدى روبېرت ئۈچۈن چەك،
قارايتتى ھەممە ئىشقا ئۆز ئىشىدەك.

مانا ئۆز ۋاقتىدا كەلدى بەگ ھاجىم،
كۆتەر دوستنى روبىرت شىر ھەم مۇلايىم.
سەھەرلىك چاي ئۈچۈن داستىخان شاھانە،
تېپىپ ھەر لوقمىدا سۆزگە باھانە،
روبىرت شېر ۋەزىيەتنى قىلدى تەھلىل،
قوشۇپ ھەر نۇقتىغا بىر-ئىككى تەمسىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تاربىسى
www.uyghurkitap.com

دېمەكچى: ۋەزىيەت ئۆزگەردى ھازىر،
كېيىنكى مەنزىرە ھەم بولدى زاھىر:
يېقىن كۈنلەردە شىنجاڭ تەقدىرىدە-
بولۇر زور ئۆزگىرىشلەر ئاپىرىدە.
گومىنداڭ ئۆتكۈزۈپ قويغاچ ئۇرۇشنى،
تەلەپ قىلدى ئۇرۇشنى توختىتىشنى.
بۇ پۇرسەتنى بىلىپ بىر ياخشى ئولجا،
پۈتۈشمەك مەيلىنى كۆرسەتتى غۇلجا.
ئەگەر غۇلجا ئۇرۇشتىن تارتسا قولنى،
سىياسەتتە تۇتار بىر ئۆزگە يولنى.
ماناس دەرياسىدىن ئۆتمەس قوشۇنى،
مۇزاتتىنمۇ تۆۋەن چۈشمەس قوشۇنى.
دېمەك، ئالتە شەھەر كۆرمەي تالاپەت،
قالۇر دەھشەت قىيانىدىن سالامەت.
"ۋە لېكىن،-دەپ روبىرت شىر قىلدى تەكىت،-
تېخى چوڭراق بولۇر شۇ چاغدا تەھدىت.
قازارا بىر بىتىم ئاشسا ئەمەلگە،
پۈتۈن ئارزۇيىڭىز ئۇچقۇسى يەلگە.
"بىتىم"دە ئىللىق مالخايىنى قىرلاپ،
ياغۇر قەشقەرگىمۇ يۈزلەپ ۋە مىڭلاپ.
ئۇرۇشتا يەتمىگەن مەقسىتىگە ھەم
ئۇرۇشسىز يەتكۈسى بۇ يەردە دىلجەم.
ھېلتىننىلا بۈزۈلدى پەيلى ئەلنىڭ،
ماڭا ھەم سىر ئەمەستۇر مەيلى ئەلنىڭ.
تونۇلغۇن بولغان ئىش بوش گەپ ئەمەستۇر،
شۇنى ئويلاش ئۆزى ئاقىلغا بەستۇر.
تېخى بۇ گەپ بالانىڭ ئىپتىداسى،
بولۇر ئۇندىن يامانراق ئىنتىھاسى.

ئۇ چاغدا سىزگە دىشۋار، بىزگە دىشۋار،
قېنى ئېيتىڭ، بۇ ئىشقا نېمە ئىلاج بار"؟
بەگ ھاجىمۇ سىلاپ چار ساقىلىنى،
ئۇزۇن گەپلەر بىلەن چايناپ تىلىنى،
روبىرتنىڭ سۆزلىرىگە قىلدى تەھسىن،
قوشۇپ بەزەن سۆزىگە يېڭى تەلقىن.
خۇسۇسەن شۇ كۈنى ھەربىي شتابقا
بايان قىلغان پىكرىنى قايتا-قايتا-
يەنە ئېيتتى روبىرتقا مەيۇسانە،
ئۇزۇن-قىسقا تىنىپ ئەلەمكارانە.
دېدى ئۇ ئاخىر غەم-غۇسسە بىرلە:
"بۇ ئىشنىڭ تەدبىرى سىزگە ھاۋالە.
نېمەرسە دېسىڭىز ئىمكانىڭىز بار،
ئەقىل-ئىدراك ۋە كۈچ دەرمانىڭىز بار.
نىجاتلىق چارىسى، تەدبىرى سىزدىن،
يۈرۈپ خىزمەتنى قىلماق ئىشى بىزدىن.
نېمىكى بولسا غەمدىن ئەيلەڭ ئازاد،
پاناھىڭىزدا بولغاي كۆڭلىمىز شاد".

يەنە گەپكە چۈشۈپ شەيتان روبىرت شىر،
پىچىرلاپ دېگۈدەك كۆرسەتتى تەدبىر:
بەگ ھاجى ئاتلىنىپ مەركەزگە بارغاي،
خالايىق ئاغزىدىن شۇ ئەرزنى ئېيتقاي،
كى شىنجاڭ چوڭ رايون، كەڭرى زېمىندۇر،
ئۇنى تىزگىنلىمەك بەسى قىيىندۇر.
شۇڭا بۆلمەك كېرەك بۇ يەرنى ئۈچكە-
شىمالنى ئىككىگە، جەنۇب بىر ئۆلكە.
خۇسۇسەن ئالتە شەھەر بۇ ئىشقا ھاجەت،

www.uyghurkitap.com

شۈنى ئارزۇ قىلار پۈتكۈل جامائەت.
"شۇ چاغدا، -دېدى مىستىر مەغرۇرانە، -
نىجاتلىقتىن تاپالايسىز نىشانە.
جەنۇب ئۆز ئالدىغا بولسا ئەگەردە،
بىتىمنىڭ ئابرۇيى بولماس بۇ يەردە.
بۇ ئۆلكە باشلىقى بولماس سىزگە خاس،
قىزىل پاچاقتا مۇندا جاي تېپىلماس.
يەنە قىلسام سۆزۈمگە بىر قوشۇمچە،
شتاب بىلەن كېڭەشتۇق نەچچە-نەچچە
شتابمۇ سىزگە ئېيتار بەلكى ئەتە،
بولۇڭ بۇ ئىشقا تەييار ھەر جەھەتتە.
مانا تەدبىر، ئەقىل-ئىدراك دېگەن شۇ،
سۇ كەلمەستە تۇغان تۇتماق دېگەن شۇ.
ۋە لېكىن بىلمىسۇن بۇ سىرنى سەمەن،
سۇ ئۇخلار، ئۇخلىماس ھەر چاغدا دۈشمەن".

بەگ ھاجى جانلىنىپ ئەگدى بېشىنى،
ھاياجاندىن تۆكۈپ كۆزدىن يېشىنى.
بايان ئەيلەر يەنە ئۆز تەسراتىن،
بۇ سۆھبەتتىن تېپىپمىش جان نىجاتىن.
ئىمىش بۇ چارە-تەدبىر بەك ئالامەت،
سۇلايمان ئۆزۈكىدەك بىر كارامەت.
ئىمىش خىزمەتكە تەييار تەن ۋە جانى،
تۆكۈلسە ئەرزىگەيمىش ھەمدە قانى.
تەشەككۈرمىش روبىرت دانالىقىغا،
"كەرەملىك" ئىنگلىز پاشالىقىغا(!؟)

شۇ گەپلەردىن كېيىن خوشلاشتى مېھمان،

كۆزىدە بىر غۇرۇر ھېسسىي نامايان.
روبىرت قالدى يۇتۇپ سىگار ئىسنى.
ئۇزاتقاچ كەلگۈسىنىڭ"رەئىسى"نى.
چىقىپ ھاجى كۆرەڭلەپ چىنىباغدىن،
شەھەر ياقتا بۇرۇلماستىن، ياۋاغدىن-
تۆيۇقسىز ھارۋىكەشكە قىلدى پەرمان:
نە زەرباغ ئارىلاپ ھەيدەشنى چاپسان.

مانا چاڭ توزدۇرار قوش ئارغىماقلار،
جاراڭلار بويىندا زىل قوڭغۇراقلار.
پوۋۇسكا تەۋرىنەر بۆشۈك مىسالى،
شامالدا يەلپۈنەر بەگنىڭ ساقالى.
كىيىپ يۇڭ رەختتە كەمزۇل بىرلە پەلتە،
يۇتىدا پارقىرار سىرىق بەتىنكە.
ئەتەي تىك ئولتۇرار ئۇ ياش كىشىدەك،
قىرىلىق دەردىگە بەرداش كىشىدەك.
ئەگەر باقسا كىشى سىرىق يۈزىگە،
كۆزى چۈشكەي ئۈنىڭ كۆكۈش كۆزىگە.
بىشىدا بولمىسا قەشقەرچە دوپپا،
ئۇنى بىر ئەجنەبىي دەيسىز شۇ تاپتا.

مانا ئالما،ئانار، شاپتۇل تولا باغ،
ئۆرۈكلەر سارغىيىپ پىشاي دىگەن چاغ.
سوزۇپ بويىنىنى ھاجى باغقا دەرھال،
تىلىنى تامشىتىپ يۇتقان كەبى بال:
"بۇ باغنىڭ ئالمىسى گەرچە چۈچۈكتۇر،
چىشىمنى قامىتالماس ھەر نېچۈكتۇر.
بۇگۈنچە بولمىسا، ئەتە يا ئۆگۈن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

بولۇر ئەلۋەتتە چىشلەپ يەيدىغان كۈن"-
دېدى ئۆز كۆڭلىدە بىر ئىشنى چەنلەپ،
قاقاقلاپ كۈلدى ھەم مەغرۇر كۆرەڭلەپ.
پوۋۇسكا كەينىدىن يۈگۈرۈيتتى باللار،
بۇ مەھەللە ئۈستىدە قالدى توزانلار.
چىقىپ باغدىن شۇ چاغ مەخسۇم چولاقمۇ،
"ئىست بۇ بەگ ھاجىمنىڭ ھارۋىسىغۇ!
ئەگەر چىقسام بۇرۇنراق ئۇچرىشاتتىم-
ۋە بەلكى باغقىمۇ تەكلىپ قىلاتتىم.
ئۆزرۈمدىن ئۆتتى، كەتتى ئەمدى پۇرسەت،
بۇگۈن باسقانىكەن كۆڭلۈمنى غەپلەت"-
دېدى-دە، ھەسرەتنى قىلدى ئاغاز،
قاۋاپ ئىتلارمۇ قوشتى ئاچا ئاۋاز.

ئارادىن بىر كۈنى كەم ھەپتە ئۆتتى،
بەگ ھاجىمنىڭ سەپەر جابدۇقى پۈتتى،
مانا ئەتە راۋان بولماقچى يولغا،
چۈشۈپ سىجاڭ بىلەن ئايروپىلانغا.
ئىمىش بۇ "خەلق ۋەكىلى"، قولدا نامە،
قىلۇر ئىشنى لېكىن بەك خۇپپيانە.
سەپەردىن مەقستى ئاندىنمۇ مەخپىي،
ئۇنى ئېيتماس ئىدى ئەل-يۇرتقا قەتئىي.
دېمەكچى ھەممە ئىش ھەل بولدى مەخسۇس،
پەقەت بىر ئىشلا پۈتمەي قالدى "ئەپسۇس".
كى لەيلى ياتمىش ھازىرمۇ ھالسىز،
تېۋىپ-دوختۇرىمۇ قاپتۇ ئامالسىز.
دېمەك ھازىرچە بولماس توي خىيالى
ۋە ھەتتا بىر كېچە بولماس ۋىسالى.

شۇنى دەپ ھاجى يەيتتى ئۆز گۆشنى،
تىپىرلاپ گاھىدا بىلمەي ھۇشنى.
چاچار گاھى زەھەر كۆرگەن كىشىگە،
كۈلەتتى گاھىدا تەقدىر ئىشىگە.
ئاخىرى كەچ كىرىپ تاپقاندا پۇرسەت،
خاكوجاڭ بىرلە مەخپىي قىلدى سۆھبەت.
قۇرۇلدى ھىيلە ۋە نەيرەڭ تۇزاغى،
ئىلىنگەيمىش "رەقىب"نىڭ قول-ئاياغى.
كۈلۈشتى ئىككىسىلا تەڭ قاقاقلاپ،
تۆكۈلدى خالتىدىن تىللا جىرىڭلاپ...
*************
ئۇزاتتى ساقىي، ماڭا لىق تولدۇرۇپ جام،
تاپاي مەيدىن شۇ دەم كۆڭلۈمگە ئارام.
نېتەيكىم، غەم بىلەن غەمخانەدۇرمەن،
زامانە پەيلىدىن ھەيرانەدۇرمەن.

## سەككىزىنچى باپ

ئەجىلىڭنىڭ يېتىشى-قىلغان ئەيىبىڭدىن
ئەمەس، بەگ ئاكاڭنىڭ قانسىرىشىدىن...
-جۇلقۇنباي

1

ئەنە شۇنداق تاسادىپلار تۈپەيلى
تونۇلدى تېخمۇ ئەل-يۇرتقا لەيلى.
بۇرۇن ھۆسنى بىلەن يېگانە،
قوشۇلدى ئەمدى يۈز-يۈزلەپ پەسانە.
بىراۋلار نامىنى قوشتى قوشاققا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىراۋلار ناخشىنى يايدى راۋابتا.
بىراۋلار بىر كۆرۈشنى قىلسا ئارزۇ،
بىراۋلار سۆھبەتكە قىلدى ماۋزۇ.
خۇسۇسەن قىز-جۇۋانلار قۇرسا سۆھبەت،
بۆلەك گەپلەرگە تەگمەس ئىدى نۆۋەت.
بىرى قاغار ئىدى تەقدىر ئىشىنى،
بىرى ئەسلەر ئىدى ئۆز كەچمىشىنى.
بىرى ئېيتسا جۇدالىقتىن ھېكايەت،
بىرى باشلايتتى قىسمەتتىن شىكايەت.
بىرى ئېيتتى:"تېخى ئون تۆت يېشىمدا،
جۇۋاز چۆرگىلىدى بىر ئاخشام بېشىمدا.
يىلاندەك تولغىنىپ ھۇشۇمغا كەلسەم،
بوۋامدەك بىر قېرى ياتار قېشىمدا.
ئۇ بولدى بىر مۇشۇك، مەن خۇددى چاشقان،
ئۇنىڭغا تاماشا، ماڭا تار جاھان.
نەچەن قاچتىم پاناھ ئىستەپ دادامدىن،
دادام قورقۇپ لېكىن ئۆگەي ئانامدىن،
ئۆيىدىن قوغلىغاچ زارىمغا باقماي،
يەنە كىردىم شۇ گۆرگە تېخى ئۆلمەي.
شۇ ھالدا ئۆتتى، كەتتى غۇنچە چاغىم،
سولاشتى ياشلىقىم، سارغايدى باغىم.
ئەجەب ئاجىز ئىكەنمىز بىز خوتۇن خەق،
رەھىم قىلمايدىكەن بىزگە بۇ چەرخ."
بىرى ئېيتتى:"خوتۇن خەقنىڭ چىرايى
ئۆزىنىڭ دۈشمىنىكەن، ئەزبىرايى.
ئەگەرچە لەيلىگۈل بولغاندا بىر سەت،
ئۇنىڭغا بەلكى كەلمەس ئىدى بۇ دەرد."
بىرى دەيتتى:"نېمىكى بولسا بولسۇن،

كېتىپتۇ بۇ شەھەردىن ھاجى مەلئۇن.
يەنە بىر چۈشكۈچە پالتا يېنىشلاپ،
كۆتەك ئارام ئالار تەشۋىشنى تاشلاپ."
ئومۇمەن ھاجى كەتكەچ بۇ شەھەردىن،
خۇشال بولدى خالايىق بۇ خەۋەردىن...
بىراق، ھەرخىل ئىكەن ئادەم پەرزەنتى،
بۆگۈنمۇ، تا ئۇزاق ئۆتمۇش مۇقەددەم.
قاراپ باقساڭ ئۇنىڭمۇ پۇت-قولى بار،
ئېغىز، بۇرنى، قۇلاقى، ئوڭ-سولى بار.
ئۇ ھەم سۆزلەر ھەمىشە ئەلگە ئوخشاش،
سامان يېمەي، ئۇ ھەم يەر نان بىلەن ئاش
ۋە لېكىن ئىش-ئەمەل ھەم خۇي-پەيلى،
سامان يېگەن ئېشەكنىڭ خۇددى ئەينى.
نە ئىدراك، نە كۆڭۈل، نە تۇيغۇ، نە ئار،
نە ۋىجدان، ھىممىتى، نە مەستلىكى بار.
چولاق مەخسۇم شۇنىڭ دەل ئەينى بولدى،
ئۇنىڭچە ئىشنى بۇزغان لەيلى بولدى.
ئەگەر باشتا بۇ "تەرسا، كەم ئەقىل" قىز،
چولاقنىڭ گېپىگە كىرگەندە شەرتسىز،
شاھانە توي بىلەن تاپاتتى ئىززەت،
چولاق مەخسۇمۇ چەكمەس ئىدى ھەسرەت.
ئايانكىم، ھاجىغا تەلەي كېلىپ كاج،
ئوغۇل پەرزەنتىگە ئۇ كۆپ ئىدى مۇھتاج.
خالايىققا بۇ گەرچە سىر ئەمەستۇر،
چولاققا خۇددى شۇ ئىش بىر ھەۋەستۇر.
ئۇنىڭچە، توي بولۇپ كۈنلەردە بىر كۈن
تۇغۇلسا بىر ئوغۇل كۈندۈز ۋە يا تۈن.
ئۇ چاغدا ھاجىنىڭ ۋارىسى شەرئەن،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولاتتى شۇ ئوغۇل نەۋرە ئاساسەن.
ئۇ چاغدا قوش كېلەتتى بەختى بىشەك،
سوقۇپ بىر چالمىدا ئىككى پاختەك.
دېمەككى، ئىشنى بۇزدى "كەم ئەقىل"قىز،
سوزۇلدى توي ئىشى ئەمدى قەرەلسىز.
ئەگەر ھاجى سالامەت قايتسا خەيرات؛
قازارا بىر بالا يۈز بەرسە، ھەيھات،
پۈتۈن ئارزۇ-ئۈمىدى بولغۇسى يەل،
تېخى ئاندىن يامانراق كۆلگۈسى ئەل...
ئەنە شۇنداق خىيال ئەزگەچ چولاقنى،
قاقاتتى ھە دېسە ناسۋال قاپاقنى.

قارايتتى يەر تېگىدىن دومسىيىپ ئۇ،
بولاتتى كۆز ئوتى ئاندىن قاراڭغۇ.
ۋە لېكىن لەيلىگۈلگە تىك قارالماس،
گۈلايىمنىڭ قېشىدا ھەم تۇرالماس.
خىيانەت ھەر زامان چۈنكى خىيانەت،
بىگىز تەشمەي تاغارنى تۇرماس سالامەت.
ماقالمۇ بار تېخى مەنىسى ئايدىن:
"ئىشتانغا چىقارغان كۆكۈلگە تايىن."

2

قويۇپ مەخسۇم چولاقنى ئۆز بېشىغا،
كېلەيلى ئەمدى بىز لەيلى قېشىغا.
يوقالغاندا بەگ ھاجى بۇ شەھەردىن،
قۇتۇلغاچ ھېلىچە لەيلى خەتەردىن،
تىرىلدى قايتىدىن گويا ئۈمىدى،
ئۈمىد باغىدا ئىقبالى كۈلدى.

تاراندى، يۆتكىدى ھەم ئۇستىۋاشنى،
گۈلايىممۇ بولۇپ خۇش، تۆكتى ياشنى.
شۇ بولدى باشلىنىش، جانلاندى ھەرىكەت،
ساقايدى لەيلىگۈلمۇ ئەمدى ئەلۋەت.
ساقايدى، قالدى لېكىن بىر تېرەن ئىز،
بۇ ئىزكى، ئۆچمىگەي قەلبىدە ھەرگىز.
شۇ ئىز بەردى ساۋاق، قوشتى ئەقىل-ھوش،
ئاشۇردى ھەم غەزەپ-قەھرىنى قوش-قوش.
شۇ ئىز ئاچتى كۆزىنى، قىلدى روشەن،
تونۇتتى ھەم جاھاننى ئەمدى قىسمەن.
كى ھاجى ھەم چولاق، ھەم ساقچى چېرىك،
نېمىشقا ھەممىسى بۇ ئىشتا شېرىك.
نېمىشقا شۇنچە كۆپ زورلۇقتا يول بار،
نېمىشقا خەلق ئۈچۈن بۇ كەڭ جاھان تار؟
ئەجەبكىم، بولسا ھاجى شۇنچە ئۆكتەم،
تۆكۈپ قان، ئاشسا شۇنچە ھەددىدىن ھەم،
بۇنى تەرگىگۈچى ھاكىم تېپىلماس،
نە قانۇن، نە شەرىئەت كارى بولماس!
ئاشۇ ئەندىشە ھەم تەشۋىش بىلەن قىز
ھەمىشە سىقىلاتتى ئىختىيارسىز.
گۈلايىم دەر ئىدى: "كۆكلۈكنى بۇزما،
خۇدا ئاسان قىلار، ئۈمىدنى ئۈزمە.
ئەجەبمەس بېشىنى يېسە سەپەردە،
ئامان بولساق كۆرەرمىز بۇ شەھەردە.
يۈرە، باغقا چىقىپ، سەيلە قىلىپ كەل،
چىمەنزار ئارىلاپ كۆكلۈل ئېچىپ كەل.
ئەنە كەلدى نىسايىم بىرلە پاتەم،
كېزىڭلار باغ ئارا، ئويناپ بىرەردەم."

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرىسى

بۇ قىزلار ئىدى قوشنا ھەم قۇرداش،
بۇ يۇرتتا بىللە ئۆسكەن ھەمدە سىرداش.
بىلەتتى لەيلىگۈلنىڭ ھەممە دەردىن،
كېتىشمەيتتى ئىلاج باركىم بۇ يەردىن.

كېلىپ قىزلار لەيلىگۈلگە يېپىشتى،
"يۇرۇڭ" دەپ باغ تەرەپكە ئېپچىقىشتى.
قىزىپ كەتتى چىمەندە، باغدا سەيلى،
قوشۇلدى باغقا ھۆسن سەيلى تۆپەيلى.
ئۇنتۇدى ھەممىنى لەيلىمۇ بىر دەم،
خۇشۇسەن شوخ ئىدى ئويۇنچى پاتەم.
گاھى چاخچاق قىلىپ ئۇ كۈلدۈرەتتى،
گاھى قىيداش بىلەن نازكۆرستەتتى.
بۇگۈن ھەتتاكى كەم سۆز نىسايىم
قەدەمدە بىر كۈلۈپ، سۆزلەپ مۇلايىم،
ئېلىپ چىقتى دۇتارنى، باشلىدى ساز،
غەزەل ياڭراپ، قىلار ھەر ياندا پەرۋاز.
كېلىشتى قوشنا قىزلار بۇنى ئاڭلاپ،
قىزىتتى بەزمىنى داپمۇ داراڭلاپ.
ئۇسۇلغا چۈشتى پاتەم كېپىنەكتەك،
چىرايى ئېچىلىپ بىر گۈل-چېچەكتەك.
قوشۇلدى يەنە بىر قىز، بويى زىلۋا،
ئۈزەر بىر جۈپ بېلىق دەريادا گويا،
ئېگىلسە ئەۋرىشىم بەللەر خىرامان،
سۈزۈك كۆل يۈزىدە ئەكسى نامايان.
شۇ ھالدا پىرقىراپ، بىردىنلا پاتەم
قاراپ گۈللۈككە توختاپ قالدى بىر دەم.
ياتاتتى گۈل تۈۋىدە بىر قومۇش نەي،

قومۇش نەيكىم، كۆكۈلگە بەك تونۇش نەي.
ئېلىپ نەينى شۇئان لەيلىگە سۇندى،
ئۆزىمۇ ئولتۇرۇپ غەمخانە كۇلدى.
تاتاردى لەيلىنىڭ سولغۇن چىرايى،
تۇماندەك قالدى گويا كۆزنىڭ ئايى.
چۇشەنگەچ بىر قاراپ بۇ سىرنى شۇدەم،
ئېلىپ كۆكسىگە ياقتى نەينى مەھكەم.
ئۆتۈپ كەتكەن كەبى بىردەمدە كۆكلەم،
يەنە كىرپىكلىرىگە قوندى شەبنەم.
ئېغىر جىملىق بېسىپ باغنى، چىمەننى،
ئاجايىپ بىر سېزىم تىترەتتى تەننى.

3

قويۇپ قىزلارنى بىردەم ئۆز ئىشىغا،
يانايلى بىز كېرىملارنىڭ قېشىغا.
ئېتىپ رۇستەمگە ئوق نامەرد رويىنتەن
جېنىنى قەستلىگەندە ھىيلە بىلەن،
ئانا سۇمرۇغ قېنى رۇستەمنى قايتا-
ئېرىشتۈرگەن كەبى يېڭى ھاياتقا،
تۇمەن بويىلىرىنىڭ ئابىھاۋاسى،
سەھەردا سايرىغان قۇشلار ناۋاسى-
داۋا بەخش مۆجىزە بىر دورا ياڭلىغ
كېرىمگە تېز شىپا بولدى شۇ چاغلىغ
كى ئۆتمەستىن تېخى ئىككى-ئۈچ كۈن،
يەنە يەر دەسسىمەككە بولدى مۇمكىن.
دېمەك، ئىت تالىسا يىلپىزنى يۈز-يۈز،
جەسۇر يىلپىز ھامانە يەنە يىلپىز.
شۇڭا ھەر كۈن ماڭاتتى نوبېشىغا

www.uyghurkitap.com

(زامانە شاپۇرى ئوبۇل قېشىغا).
خۇداغا شۈكۈر دەپ زورەمخان ئاچام،
خۇشاللىق ياشلىرىدىن تولدۇرۇپ جام،
كېرىمگە بىر سېۋەت ئۆرۈك سۇناتتى،
ئۆزىمۇ نوبېشىغا تەڭ باراتتى.

شىپا بولغانمىكىن ئەلنىڭ دۇئاسى،
ئۈمىد قوشقانمىكىن دوستلار ۋاپاسى،
زامانە پەيلىگە نەپرەت-ئۆچىمۇ
ۋە ياكى ئىنتىقام ئالماق كۈچىمۇ.
ئوبۇل ھەم كۈنسايىن تاپاتتى قۇۋۋەت،
ۋە گەرچە ھېلىمۇ قىينار جاراھەت.
خۇسۇسەن داڭقى بار خوتەن تېۋىپى-
كېرىمگە ئاشنا پازىل ھەبىبى،
تىرىلگەندەك بەجايىكى ئىبىن سىنا
ھۈنەردە مۆجىزە كۆرسەتتى گويا.
يەنە مەرھۇم مۇئەللىم قويغان كۆچەتلەر:
غېنى، قاسىم، مۇھەممەد ھەم سەمەتلەر
يىراق كەتمەس ئىدى بۇ ئۆيدىن ئەسلا،
مىسالى شامىگە پەرۋانە شەيدا.

شۇ ھالدا ئۆتكىنىدە ھەپتە-ئون كۈن
ئوبۇل قوشتى پاراڭغا يېڭى مەزمۇن،
دېمەكچى:ھاجى كەتسە، كەلمىكى بار،
يەنە نەيرەڭ-تۇزاق ۋە ئىلمىكى بار.
بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت تۇتماق ئەۋزەل،
تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقماق ئەۋزەل.
كېلىپ قالغۇنچە ئۇ مەلئۇن سەپەردىن،

كېرىملار كەتمىكى لازىم شەھەردىن.
قوشۇلدى بۇ پىكىرگە ھەممىسى تەڭ،
كېرىملار ئېتىراز بىلدۈردى شەخسەن.
دېدىكىم: "ئەي قەدىردان جان كۆيەر دوست،
جاھاندا تەڭدىشى كەم غەمگۇزار دوست،
سىنى تاشلاپ نېچۈك مۇندىن كېتەرمەن،
سېنىڭسىز مەن نېمە جاھان كۆرەرمەن!"

لېكىن ھەممە يەنە تەكرار ۋە تەكرار
ئوبۇلنىڭ پىكرىنى قىلغاچقا ئىزھار،
ئاخىرى بولدى كەتمەكلىك قارارى،
يېقىندا ئەيلىگەي بۇ ئىشنى جارى.
بۇ گەپكە گەپ قوشۇپ پازىل ھەبىبى
دېدى: "بار ھەر كىشىنىڭ بىر نېسىۋى.
ئەگەر بۇ ئىشتا تاپساق توغرا تەدبىر،
بۇ دورەم كاجمۇ كەلمەس بەلكى تەقدىر."

بىراق، قانچە تېپىلسا چارە-تەدبىر،
ئىلاج قانچە ئەگەر كاج كەلسە تەقدىر.
پەلەك چەرخى ئەزەلدىن شۇنچە تەتۈر،
نېچۈك ئايلانسا گويا چېكى يوقتۇر.
مانا قىلدى يەنە نامەردلىكنى،
نە نامەردكى، تولا بىدادلىقنى.
كېرىم قايتار ئىكەن ئۆيگە زاۋالدا،
تەرەپ-تۆشتىن شەھەر قالدى قامالدا.
پۈتۈن يوللار ئېتىك، ۋەھىمە-تەشۋىش،
شەھەردە ھەربىي ھالەت باشلىغانمىش.
پالاقلاپ ساقچى، چېرىك ھەر قاياقتا،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئېلىندى يۈزلىگەن ئادەم قاماققا،
جۇدا بولدى بىراۋلار ئاتىسىدىن،
بىراۋلار يا ئىنى، يا ئاغىسىدىن.
بىراۋنىڭ سۆيگىنى ئىزسىز يوقالدى،
بىراۋ جان باغرىدىن ئايرىلدى، قالدى.
يىگىتنىڭ ئورنى بوش قالدى تۆشەكتە،
كېلىن يىغلار ئىدى يۇم-يۇم روجەكتە.
كېچىچە تىنمىدى ئۆي-ئۆيدە تىنتىش،
كىشى كۆرمەس مۇنىڭدەك ۋەھىمىلىك ئىش.
سوزۇلدى ۋەھىمە تا سۈبھى دەمگە،
ئاراملىق بولمىدى ھېچبىر ئادەمگە.
كېرىمنۇ شۇ كېچە يوقالدى ئىزسىز،
ئۇنىڭدىن ھېچ قەيەردە چىقمىدى ئىز.

4

شۇ دەھشەتتىن كېيىن زورەمخان ئاچام
بالام دەپ يىغلا-يىغلا ھەر سەھەر شام.
يىقىلدى بىر كۈنى ئۆرە تۇرالماي،
بۇ قايغۇ تاغىنى كۆپ كۆتۈرەلمەي.
ئۈزۈلمەي قوشنىلار كېسەلنى يوقلار،
بىرى ئەملەر، بىرى غەمخانە يىغلار.
گۈلايىمنۇ كېلىپ ھەر ئىككى-ئۈچ كۈن
قاراشتى ھەم تەسەللى بەردى مەھزۇن.
شۇ ھالدا بىر كۈنى يىغلاپ زورەمخان
كۆرەي دەپ لەيلىگۈلنى قىلدى ئارمان.
نەچچە كۈندىن چولاق مەخسۇم تۆپەيلى
كېلەلمەي، قىينىلىپ يۈرگەندە لەيلى،
گۈلايىم تاپتى بۇ ئىش چارىسىنى،

ئېلىپ كەلدى مانا دىل پارىسىنى.
كۆرۈپ بۇ ئاي جامال قىزنى زورەمخان،
قوشۇلغاندەك جېنىغا يەنە بىر جان،
كۆتۈردى بېشىنى، كۆزدە تولا ياش،
كېلىپ لەيلىمۇ دەرھال بولدى قولداش.
ئۆزى سۆزگە كىرىشمەك بولدى، ئەمما
پەقەت ئېيتالمىدى بىر سۆزمۇ ھەتتا.
ئاخىرى بىر كۈلۈمسۈش ئۆزۈكنى ئالدى،
ئېلىپ قىزنىڭ قولىغا سالدى.
قۇچاقلاپ تارتتى ھەم قىزنى ئۆزىگە،
چېچىنى نەچچە رەت سۈرتتى كۆزىگە.
يۈزى تاڭدەك يورۇپ جانلاندى روشەن،
نىگاھى خوشلىشار ھەممە بىلەن تەڭ.
مىنۇت ئۆتمەي كۆزىنى يۇمدى ئاستا،
پېتىپ كەتتى قۇياشمۇ دەل شۇ ۋاقىتتا.
ئۇيۇقتا قالدى داغ، خۇددى قان داغى،
ۋاقىتسىز ئۆچتى بۇ ئۆيىنىڭ چىراغى.
ئىشىك يىغلار، تۈڭلۈك يىغلار، تام يىغلار،
قولۇم-قوشنا، جامائەت تامام يىغلار.
تامام يىغلار، ئېغىر ھەسرەتتە يىغلار
ئىشتىسە ھەر كىشى، ئەلۋەتتە يىغلار.

*****

ئۇزات ساقىي، پىيالە، تولدۇرۇپ مەي،
شۇنىڭ نەشئى بىلەن يېشىمنى سۈرتەي.
داۋام قىلسۇن يەنە مۈڭلۈق ھېكايەم،
يىقىلماستا مېنىڭمۇ چىراغىپايەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى تارىيسى

## توقۇزنىچى باپ

جاھاندىن كېتەر چاغدا نوشىرۋان،
بۇ سۆزلەرنى ھورمۇزغا قىلدى بايان:
دەرەخ بولسا شاھ، خەلق يىلتىز ئىرۇر،
بىل ئوغلۇم، يىلتىز بىلەن دەرەخ ئۈلگىيۇر.
ئەل كۆڭلىنى ئاغرىتما، بەرمە زەرەر،
قۇرار يىلتىزىڭ، رەنجىسە ئەل ئەگەر.
-سەئدى("بوستان")

1

مېنى تەنقىدلىشەر بەلكى كىتابخان،
نېمانچە مۇڭغا تولغان دەپ بۇ داستان.
ئوقۇپ قالسا يەنە كەلگۈسى ئەۋلاد،
بولۇر بەلكى تاۋى خىرە، كۆڭلى ناشاد.
بىراق قايغۇ ۋە مۇڭ مەيلىم ئەمەستۇر،
ھەمىشە مۇڭلىنىش پەيلىم ئەمەستۇر.
مېنىڭ مەيلىمچە بولسا، كۈندە كۈلسەك،
قارا تۇپراققىمۇ كۈلۈپ كۆمۈلسەك،
چېلىپ داپ، يار سەنەم ئېيتساق ھەمىشە
كى جەمشت بەزمىنى قۇرساق ھەمىشە.
نە چارە مېنى دەۋران سالسا مۇڭغا،
تۈغۈلغان گۈل دىيارىم تولسا مۇڭغا.
نە چارە كۆرگىنىم مۇڭ، سەزگىنىم مۇڭ،
بېشىمدىن ھەم تولا ئۆتكۈزگىنىم مۇڭ.
شۇڭا داستان ئارا مۇڭ نە ئەجىبتۇر،
قەلەمگە مۇڭلىنىشمۇ بىر نەسىپتۇر.

ۋە لېكىن پايدىسىز بولماس بۇ ھەرگىز،
تۆشۈك مۇنچاقمۇ قالماس يەردە يېپسىز.
كىشكىم ئۇنتۇماس ئۆتمۈش ئەلەمنى،
قويار كەلگۈسگە توغرا قەدەمنى.

مانا سىزگە يەنە مۇڭلۇق ھېكايەت،
زامانە زورلۇقىدىن بىر شىكايەت:
شەھەردە شۇ كېچە بولغاندا تۇتقۇن،
خاكوجاڭ ھەددىدىن ئاشتى ۋەھشىي مەلئۇن.
گومىنداڭ چېرىكىگە باشلىدى يول،
پۈتۈن جەھلى بىلەن ماسلاشتى ئوڭ-سول.
گاھى ئات چاپتۇرۇپ، گاھى پىيادە،
كۆرەڭلەپ كەتتى ئۇ ھەددىدىن زىيادە.
كېرىمنى تۇتقىنىچە شۇ قاتاردا،
قاماقتا يوللىدى ھەم ئەل ياتاردا.
قاماش ئاددىي ئەمەس ئىدى بۇ نۆۋەت،
تەقەززا ئىدى كۆپ چۇڭكى ھۆكۈمەت.
ئۇرۇمچىدىن بولغان بىتىم شۇكۈھى-
تۆپىلىدىن خەلقنىڭ ئۆستى روھى.
كۆتەتتى ئەل بىتىمدىن ياخشى ئەخبار،
گومىنداڭ قىلماس ئىردى بۇنى ئاشكار.
ئۇرۇندى كۈننى توسماقتا ئېتەككە،
شەپەرەڭدىن قېچىپ تاڭدىن كاتەككە.
ۋە لېكىن خەلق چېۋەر بولغاچ ھامانە،
بىتىم مەزمۇنىدىن تاپتى نىشانە.
مىغىلداپ يۈرسىمۇ ئۇزۇن قۇلاقلار
يەنە ھەر كۈنلۈكى تارقاپ ۋاراقلار،
گومىنداڭلار بېشىغا سالدى دەھشەت،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

گويا قولدىن كېتەرمىش ھاكىمىيەت.
يىراقتا بولسىمۇ غۇلجا دېگەن شەر،
جەنۇبتا ئەڭ خەتەر يەرمىش بۇ قەشقەر.
بۇ يەردە كۆپ ئىمىش بىتىم تەرەپدار
ۋە بەلكى يوشۇرۇن باشلىقلىرى بار.
شۇڭا باشلاپ بۇ ھەربىي ھالىتىنى،
چىڭىتماق بولدى تاجۇ دۆلىتىنى.
دېمەككى، بۇ بىتىمدىن شۇنچە قورقتى،
گوياكى قىرغۇچى ياۋغا يولۇقتى.
دېمەك، ھىكمەت سۆزى بىكار ئەمەسكەن.
جىمى زالىم بولۇر قورقاق دېگەن راسكەن!
قولىدا ساقچىسى، ئەسكىرى شۇنچە،
يەنە ياموٌل، سولاقلار قانچە-قانچە.
يېتىشمەس ئۇ تېخى، قىلماس قانائەت،
ئىمىش چۈنكى خەلق دەھشەت ناھايەت.
ئۆزى ئەلگە قىلىپ كۆپ جەبىر بۇنياد،
دېگۈزگەي ئەلنى ئاخىر جەبىردىن داد،
يەنە ئەلگە گۇناھ-ئىللەتنى قويماق،
قاماپ-قىيناپ، ئاخىرى يەنە قىرماق-
شۇدۇر بارلىق زۇلۇم ئەھلى مىجەزى،
خۇدايا بول ئۆزۈڭ، بۇ ئىشتا قازى!

مانا ھەربىي شتابنىڭ تۈرمىسىدە،
يېتىشمەي قالدى كامىر تۈن نىسپىدە.
قوشۇلدى ئۆستەلەپ ئۆي-ئۆيگە ئادەم،
نەپەس ئالماقمۇ مۇشكۈل بولدى شۇ دەم.
كىرىدىمۇ شۇ قاتارى بولدى مەھبۇس،
سىلىندى بىر كىشەن ھەم قايتا مەخسۇس.

ئۇرۇپ كىرگۈزدى گۆردەك بىر ماكانغا،
ئېغىز-بۇرنى بويالغاندى قانغا.
بىراق سىرتتا تۆمۈر دەرۋازا قاناتى
غىچىرلاشتىن ھامانە توختىمايتتى.
ئەجەب ئوخشار ئىدى ئۇ مۇشۇ تاپتا
يوغان بىر ئەجدىھا ئاغزىغا ھەتتا.
نامايان ئىدى كۆپ پەيلىدە قەستى،
يەنە كىمگە يېتەركىن شۇ شىكەستى؟
نېمىكىن مەقسىتى، زۇلمەتتە بۇ تۈن،
يۇتۇپ كەتمەكمىكىن قەشقەرنى پۈتۈن.
ئايانكىم، ئەلگە دوختۇردا ئورۇن يوق،
كۇلۇپلاردا كىشىگە كۆپ سورۇن يوق.
لېكىن تۈرمە دېسە، بۇ يۇرتتا كۈرمىڭ،
سىغار مىڭلاپ كىشى ۋە بەلكى ئون مىڭ.
يېتەر بۇ سۆزنى قىلماق مۇندىن ئارتۇق،
بىلۈرلەر چۈنكى خەلقىم مەندىن ئارتۇق.
ئۇنىڭدىن ياخشىسى چەكمەي مالامەت،
بايان ئەيلەي ھېكايەمنى سالامەت.

كېرىم بىلمەس ئىدى نەدۇر گۇناھى،
كېچىچە ئويلىدى ھەم كۈلدى گاھى.
يا قاتىل ۋە ئوغرى، يا قاراقچى،
يا كاززاپ، مۇشتۇمزور يول توراقچى،
يا تاۋكا ئۈستىدە لۆكچەك قىمارۋاز
ۋە ياكى ھاجىدەك ۋەھشىي خوتۇنباز-
ئەمەستۇر ھېچبىرى، قولغا ئېلىندى،
پۈتىغا يەنە چوڭ كىشەن سېلىندى.
بىراق، ئۆتكەچ ئارادىن ھەپتە-ئون كۈن،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېڭى ئادرېسى

چۈشەندى ھەممە گەپنى ئاستىن-ئۈستۈن.
ئەسلىي تۈرمە دېگەندە ياتسا ئوغرى،
مانا ئەمدى ياتاركەن بولسا توغرى.
مانا كامېردىكى ئون نەچچە ئادەم،
بىرىدىن-بىرى پاك، مەسۇم ئىكەن ھەم:
بىرى روزى مۇئەللىمدەك مۇئەللىم،
بېرەركەن ئوتتۇرا مەكتەپتە تەلىم؛
بىرى شائىر-خەلقنىڭ مۇڭچىسىكەن،
ئازادلىق ھەم ئادالەت كۈيچىسىكەن؛
بىرى مۇخبىر ئىكەن، كەسپىي قەلەمكەش،
قىلۇر ئەل دەردىگە دەردىنى تەڭكەش؛
بىرى ھېيتگاھتىكى كىتاپپۇرۇشكەن،
ئۇنىڭ كەسپى كىتاب ساتماق، ئوقۇشكەن؛
بىرى ئۆزبېك يىگىت، كىنو مېخانىك،
ئانا جەمەتىدىن ئۇشبۇ شەھەرلىك؛
بىرى قىرغىز، شىيەن يامۇل ئات باقارى،
گۇمانلىق دەپ تۇتۇلغان ئەل قاتارى؛
بىرى ئۆسمۈر تېخى ئون يەتتە ياشتا،
گوياكى قىزغا ئوخشار بىر قاراشتا.

ئۇدۇل كامېردا ئىش ئاندىن بۆلەكچە،
كېرىم ئالدى ساۋاق مىڭ-مىڭ ئېتەكچە.
ياتار ئۇ كامېردا يالغۇز بىرلا ئادەم،
يوچۇقتىن كۆرۈنەر چىققاندا ھەر دەم.
پۇتىدا چوپ كىشەن، قوللاردا كويزە،
يەنە ساقچى ئاڭا تەڭلەيدۇ نەيزە.
چىچى بەلدە، چىرايى زەپىرانىدەك،
غورۇرى بار لېكىن بىر ئارسلانىدەك.

نېمە گەپ بۇ، نېمە ئادەم بۇ مەھبۇس،
قىياپەت بەشىرىدە ھەم غەيرىي بىر تۇس.
بىلىندى ئاخىرىدا ھەممىگە ئىش،
ئېتى لاۋجاڭ، ئۆزى بىر كوممۇنىستمىش.
ئۇنى: سەن كوممۇنىست، يەنئەن تەرەپدار،
يەنە سەن ئىلىلىقتا ھەم مەدەتكار-
دېگەن گەپلەر بىلەن كۆپ قىينا-قىينا،
تېنىنى قىپتۇ ئاخىر قىيما-قىيما.

ئايان بولدى پەلەك كۆپ چۆرگىلىپتۇ،
گۇناھ قانۇنىمۇ كۆپ ئۆزگىرىپتۇ.
كىتاب-ژۇرنال ئوقۇشمۇ بىر گۇناھكەن،
قوشاق-ناخشا توقۇشمۇ بىر گۇناھكەن.
ۋە ھەتتا بەزمە-مەشرەپمۇ گۇناھكەن،
گۇناھكەن ھەممىسى، بەكمۇ گۇناھكەن.
كىمىكى داد دېسە، قەددى بولۇر دال،
كۆتۈرسە باشنى كىم، بەختى پايىمال.
دېمەككى، بۆرى قان ئىچسە سوراق يوق،
بىراق، قويدا"مە"دېمەككە ھوقۇق يوق،
قاراپ قويساڭ، كۆزۈڭنى ئويغۇدەكمىش،
ئېغىز ئاچساڭ، تىلىڭنى يۇلغۇدەكمىش.
دېمەككى، ھەق گېپىنى قىلسا ھەركەس،
ياتار جايى بولۇركەن تۈرمە، گەپ بەس!

لېكىن تۈرمە مىسالى بىر ئوچاقكەن،
تۆمۈرنى گاڭ قىلىشقا خويمۇ چاغكەن.
كېرىممۇ، شۇ ئوچاقتا پىشتى ئايلاپ،
پىشىلدۇردى جاپالار ئۇنى تاۋلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقان ئادرېسى

ئېچىلدى كۆز ئوڭى، قەلبى ئۆرۈپ جۇش،
قوشۇلدى نەپرىتىگە قەھرى قوش-قوش.
چۈشەندىكىم، ئامان بولماس بۇ باشى
خەلققە كۆلمىگۈنچە ئەرك قۇياشى.
مىسالى سارغىيار شاختا يوپۇرماق،
دەرەخنىڭ يىلتىزى گەر بولمىسا ساق.
چۈشەندى "يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس،
چېڭى چىققان بىلەنمۇ دېڭى چىقماس."
ئۆزەر كەمپىرمۇ يىپىنى بولسا بىر تال،
قوشۇلغاندا ئۆزۈلمەس رۇستەم بىلەن زال.
جۇدالىق داغلىرى، ھىجران-پىراقلار،
يەنە قان چاچرىغان قىيناق-سوراقلار،
كۈنىدە مىڭ قېتىم ئۆلتۈرسە گەرچە،
تۇتاتتى ئۆزىنى مەردانىلارچە.
ئېشىپ ھەتتا ئىلمىگە زەۋقى-يادى،
تولۇقلاندى يەنە ھەم خەت ساۋادى.
دېمەك، تۈرمە دېگەن گەرچە قاراڭغۇ،
يېتىلدى باشقىچە ئادەم بولۇپ ئۇ.

2

كېتىپ ئۈچ ئاي دېگەندە كەلدى ھاجى،
بولالماي يەنە ئىككى بەختى-تاجى.
بىتىم ئىمزالىنىپ، بولغاچقا ئاشكار،
روبېرت شېرنىڭ پىلانى بولدى تارمار.
"ئازاد قىلماق سىياسىي مەھبۇسنى دەرھال"-
ئىدى ئۇن بىر بىتىمنىڭ بىرى ياققال.
ئاڭا باقماي گومىنداڭ زىتلىشاتتى،
ۋە بەلكى تۈرمىلەرنى توشقۇزاتتى.

ئاخىرى پارتلىدى شەھەردە بىر ئىش-
خالايىق قوزغىلىپ قىلدى نامايىش.
تەلەپ شۇكى:"بىتىم ئاشسۇن ئەمەلگە،
بېرىلسۇن ھەق-ھوقۇقلار مەزلۇم ئەلگە!
بوشات بارچە سىياسىي مەھبۇسنى شەرتسىز،
بۇنىڭسىز توختىماس ئەل ئەمدى ھەرگىز!"

ئادەم سىغماس ئىدى كوچا-بازارغا،
شەھەر ئەتراپمۇ كىردى قاتارغا.
ئوبۇلمۇ بار ئىدى سەپنىڭ بېشىدا،
غېنى، قاسىم، مۇھەممەدمۇ قېشىدا.
قوشۇلدى سەپكە ھەتتا ئاقساقاللار،
تېخى بوي تارتمىغان ياش-ئۆسمە باللار.
قوشۇلدى قىز-جۇۋانمۇ سەپكە يۈز-يۈز،
بىرى چۈمبەل بىلەن، بىرى ئوچۇق يۈز.
شۇ كۈن ئاڭلاپ خەۋەرنى لەيلىمۇ تەڭ،
پىسەنت قىلماي چولاقلا سىلكىتىپ يەڭ،
نىسايىم ھەمدە پاتەم بىرلە يەكدىل،
ئورۇن ئالدى قاتار سەپ ئىچرە ئەپچىل.
گۈلايىممۇ ئۆيىدىن چىقتى يۈگرەپ،
قىزىدىن ئەنسىرەپ، يۈز-كۆزى تەرلەپ.
چىقار سەپ كوچا-كويلاردىن قاتارلاپ،
ئەزىم دەريا كەبى بارغانچە چوڭلاپ.
شەھەرنى قاپلىدى شوئار ساداسى،
سېپىلنى تىترىتەر ئەلنىڭ نىداسى.
شىتابقا ئاقتى سەپ گويا قىيانداك،
چېرىكلەر قاچتى يول-يولدىن چايانداك.
شتاب دەرۋازىسى مەھكەم ئېتىلدى،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

چېرىكلەرمۇ سىپىلگە چىڭ بېكىندى.

سېپىلنىڭ ئىچىدە جۇنجاڭ، سىجاڭلار،
يەنە ۋالىي بىلەن ئامبال، جۇيجاڭلار.
پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ھەريان تىپىرلار،
بەگ ھاجى ھەممىدىن سەرسان تىپىرلار.
نېمە قىلماق كېرەك بۇ پەيتتە ئەمدى،
خەلقنىڭ غەزىپى شۇ ھالغا يەتتى.
بىتىمنى تەرك ئېتىپ، قويماي دېسە يول،
ھۆكۈمەت ئەلچىسى قويغان ئىدى قول.
كۆرۈپ ئەھۋالنى جۇنجاڭ چەكتى ۋايىم،
دېدى:"ھازىر بۇ ئىشقا يوق ئىلاجىم.
دېمەككى ۋەزىيەت قىلغاچ تەقەززا،
ھېلىچە دەخلىسىزدۇر ئۇشبۇ ئىمزا.
بۇنى بۇزماق بۇگۈن جايىز ئەمەستۇر،
كېيىنچە، دەپنە قىلماق نېمە تەستۇر.
ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداق بىر خەۋەر بار،
خەۋەرنىڭ مەزمۇنىدا بىر خەتەر بار:
بىتىم ئىجراسىنى قىلماقتا تەپتىش.
ئۇرۇمچى شەھرىدىن ئۆمەك كېلەرمىش.
ئۆمەكتە ئىلىلىقلار كۆپ بولارمىش،
تەشەببۇسكارىمۇ بەلكى شۇلارمىش.
ئەگەرچە بولمىساق بۇ ئىشتا ھوشيار،
قىلۇر بىزنى سىياسەت ئۇزرە تارمار."
شۇنى ئېيتقاچ يۈزىگە چىقتى كۈلكە،
دېمەك بۆرە شۇ تاپتا بولدى تۈلكە.
شۇ بولدى بىر قارار، يۆتكەلدى پەدە،
ئورۇنداشقا تەلەپنى بەردى ۋەدە.

بۇ ۋەدە بولغۇسى ھازىرلا ئىجرا،
خەلقمۇ قىلمىغايمىش ئەمدى ماجرا.

چىقىپ ھاجى سىپىلگە شۇنى ئېلان-
قىلىش بىرلە ئۆزىمۇ بولدى ھەيران.
نېمە بۇ، چۆل بېسىپ كەلگەن قىيانمۇ؟
ۋە ياكى تەۋرىگەن دېڭىز-ئوكيانمۇ؟
شەھەردە نە قاتارلىق كۆپ ئادەم بار،
خىيال قىلماپتىكەن ئۇ بۇنى زىنھار.
خەلقتە مۇنچە كۈچ، مۇنچە جاسارەت،
تەسەۋۋۇر قىلمىغان مۇنچە شجائەت.
"ئەجەبمۇ ھەددىدىن ئاشتى قەشقەرىيلەر،
بۇزۇلدى، يول ئاداشتى قەشقەرىيلەر..."

مانا شۇ قەشقەرىيلەر يەڭدى ئاخىر،
ئېچىلدى قارا دەرۋازا بىتەخىر.
بوشاندى نەچچە ئون مەھبۇس راۋانە،
كېرىمدىن يوق ئىدى لېكىن نىشانە.
ئوبۇل باشلىق يەنە يۈزلەپ تەلەپكار
شۇ ئانلا باشلىدى بۇ جەڭنى تەكرار.
بىراق، بارغانچە خەلق ئازلاپ كېتىشتى،
تولاراق ئۆيىگە تارقاپ كېتىشتى.
كى ھەر كىم ئۆزىگە قىلدى قانائەت،
يوقالغان كىشىسى چىققان سالامەت.
دېمەك، ھەركىم ئۆزىنىڭ غېمىنى يەر،
ئېرىشكەچ ئىستىگىگە ئەمدى بەس دەر.
بۇنى كۆرگەن گومىنداڭ بولدى خۇش ھال،
ئىدى بۇ كۈتمىگەن بىر غەيرىي ئەھۋال.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۇلارچە بۇ جاسارەت، بۇ نامايىش
ئىدى تاشتەك ئۇيۇل بىر مۇنتەزىم ئىش.
ئايان بولدى ئۇ چاغلىق ئىش ئەمەسكەن،
بۇنىڭ تەدبىرىمۇ ھېچ تەس ئەمەسكەن.
شۇڭا يىرتىپ شتاب ساختا نىقابنى،
ئۇيالماي قىلدى ئېلان بۇ خىتابنى:
ئېغىرمىش چىقمىغانلارنىڭ گۇناھى،
بولالماس ھېچنېمەرسە باشپاناھى.
ئۇلارنىڭ ئىشنى مەركەز بىلەرمىش،
كېچىكمەستىن شتاب دېيەنباۋ بېرەرمىش.

بۇنى ئاڭلاپ خالايىق سالدى چۇقان،
نە چۇقان، پارتلىدى گوياكى ۋولقان.
بىراق، يۆتكەپ گومىنداڭ پەدىسىنى
(يىراق تاشلاپ يېپىنغان قوي تېرىسىنى)،
خەلققە قىلدى زورلۇق، ئىشلىتىپ دوق،
ئېتىلدى بەشئاتاردىن قانچىلاپ ئوق.
ئىلاج قانچە، قۇرۇق قول نېمە قىلسۇن،
رەقىبىنىڭ شۇملۇقىنى نېمە بىلسۇن.
ئاخىر تارقاپ خەلق، بوش قالدى مەيدان،
ناماز خۇپتەنگىمۇ ئېيتىلدى ئەرزان.

3

تېپىپ ئەمدى بەگ ھاجى تويغا پۇرسەت،
ئەۋەتتىن قىزغا ئەلچى سوڭغى نۆۋەت.
بولۇپ ئەلچى چولاقتىن خاتىرى جەم،
گۈلايىمغا يېپىشتى ئەمدى مەھكەم.
گاھى يۇمشاق، گاھى قاتتىق كالام-سۆز،

ئاخىر تەھدىت بىلەن بولدى تامام سۆز.
گۈلايىم تېڭىرقاپ قالدى، نە چارە؟
يۈرەكى بولدى گويا پارە-پارە.
نېمە قىلسۇن، كىمگە ئەيلىسۇن دات،
جىمى كۈتكەن ئۈمىدى بولدى بەربات.
شۇڭا، ئاخىر تۆكۈپ قانلىق يېشىنى.
"بۇ تەقدىر"ئالدىدا ئەگدى بېشىنى.

كىرىشتى ئەتە باشلاپ توي ئىشىغا،
يىقىلدى قارا تاغ لەيلى بېشىغا.
نېمە قىلماق كېرەك ئەمدى بۇ سائەت،
تامام بىتتى كۆڭۈلدە ئەمدى تاقەت.
كۆرۈندى گۈل شەپەقلەر ئىچرە زۆھرا،
كۆرۈندى رابىئە، شىرىن ۋە ئۈزرا.
دېمەكچى كەل بىرى، سەن ھەم يېنىپ كەل،
ۋاپاسى يوق جاھاندىن سەن بېزىپ كەل!
جاھان-سۆيگۈ، مۇھەببەت قەبرىسىدۇر،
پەلەك-ئىشق ئەھلىنىڭ گۆركارچىسىدۇر.
ئۇنىڭ رەپتارىدۇر ھەر دەم يامانلىق،
كىشى كۆرمەس ئىكەن ئۇندىن ئامانلىق.
تۆرەلمەكلىك كىشىنىڭ ئۆز ئىشىمۇ،
تۇغۇلماقلىق ئۇنىڭ ئۆز خاھىشىمۇ؟
تۇغۇلماق بىرلە بولسا دەردكە دۇچار،
جاپايۇ جەبرىسى ئاندىن ئەلەمكار.
نېمە لازىم جاھان ئەمدى بۇ جانغا،
يېتىشسە كاشكى جان خىلۋەت جاھانغا.
ئامانەت ئىدى گويا تەندە جانى،
بېشىغا كەلدى تەقدىر ئىمتىھانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكتى ئادرېسى

ئەنە شۇنداق ئىدى قىزنىڭ خىيالى،
كۆزىدە ياشلىرى يامغۇر مىسالى.
ئىراق، ئۆتكەندە يەلپۈپ تاڭ نەسىمى،
كۆرۈندى كۆزىگە مەھبۇس كېرىمى.
ئۇنى تاشلاپ شۇ ھالدا ئۆزى تەنھا
نېچۈك خىلۋەتتە تاپقاي بىر ئارامگاھ،
ئۇنىڭسىز نە كېرەك بولسا جاھانى،
نە ھاجەت ئەمدى ئۇ خىلۋەت ماكانى!
دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە:"ماڭا ئاسان،
پەقەت بىر دەمدە ئارام تاپقۇسى جان.
لېكىن، دۈشمەن ئۆچىنى ئۇندىن ئالسا،
خۇسۇمەت خەنجىرىنى ئاڭا سالسا،
ئۇ چاغدا نېم بولار زۇلمەتتە ھالى،
بولۇر كىمگە بۇ قىسمەتنىڭ ئۇۋالى؟
چېكەي مەن مەيلى بىردەم داغى پەرياد،
نە ئارمان تۇرمىدىن ئۇ بولسا ئازاد!"
شۇنى كۆزلەپ ئاخىر قىز يازدى بىر خەت،
خېتىدە ھاجىغا قويدى ئېنىق شەرت.
تەلەپ شۇكى كېرىمنى تېز بوشاتقاي،
بۇ توي-بىر توي بولالماس ئۇ بوشانماي.
قوبۇل بولمايدىكەن بۇ شەرت مۇبادا،
"مېنى تاپسۇن كىشى بىر قەبرىگاھدا!"

****************

قىل ئەي ساقىي، قەدەھلە مېنى ئاگاھ،
جۇنۇن دەشتىدە بولدۇم تەلۋە-گۇمراھ.
يېتىپ كەلمەكتىكەن بىر شەپە تاڭدىن،

قۇتۇلسام نە ئەجىب زۇلمەت جاھاندىن.

## ئونىنچى باپ

بەختلىك بول! ئەگەر بىز ئەبەدىي
ئايرىلىدىغان بولساق، ئەبەدىي ئەلۋىدا!
-بايرون

1

شۇنىڭدىن ئىككى كۈن ئۆتتى دېگەندە،
كېرىم چىقتى قاماقتىن كۈتمىگەندە.
كىرىشتە بىتۈيۈقلۇق بولسا قانداق،
چىقىشتا ھەم تاسادىپ بولدى شۇنداق.
ئاياغى چىقمىغان قىيناق-سوراقلار،
قىيىن-قىستاقتا كۆپ يېگەن تاياقلار،
گاھى قامچا، گاھى گاڭزا، گاھى ياغ،
بەدەندە قالدۇرۇپ ھەر كۆنلۈكى داغ،
ئۆتتۈپ تۇرغانىدى ئايلار قاتارى،
ئېشىپ چەكتىن پەلەكنىڭ كىردىكارى...
بۈگۈن نېم بولدىكىن، بەكمۇ ئاجايىپ،
قۇتۇلدى ھەممىدىن مۇنچە تاسادىپ.
يەنە قانداق ئويۇن باشلايدىكىن چەرخ،
جاپا دەرياسىدا قىلماق ئۈچۈن غەرق.
كېرىم شۇنداق خىيالدا بىخۇدانە،
تۆمۈر دەرۋازىدىن چىققان ھامانە.
كۈتتۈپ ئالدى ئۇنى ئاغا-ئىنىلەر:
ئوبۇل، قاسىم، مۇھەممەد ھەم غېنىلەر.
ئىسايىمدىن يېتىلگەچ چۈنكى ئەخبار،

www.uyghurkitap.com

ئۇلار بولغانىدى گەپتىن خەۋەردار.
لېكىن بىلمەس ئىدى ئىشنىڭ تېگىنى،
خۇسۇسەن لەيلىنىڭ چىن ئىستىكىنى.
كېرىمنى قۇتقۇزۇش-بۇغۇ ئېنىق گەپ،
نىكاھقا رازىلىق زادى نېچۈك گەپ؟
شۇڭا ھەممە بۇ ئىشقا بولدى ھەيران،
كېرىم قانداق، ئوبۇل شۇنداق پەرىشان.
ئۇنىڭ ئۈستىگە قانداق تاقىتى بار،
كېرىم بولسا مۇسىبەتتىن خەۋەردار؟
شۇ ھالدا مۇڭدىشىپ ئۆتكەندە بىر چاغ،
كېرىم سورىدى:"ئانامنىڭ ھالى قانداغ؟"
"ئاناڭ ياخشى" دېدى، ھەممە تۇرۇشتى،
"يۈرى" دەپ ھەممىسى تەڭ يولغا چۈشتى.
ئۆيىگە بارغۇچە يول-يولدا ئادەم،
يۈزىدە بىر تەبەسسۇم، كۆزلىرى نەم.
گاھى ئېيتار مۇبارەك، گاھى غەمكىن،
تەسەللى لەۋزىدىن بېرەتتى تەسكىن.
يۈرەك تىترەر ئىدى ئەمدى بۆلەكچە،
بوراندا تىترىگەندەك لالە غۇنچە.

مانا ئۆي، بىر زامان كېرىم تۇغۇلغان،
تۇغۇلغانۇ ئۆسۈپ شۇنچە يېتىلگەن.
ئىشىكتە بىر قۇلۇپ، سەينا ئادەمسىز،
ئۇچۇپ كەتكەن كەبى قۇشلارمۇ يەمسىز.
ئوبۇل ئاچتى قۇلۇپنى، ھەممە سۈكۈتتا،
كېرىممۇ سەزدى ھالنى شۇ مىنۇتتا.
"ئانامەي"دېدى سەلدەك ئاقتى ياشى،
ئوبۇلنىڭ ئاغۇشىغا چۈشتى باشى.

شۇ چاغدا باشلىدى كىمدۇر قىرائەت،
ئېغىر بىر مۇڭ چاچار ئۆيدە تىلاۋەت.

"ئادەم ھۆل نەرسە" دەپ ئۆتمۈشتە دانا،
ئەجەب بەرگەنىكەن ئىنسانغا مەنا.
ئەگەر پىل بولسىمۇ جىسمى بولۇر خاك،
پەلەك قىلسا ئۇنى گەر مۇنچە غەمناك.
بۇيۇك تاغمۇ بولۇر ئەلۋەتتە بەربات،
بېشىغا كەلسە شۇنچە جەبىر-بىدات.
لېكىن سەۋر-تەھەممۇل، غايىۋى ئاڭ-
بولۇركەن ئادىمگە كۈچ ۋە دەرمان.
مانا دوستلار يەنە ئىشقا كىرىشتى،
نېمە قىلماق كېرەك دەپ كۆپ تىرىشتى.
تىرىشتى لەيلىنىڭ ھالىن بىلىشكە،
مۇناسىپ چارە-تەدبىر ئىزدىنىشكە.

2

نىسايىم كەلدى شۇ چاغ(بىزگە مەلۇم،
لېۋىدە يەنە شۇ غەمكىن تەبەسسۇم).
ئۇزاتقاچ نەي بىلەن بىر خەتنى تەمكىن،
بىرەر دەم توختىمايلا كەتتى غەمكىن.
ئىدى بۇ دىلرەبا ئاشۇ تونۇش نەي،
قەدىناس ھەمراھى كونا قومۇش نەي.
بۇ نەي كەلدى، دېمەك سىگنالى كەلدى،
تەۋەررۇكنامىسى-ئىقبالى كەلدى.
كېرىم خەتنى ئوقۇركەن قەلبى ئويناق،
قولى تىترەر ئىدى مىسلى يوپۇرماق.
سالامدىن سوڭ، خەتتە مەقسەت-ئىرادە،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇنۇ سۆرەت بىلەن بولغان ئىپادە.

"پەرىشاندۇر بۈگۈن، ھالىم پەرىشان،
خىيىمدە كۆپ بولۇر ھەم ئەيىبۇ نۇقسان،
قولۇم تىترەپ، قەلەم ماشماس راۋانە،
گويا جىسمىم ئىرادەمگە بىگانە.
نېچۈك مۇمكىن قەلەمدە زاھىر ئەتمەك
يۈرەك مۇڭلىرىنى ئېيتىپ تۈگەتمەك؟
پېشانەم بولمىسىدى مۇنچە شورلۇق،
جېنىمغا يەتمەس ئىردى شۇنچە خورلۇق.
ساڭا يەتكەن ئەلەمنى ئويلىسام مەن،
مېنى ئەيلەر بۇ ھەسرەت تىغى يەكسان.
قىشىمدا ئولتۇرۇپ كاشكى بىرەر دەم،
سېنىڭ يالغۇزلۇقۇڭغا بولسام ھەمدەم.
ئاياغىڭغا قويۇپ كاشكى بېشىمنى،
يولۇڭغا سۇ قىلىپ سەپسەم يېشىمنى.
قىلىپ يىغنە يەنە كىرپىك دېگەننى،
چىقارسام پۇتلىرىڭدىن شۇم تىكەننى.
چېچىمنى كۆرپە قىلسام ھەر سەھەر-شام،
بېرەردەم ئولتۇرۇپ سەن ئالساڭ ئارام.
لىۋىم بولسا ساڭا ياقۇت پىيالە،
ئىچۈرسەم شەربىتىمنى پارە-پارە.
نېتەيكىم، كاج پەلەك قىلدى زەبۇن ھال،
ئېلىپتەك قامىتىمنى قىلدى بىر دال.
ساڭا سالسا زامان تۆمۈر كىشەنلەر،
مېنى بىر يىپ بىلەن باغلاپ كىشەنلەر.
سېنى تۈرمە ئىچىدە قىلسا مەھبۇس،
مېنى تۆت تام بىلەن ساقلايدۇ مەخسۇس.

كۆزۈمگە سانجىلىپ ھەر كۈنلۈكى مىخ،
چولاق مەخسۇم جېنىمغا بولدى بىر زىخ.
ئۆنى ئاز دەپ، ئىشىك ئالدىدا ھۇشيار
نېچۈكتۇر ئادىمىلەر مېنى پايلار.
ئانام بىچارىنىڭ ھالىن سورىساڭ،
كۆزى ياشلىق، ئۆزى غەم ئىچرە سەرسان.
نېمىكى بولسا سەن ئەركىن نەپەس سەن،
مېنىڭدەك ناتىۋان مەزلۇم ئەمەس سەن،
ۋە ھەتتا ئەرلىكىڭ ھەم قولدا ئەركىڭ،
مېنىڭدىن ئۆزگىنى تاپماقتا ئەركىن.
مېنىڭچۇ؟ قىز تۇغۇلغان شۇ گۇناھىم،
نە ئەركىم، نە كۈچۈم باردۇر، خۇدايىم!
كېيىكمۇ ياخشىراق مەن بىنەۋادىن،
قېچىشقا ئەركى بار چۆلدە بالادىن.
مانا يىرتقۇچ ماڭا سالماقتا چاڭگال،
نېتەيكىم، يوق ماڭا مۆكمەككە جاڭگال.
دېمەك، بوران سوقۇپ گۈل-غۇنچىمىزنى،
ئۆمۈرلۈك ئايرىغان ئوخشايدۇ بىزنى.
لېكىن سەنسىز ماڭا جاھان كېرەكمەس،
جاھانىم نېمە ئۇ، بۇ جان كېرەكمەس.
نېچۈك دۇنياغا پاك كەلسەم، كېتەي پاك.
تېنىم تاكى لەھەتتە بولغۇچە خاك.
ئەجەبلەنمە ئەگەر بىر تۈن ئاخشام
تۇيۇقسىز ئۆچسە بۇ ئالدىمدىكى شام.
بۇ شام ئۆچسە يەنە بىر شام تاپارسەن،
قاناتىڭنى ئاشۇ شامغا ياقارسەن.
ئۈمىد شۇكى، بېغىڭدا كۈلسە غۇنچە،
مېنى ھەم ئەسكە ئېپ قوي ئانچە-مۇنچە..."

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكتى ئادرېسى

ئوقۇپ خەتنى كېرىم نەچچە ۋە نەچچە،
چىرايى تاتىرىپ كەتتى بۆلەكچە.
كۆزى تورلاشتى ۋە كەتتى مادارى،
ئۈزۈلدى قەلبىنىڭ گوياكى تارى.
بېرىپ خەتنى ئوبۇلغا، كۆزنى يۇمدى،
خىيال دەرياسىغا شۇڭغۇدى، چۆمدى.
ئوبۇل جىم، ئۆيمۇ جىم، چوڭقۇر سۈكۈنات،
كۆڭۈلنى ئەزگۈدەك بىر غەيرىي ھالەت.
لېكىن دەرھال يىغىپ ھۇشنى يەكدىل،
كېرىممۇ يازدى بىر خەتنى ئەپچىل.
ئوبۇل شۇئان تېپىپ كەلدى سەمەتنى،
نىسايىمغا بېرىپ كەل دېدى خەتنى.
نەزەرباغقا يۈگۈردى بالا ئويناق،
قولىدا چىلك تۇتۇپ خەتنى،يالاڭياق.
بۇ خەت ئادىي ئىدى، ھەتتا چۈۋالچاق،
بىراق قەيسەر ئۈمىدنىڭ نۇرى پارلاق:

"سالام دىلبەر، ساڭا مەن بىنەۋادىن،
قاراڭغۇ كېچىدەك بەختى قارادىن.
باھار يامغۇرىغا چۆل قانچە تەشنا،
ئىدىم لەۋزىڭگە مەنمۇ شۇنچە تەشنا.
ئۈمىدىم تەلمۈرەر ھەر تاڭدا قانچە،
ۋىسال دەرياسىدىن گەر ئىچسە تامچە.
قاچانكىم، بىر مۇبارەك نامە كەلدى،
دېمەي بىر نامەكىم، دۇردانە كەلدى.
بېشىم كۆككە ئۇلاشتى خۇشلۇقىمدىن،
بوشاتتى پۇت-قولۇم بىھۇشلۇقۇمدىن.
بىراق خەتنى ئوقۇپ دىل پارە بولدى،

جاۋابىغا تىلىم بىچارە بولدى.
قەلەم تۇتماققىمۇ يەتمەي ماجالىم،
گويا بەزگەككە ئوخشاپ قالدى ھالىم.
سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنىڭ ھەممىسى راس،
مېنىڭ دەردىم ساڭا ياماق بولالماس.
بالا تاغى يىقىلسا بىر بېشىڭغا،
جاھان غەرق بولغۇدەك تۇرسا يېشىڭغا،
نە بولسا مەندە كۈچ، ئىمكان، نە ياردەم،
ئۆلۈم مىڭ ياخشىراقتۇر ماڭا بۇ دەم.
ئۇيالدىم، تەرلىدىم، چوغدەك قىزاردىم،
نادامەتتىن، نومۇستىن كۆپ بوزاردىم.
بوزاردىم ئەر تۇرۇپ ئاجىزلىقىمدىن،
بۇ تەقدىر ئالدىدا كۈچسىزلىكىمدىن.
مېنىڭ ئېرەنلىكىمگە مىڭچە لەنەت،
ئوقۇي رەھمەت ساڭا ئەلۋەتتە-ئەلۋەت.
ئوقۇي رەھمەت سېنىڭ بەرداشلىقىڭغا،
ماڭا تا بىر ئۆمۈر يولداشلىقىڭغا.
ۋاپا لەۋزىدە سەن ئىدىڭ مۇئەللىم،
ماڭا بەردىڭ يەنە بىر كەررە تەلىم.
ئىشەن دىلبەر، ئىشەن مەن بىنەۋاغا،
يىگىتلىك قەسىمىم كەتمەس ھاۋاغا.
قەسەم بىللا، تېنىمدە بولسا بۇ جان،
ساڭا چاڭگال سالالماس ۋەھشىي ھايۋان.
قەسەم بىللا سۆزۈمنىڭ يوقى خىلاپى،
قىساس خەنجىرىنىڭ بولماس غىلاپى.
مېنى پەرۋانىگە ئوخشاتما دىلدار،
كى شام ئۆچسە، چىراغنى قىلسا ئۇ يار.
نېچۈك ئاسماندا ئاي بىردۇر، قۇياش بىر،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

تېنىمدە بولسا جان، جانان قاياش بىر.
سېنىڭسىز ماڭا ھەم بۇ جان كېرەكمەس،
سېنىڭدىن ئۆزگە ھېچ جانان كېرەكمەس.
ئۈمىد شۇكى، ئۈمىدنى ئۈزمە ئەي يار،
بۇ قەشقەر كېچىسىنىڭ ھەم كۈندۈزى بار!"

******

ئىلاھا، ماڭا ھەم ئۈمىدنى يار قىل،
يورۇت كۆڭلۈمنى دائىم ئۈمىدۋار قىل.
ئەگەرچە بىر قۇرۇق شاخ مەن، سەمەرسىز،
بولاي ئەل چاكىرى، قويما نەزەرسىز.

## ئون بىرىنچى باپ

دۈشمەننى بۇ دەھر زەبەردەس قىلۇر،
نەخۋەت مەيدىن بىر نەچچە كۈن مەست قىلۇر.
غەم يېمەكى، يەتكۈزسە باشنى كۆككە،
ئاخىر يەنە يەر كەبى ئۇنى پەست قىلۇر.
-بابۇر
مەن ئادەم ئەمەس، پىچاق مەن!
-ۋوينىچ("كوكۇيۇن")

1

ئوقۇپ لەيلى بۇ خەتنى چەكتى پەرياد،
دىلى ئەندىشىدىن كۆپ بولدى ناشاد.
"ئىستىكى، نېمىدەپ يازغاندىمەن خەت،
خېتىم بوپتۇ يەنە دەردىگە بىر دەرد.

سىرىم ئېيتىپ، ئۇنى قىلدىم بىئارام،
نېچۇكمۇ تىنچار ئەمدى ئۇ دىلارام؟
چېكىپ مەندىن تولا غەم-غۇسسە، تەشۋىش،
ئۆزىگە تاپمىغايدى يەنە بىر ئىش.
قىساس خەنجىرى گەرچە قولدا تەييار،
ۋە لېكىن ھاجى يىرتقۇچ بەكمۇ ھەييار.
قەدەمدە كەم ئەمەس ئۇنىڭ يۆلىكى،
زامانە شۇنىڭكى، ئامەت شۇنىڭكى.
خاتا قىلغانىكەنمەن ئەۋەتىپ خەت،
نە پايدا ئەمدى مىڭ چەكسەم نادامەت..."
شۇنى ئويلاپ، تۆكۈپ ياش مەيۈسانە،
يەنە يازدى كېرىمگە باشقا نامە.

مانا خەتنى ئېلىپ ماڭدى نىسايىم،
يەنە شۇ چېھرىسى غەمكىن مۇلايىم.
جۇغى گەرچە ئۇنىڭ بىر ئازكىچىكرەك،
لېكىن ئۇچقۇر ئىدى ئۇ خۇددى يەلدەك.
ئۇنى قوشنا موماي باققان بالام دەپ،
ئۇ ھەم ئۆستى مومايىنى ئۆز ئانام دەپ.
ئەمەلدە بىر يېتىم قىزدۇر نىسايىم،
خەۋەردار ئىدى بۇ ئىشتىن گۈلايىم.
شۇڭا دائىم بولۇپ بۇ قىزغا دىلكەش،
سىلايتتى باش-كۆزىنى ئەتىگەن-كەچ.
ئۇنىڭ ئۈستىگە لەيلى بەكمۇ ئامراق،
ئۇ قىز ھەم لەيلىگۈلگە ئىدى مۇشتاق.
بىرى ئاچا، بىرى گويا سىڭىلدۇر،
بىرى بۇلبۇل، بىرى گوياكى گۈلدۇر.
ئەگەر لەيلى دېسە ئۇ جان پىدادۇر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ دەردى بىلەن ئۇ ھەم ئادادۇر.

بىرىپ كەلگەندە قىز كىرىم قىشىغا،
ئاقار پىشانىسىدىن تەر قىشىغا.
ئېلىپ كەپتۇ كىرىمدىن يەنە بىر خەت،
ئاڭا لەيلى ھىسابسىز ئېيتتى رەھمەت.
ئوقۇپ چىققاچ بۇ خەتنى لەيلى بىر-بىر،
چىرايى نەچچە-نەچچە بولدى تەغىير.
گاھى كۆزدە ئۈمىدتىن بىر نىشانە،
گاھى تەشۋىش بىلەن تۈتتى پىشانە.
گاھى شادلىق تاپار يۈزدە ئىپادە،
گاھى غەم-قايغۇسى ئاشار زىيادە.
دېمەك، بۇ خەت ئىچىدە غەيرىي سىر بار،
بولۇر باب ئاخىرىدا بىزگە ئاشكار...
كۆچەيلى ھازىرەنلىك باشقا گەپكە،
نەزەرباغدىن ئۈدۈل ياۋاغ تەرەپكە.

2

مانا كەڭرى، كۆتەمە، باغلىق ھويلا،
شەھەردە كۆپ زاماندىن داڭلىق ھويلا.
قاتار ئۆيلەر بىلەن ئايۋان، پىشايۋان،
ئىشىك، تۈۋرۈكلىرىدە نەقش نامايان.
يېرىم تۈن بىرلە ھويلا تىلغا كىردى،
ئادەملەر ھەر قايان سەرسان يۈگۈردى.
ئېسىلدى نەچچە-نەچچە يەرگە قازانلار،
يېقىلدى ھەم توقاچ، شىرمانى نانلار.
پالان بايۇ-پوكۇن بەگلەر، ئىمام لار،
يەنە بايۋەچچىلەر، موللا-ئىشانلار،

يەنە كىملەر ۋە كىملەر دىل كۈشادە-
كېلىشتى گاھى ئاتلىق، گاھى پىيادە.
تولۇپ كەتتى ئادەمگە ھەممە خانە،
يېيىلدى داستىخانلار ھەم شاھانە.
شۇ خىلدا باشلىنىپ كەتتى بۇ مەرىكە،
بەگ ھاجى ھەم "يىگىت"، ھەم بولدى سەركە.
پېشايۋاندا تۇرۇپ، سلاپ ساقالىن،
ئىلىك ئالغاندا ھەر مېھمان سالامىن،
ئېگەر سەل-پەل بېشىنى گاھى-گاھى،
كۆلەر ھەم گاھىدا مەغرۇر سىپايى.
دېمەككى، چۆرگىلەپ بۇ چەرخى گەردۇن،
بەگ ھاجىنى بۈگۈن كۆپ قىلدى مەمنۇن.
دېمەككى، دېگىننى قىلدى ھاجى،
نېمە قىلسا ئۇنىڭ بارمىش ئىلاجى.
شۇڭا، ئاشتى غورۇرى يەنە قات-قات،
ئەمەسمىش ھەر نېچۈك ھەرىكەت ئاڭا يات.
ئاقارغاندا ساقال، ئەلدىن ئۇيالماي،
ئۇيالماقلىق نېمە، ھېچ كۆزگە ئىلماي،
قىلۇر توي ياش يىگىتلەردەك كارامەت،
بۇ گەرچە بولسىمۇ بىر غەيرىي ئادەت.

بۇ ھويلا ئارقىسى بىر خاس ھەرەمدۇر،
ئۇنىڭدا ئىككى خانىم نامەھرەمدۇر.
ئۇلار كۆندەش بولۇپ، دائىم يۇتۇپ قان،
ئۆتەتتى ئوت بىلەن سۇدەك قېرىشمان.
بۈگۈن ھەر ئىككى خانىنىڭ كەيپى بەك ساز،
بىرىدىن بىرى كۆپرەك ئىدى تەنناز.
يالاشتى تۇمشۇقنى خاتىرى جەم،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ياراشقاندەك مۇشۇك-ئىت خۇددى شۇ دەم.
لېكىن باشقا ئىدى ھەر كىمدە ئىستەك،
كى "جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا" دېگەندەك.
چوڭ دەيتتى ئۆزىچە: "ئاھ خۇدايىم،
يېتىپتۇ ساڭا ئاخىر دەردۇ ھالىم.
يېقىپ ھەر كۈنلۈكى باغرىمغا ئاتەش،
جېنىمغا زىخ ئىدى بۇ ئۆيدە كۈندەش.
بۇ كۈندەشكە بۇگۈن كۈندەش تېپىلدى،
ئۇنىڭمۇ باغرىغا ئاتەش يېقىلدى.
ئىدىم مەنمۇ سېنىڭدەك بىر قىزىلگۈل،
بولۇرسەن سەنمۇ مەندەك ئەمدى خەس-كۈل!"
كىچىك خان باشقىچە ئويلار بۇ ئىشنى،
تىلەيتتى خۇددى شۇنداق ئىش بولۇشنى.
ئەگەر ھاجى كۆڭۈل بەرسە بۆلەككە،
ئۇ خانىمۇ يېتەر پات-پات تىلەككە.
بۇ ئۆيى شۇنداق ھەمىشە خالىسا خالىي،
بولاتتى ھەر كىچە يارنىڭ ۋىسالى.
ئۇنىڭ بەختىگە قىز قويغانىدى شەرت:
بۇ ھويلا ئىچرە تۇرماق ئاڭا بىر دەرد.
نېمىكى بولسا باشقا ئۆيى تۇتۇلسۇن،
بۇ كۈندەشلەر دوقىدىن ئۇ قۇتۇلسۇن.
شۇڭا، سەمەندىكى گۈلباغنى تاللاپ،
ئۆزىگە ھۇجرا قىلدى ھاجى خالاپ.
بۇنىڭدىن ھەر ئىككى خانىمۇ رازى،
ساقالنى سىلاپ ھاجىمۇ رازى.
بۇ ئىشنىڭ قىزىقى شۇكى خۇشۇسەن،
كىرىمۇ بۇ خەۋەردىن بولدى خۇرسەن.
دېمەك، ئىشنىڭ تېگىدە بىر پىلان بار،

پىلاندا كۆزلىگەن مەخپىي نىشان بار.
دېمەك، لەيلى بىكار قويماپتىكەن شەرت،
بۇ شەرتتىن چىققۇسى بىر سىررى ھىكمەت...

مانا سەمەن ئارا يىگانە بىر باغ،
ئۆزۈكنىڭ كۆزىدەك دۇردانە بىر باغ.
كىشى قىلسا ئۇنى بىردەم تاماشا،
بولۇر بىر تەسرات كۆڭلىدە ئىنشا،
كى ئىنسان ئەمگىكى بىر مۆجىزىكەن،
جاھاننىڭ زىنىنتى ئەمگەك ئىزىكەن.
مانا ئالما، ئانار، شاپتۇل، جىنەستە،
ئۆرۈك، ئەنجۈر، گىلاس، ئامۇت ۋە پىستە.
دېمەك، باغ مېۋىسى ئېيتقاندىن ئارتۇق،
ئۆزۈمزار سايىۋەن بوستاندىن ئارتۇق.
چىمەن گۈلشەنلىرى خويمۇ مۇئەتتەر،
مۇئەتتەر گۈللىرى گوياكى ئەختەر.
خۇسۇسەن كۆل بويىدا گۈلى نەركەس،
بولۇر شەيدا گۈزەل ھۆسنىگە ھەركەس.
يەنە رەئنا بىلەن مودەن ۋە جۇخار،
بىرىدىن بىرىنىڭ ھۆسنى فۇسۇنكار.
ئەنە شۇ باغ ئىچىدە بىر ئىمارەت،
ئىشىك، تورۇس، تېمى نەقىشتىن ئىبارەت.
ئىمارەت ئۈچ تەرەپتىن باغقا يانداش،
پەلەمپەيلىك پېشايۋان ئۇللىرى تاش.
تالاي باغۋەن، تالاي نەققاش، خەرەتلەر،
تالاي ئۇستا ۋە نىمكار ئەزىمەتلەر،
كۆمۈلگەندۇ قارا يەرگە قاتارى،
بۇ باغقا تەر تۆكۈپ كەتكەچ مادارى.

ئىمارەت ھۆسنىنىڭ ھەربىر جىلاسى
قىلۇر بىر كۈن مۇقەررەر خۇن دەۋاسى.

شۇ باغمۇ تاڭ بىلەن تەڭ تىلغا كىردى،
ئادەملەر ھەر قايان سەرسان يۈگۈردى.
جامائەت ئۈزىغاچ پېشىن بىلەن تەڭ،
بەگ ھاجىمۇ كېلىپ بۇ باغقا شەخسەن،
سوراشتۇردى نېچۈك دەپ مۇندا ئىشلار،
يەنە بەردى تېگىشلىك پەرمايىشلار.
سوپۇلدى قانچىلاپ ئۆردەك، توخۇلار،
يەنە بىر قانچە پاقلان ۋە قويلار.
ئۈياقتا راسلىنار سەيلەر قاتارى،
بۇ ياقتا زىخ كاۋاپ، پەرمۇدە بارى.
يەنە ئاش-مانتىغا قازان ئېسىقلىق،
ساماۋارلارغا ھەم ئوتلار يېقىقلىق،
ئۈزۈمزار سايىۋەن ئاندىن بۆلەكچە،
قاتار ئۈستەل، ئورۇندۇق نەچچە-نەچچە.
سىغىشماس مېۋىلەر ئۈستەلگە گويا،
يەنە شىشە-قەدەھلەرمۇ مۇھەييا.
ئۈزۈن ئۆتمەي كېلىشتى مېھمان جانابلار،
يېغىپ كەتتى پۈۋسكا ھەم پىكاپلار.
كېلىشتى بەزىلەر ئاتلىق-سۇۋارى،
جىرىڭلار ئۆتۈكىدە تۈچ شىنۇرى.
دېمەككى، ئەھلى مەنسەپ بەرى كەلدى.
روبىرت شېر ھەم شۇنىڭ قاتارى كەلدى.
چىقىپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا ھەر زۇم،
كۈتەر مېھمانىنى ھاجى خۇش تەبەسسۇم.
شۇ خىلدا باشلىنىپ بۇ توي-زىياپەت،

www.uyghurkitap.com

داۋامى بولدى نەچچە-نەچچە سائەت.
گاھى" گاۋشلك ۋە گاۋشلك" باغنى قاپلار،
گاھى سازەندىلەر ئەلنەغمە باشلار.
بولۇپ خۇشۋاغ، كۆلەتتى ھەم ئەرباب،
خۇسۇسەن ھاجى كۆپ كۆلەر قاقاقلاپ.

شۇ ۋەھشىي كۆلكىنىڭ قۇربانى بۇ دەم
گۈلايىملار ئۆيىدە ھازا-ماتەم.
بۇنىڭ تەسۋىرىگە كۈچ-قۇۋۋىتىم يوق،
نە قۇۋۋەتكى، كۆڭۈلدە تاقىتىم يوق.
تېنىم تىترەر سىمابتەك لەرزە-لەرزە،
ئىرادەم ھەم ئېرىپ كەتتى بۇ لەھزە.
قەلەمنى سۈركىسەم قەغەزگە بۇ دەم،
سىياھ ئورنىغا تامدى ئابى دىدەم.
مانا مومدەك ئېرىپ ياتقان گۈلايىم،
ئەنە باغرى كاۋاپ يىغلار ئىسايىم.
ئەنە ياتەم چېغىدا كىرپىكى نەم،
سەھەر گۈل بەرگلىرىدە خۇددى شەبنەم.
قېنىكىن ئاڭا خاس بىر كۆڭلى توقلۇق،
بوۋاقتەك ھەر قاچان ئويناقى، شوخلۇق!
نېمە بۇ تويمۇ ياكى ھازا-ماتەم،
ئەقلىدىن ئازغۇدەك بوپ قالدى ياتەم.
مانا لەيلى گوياكى كۆز خازانى،
قاياقتا ئېپكېتەر قىسمەت بورانى؟
ئاران ئون يەتتىگە يەتكەندە ياشى،
نېمە كۈنلەرنى كۆرمەي قالدى باشى.
نېمىكىن بۇ كېچە تەقدىر قازاسى،
ئۆلۈممۇ ياكى بىر ئىقبال رىزاسى؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۈمىد-تەشۋىش ئىچىدە قىينىلار جان،
يەنە كۆز ئالدىدا دەھشەت نامايان.
قۇچاقلار، يىغلا-يىغلا ھەممىنى قىز،
قىمىرلار لەۋلىرى تىترەڭگۈ ئۈنسىز.
بۇ بەلكى بولغۇسى ئاخىرقى دىدار،
كۆرەلمەس بىر-بىرىنى ئەمدى زىنھار.
شۇ چاغ ئاستا چىقىرىپ قوللىرىدىن
جىمى تويلۇق ئۈزۈكنى بىرمۇبىردىن.
سالار پاتەم، ئىسايىملار قولىغا،
ئۈزىدە بىر ئۈزۈكلار قالدى تەنھا.
ئىدى ئۇ زورەمخاننىڭ يادىكارى،
دېمەيكىم يادىكار، پاك قەلب تۇمارى.
ئىدى ئۇ "ئىچۈك پاك كەلسەم، كېتەي پاك،
تېنىم ياكى لەھەتتە بولغۇچە خاك"-
دېگەن بىر چىن ساداقەتتىن نىشانە،
مۇھەببەت ئەھلىدىن پارلاق نەمۇنە.

گۈلايىم ھوشىدىن كەتتى شۇ دەمدە،
نە تۇيغۇ، نە سېزىم قالدى بەدەندە.
خېنىملار ئالدىرار سەمەن تەرەپكە،
قۇياشمۇ پاتتى ئاستا، چۈشتى پەسكە.
كۆچۈردى شۇ يوسۇن تويىنى تاراقلاپ،
پوۋۇسكا، مەپىلەر يولدا جالاقلاپ.
ئۇ كەتتى، قالدى مۇندا داغى پەرياد،
پەقەت بىرلا چولاق مەخسۇم ئىدى شاد.

3

مانا سەمەندىكى يەنە ئاشۇ باغ،

چىقىپ ئەۋجىگە بەزمە قىزىغان چاغ.
ئۆچار پەرۋانىلەر گازۋاي چىراغقا،
يېتەر كۈلكە ناۋاسى يىراق-يىراققا.
بىراۋلار مارىشار ئەنجان تېمىدىن،
بىراۋلار"تۈف" دېدى دەرد-ئەلەمدىن.
بىراۋلار ئېيتتى:"ئەگەرچە بولسا توقلۇق،
بۇ توقلۇقتىن چىقاركەن ھەممە شوخلۇق."
بىراۋ ئېيتتى:"ئەمەل-مەنسەپ، پۇلى كۆپ،
پۇلى كۆپنىڭ نېمە قىلسا يولى كۆپ."
بىراۋ ئېيتتى:"يېشى ئاتمىشتىن ئاشتى،
بىلەلمەي خۇدنى ھەددىدىن ئاشتى.
ئۆيىدە خانلىرى بىر-بىرىدىن ئارتۇق،
يەنە قىز ئاپتىمىش بۇ قېرى تاتۇق.
بۈگۈن بولسا ئۇنىڭ بەختۇ كامالى،
بولۇر ئەتە ئۇنىڭمۇ بىر زاۋالى."
ناماز خۇپتەن ئوقۇپ قايتقان جامائەت
ئۆتەركەن باغ يېنىدىن ئۇشبۇ سائەت.
بىرى سۆھبەتدىشىغا ئېيتتى قەلبەن
"سۇباتىلئاجىزىن" دىن بۇنى نەقلەن:
"ئەگەر نەپسىڭ سېنىڭ يەتمىش يېشىڭدىن،
نە بولغاي پايدىسى يەتمىش يېشىڭدىن.
ئەگەر نەپسىڭ مۇرادىن ئىزدىسەڭ سەن،
ئەگەر سەكسەنگە ئۆمرۈڭ يەتسە سەكسەن."

شۇ ھالدا ئەل يېتىپ بولغاندا بىر چاغ،
كېتىشتى ھەممە مېھمان كەيپلىرى چاغ.
روبىرت شېر ھەم ئىشىك ئالدىدا توختاپ،
قۇلاققا نېمىدۇر ئېيتقاچ پىچىرلاپ،

قاقاقلاپ كۈلدى ھاجى مەستۇ مەغرۇر،
قۇچاقلاپ ئالدى ھەتتا "دوست"نى مەسرۇر.

مانا گۈلدەك بېزەكلىك خالىي ھۇجرا،
بۇ ھۇجرا ئىچرە قىزغا يەككە ھەمراھ.
يوغان ئۈستەلدە خىل-خىل نازۇنېمەت،
قىلار يەككە نېچۈكتۇر ۋەز-نەسىھەت.
يېنىچە ئولتۇرۇپ قىز كۆزنى ئۈزمەس-
دېرىزە ئۈزرە باغدىن بىردەم ۋە بىر پەس.
گويا تىلسىز ئىدى قىز ھەمدە ساگرۇ،
كۆزىگە ھۇجرىمۇ گۆردەك قاراڭغۇ.
قاچانكى توختىغاچ باغدا تاماشا،
دېدى لەيلى: " ئىسسىپ كەتتى خاناچا!"
بۇنى ئاڭلاپ سۆيۈندى، كۈلدى يەككە،
دېمەككى، گاچا قىزمۇ كىردى تىلگە.
شۇڭا دەرھال ئېچىلدى چوڭ دېرىزە،
شامالدا يەلپۈنەر ھال شايى پەردە.

ئۆچۈپ گازۋاي چىراغ، قونغاندا زۇلمەت،
قانات يايغاندا باغدا بىر سۈكۈنات.
چىقىپ گۈللۈك ئىچىدىن ئىككى ئادەم،
دېرىزە تۈۋىگە جىم چۆكتى شۇ دەم.
بىرى بەستىلىك، بىرى ئۇندىن قاۋۇلراق،
قولىدا خەنجىرى، كۆكنەكلىرى ئاق.

بەگ ھاجىمۇ خۇشال، مەغرۇر خىرامان-
قەدەم قويغاندى دەھلىزگە شۇئان.
كۈتۈپ ئالدى ئۇنى دەھلىزگە يەككە،

شاراقلاپ ئالقىنىدا نەچچە تەڭگە.
يىپىلغاچ ھۆجرىنىڭ باغداد ئىشكى،
دۈپۈلدەپ كەتتى ھەم قىزنىڭ يۈرىكى.
قىيا باقتى ئىشككە كۆز ئۆچىدا،
پىچاق تۇتقان قولى رومال ئىچىدە.
پىلىلداپ نۇر چاچار ئۈستەلدە لامپا،
بەگ ھاجى سايىسمۇ چۈشتى تامغا.

كۈلۈپ ھاجى يېقىن كەلگەندە ھامانە،
ئېتىلدى ئىككى شىر غەزەپكارانە.
كېرىم گالدىن سىقىپ، يەرگە يىقىتتى،
غېنى ئاغزىغا دەرھال پاختا تىقتى.
قولىنى باغلىدى بەلباغ بىلەن چىڭ،
دىرىلدەر ھاجى ئىتتەك يەردە مىڭ-مىڭ.
پىچاقلار يالتىراپ كەتكەندە شۇ ئان،
ئېسىلدى قىز كېرىمگە ھەم پەرىشان.
دېدى: "ئاللا ئۆزى تارتسۇن جازاغا،
ئانام بىچارىنى قويماڭ بالاغا!"
كېرىم"خەپ" دەپ ساقالدىن تۇتقىنىچە،
كېسىۋالدى ساقالنى ئېڭەككىچە.
ئۇنى نەپرەت بىلەن ئىرغىتتى يەرگە،
ئۆزىمۇ چۆمدى دەھشەت قارا تەرگە.
تامام ھۇشسىز ياتار ھاجى تىنىقسىز،
چىراغمۇ ئۆچتى، قالدى ئۆي يورۇقسىز.
ئۇچەيلەن چىقتى باغقا، باغ قاراڭغۇ،
نە باغكى، ھەممە ياق شۇنداق قاراڭغۇ،
ئوبۇل تەييار ئىدى ئۆتەر يولىدا،
تۇرۇلگەن يەڭلىرى خەنجەر قولىدا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

شۇ ھالدا كېلىشىپ سۆڭگۈچ قېشىغا،
چىقار چاغدا شۇ يەردىن باغ تېشىغا،
ئۇبۇل سەكرەپ لاپاسقا چىقتى چاققان،
لاۋۇلداپ ئوت-خەشەكمۇ ياندى شۇئان.

چىقىپ كەتتى ئۇلار باغدىن سالامەت،
ۋە لېكىن ھەممە ياق بىر ۋەھشىي زۇلمەت.
ئاشۇ زۇلمەت ئىچىدە خۇددى غايىب-
بولۇشقاندەك يوقالدى بەك تاسادىپ.
يوقالدى، ھېچ كۆرۈنمەس قارىسى ھەم،
بۇنىڭدەك كېچىلەر كەمدىن بولۇر كەم.
جاھان جىمجىت، گويا تىلسىز تەبىئەت،
ۋە بەلكى چۈش كۆرەر ئۇخلاپ شۇ سائەت.
پەقەت پەستە تۈمەن دەرياسى ئويغاق،
ئاقار ئۇ شارقىراپ تاشقىن ۋە قايناق.
ئاقار ئۇ تولغىنىپ، كۆپۈكلىنىپ تېز،
نېمە ئىستەيدىكىن مۇنچە سەۋرسىز.
نېمىكىن ئىستىكى، مەقسەت-مۇرادى،
قەيەركىن كۆزلىگەن نىشانى زادى!
جاھان جىمجىت گويا تىلسىز تەبىئەت،
ۋە بەلكى چۈش كۆرەر ئۇخلاپ شۇ سائەت.

لېكىن ئۆرلەپ لاپاستا، ئوتمۇ شۇئان-
باغ-ھويلا ئارىلاپ قوزغالدى چۇقان.
داراڭلاپ داس-چېلەك، باشلاندى ۋاڭ-چۇڭ،
قېقىلدى ھاجىنىڭ ئىشىكى "دۇڭ-دۇڭ."
ئىشىكنى ئاچمىغاچ، تاقەت قىلالماي-
ئىتتىردى، كىردى ئۆيگە يەڭگە سورىماي.

كىرىپ ھەيرەتتە قالدى، ھۇجرا تىنسىز،
ئادەم يوقتەك تامام جىمجىت تىنىقسىز.
چۆچۈپ ئارقىغا ياندى، سالدى چۇقان،
كېلىشتى نەچچە خادىم بەك پەرىشان.
يېقىپ شامنى، قاراپ ھەيران قېلىشتى،
نېمە قىلماقنى بىلمەي تىڭىرقاشتى.
بىرى دەرھال تېپىپ ئەقلىنى بىر ئاز،
بوشاتتى ھاجىنى ھەم قىلدى ئاۋاز.
سۇ كەلتۈردى، ئۈنى سەپتى يۈزىگە،
بەگ ھاجىمۇ كېلىپ شۇ چاغ ئۆزىگە،
چۆچۈپ "ۋايداد" دېدى ھەم قوپتى مۆڭدەپ،
خىيال قىلماس ئىدى ئۇ "مەن تىرىك" دەپ.
بۇ نېمە ھادىسە، يامان چۈشمۇ؟
ۋە ياكى ئوڭدا كۆرگەن ئىشمۇ؟
غۇۋالاشتى كۆزى، تىترەپ ۋۇجۇدى،
ساراڭدەك ھەر تەرەپ سەرسان ئۇرۇندى،
ئۇرۇندى خۇددى بىر ياردار قاۋاندەك،
ۋە يا بەلدىن ئۈزۈلگەن بىر يىلاندەك.
چۆچۈپ "ۋايداد" دېدى، قېنى ساقالى،
زاۋالغا ماڭدىمۇ شۆھرەت كامالى؟
تىرىك ئۆلدى دېگەن شۇ، ئاھ پالاكەت،
خالايىققا نېچۈك بولغاي مالاقەت؟
ئۈنىڭدىن ئۆلگىنى مىڭ ئىدى خوپراق،
قاراڭغۇ گۆردە تەننى ياپسا تۇپراق!
چۆچۈپ"ۋايداد" دېدى، تولغاندى ھەر-ھەر،
قېنى لەيلى، قېنى ئۇ ئولجا گۆھەر؟
نېمە بۇ مۇنچە دەھشەتلىك پالاكەت،
ئۆيىگە ئوت قويۇپ، بەرسە تالاپەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

كىم ئۇ مۇنچە قارام، بەتقۋاش ۋە تەرسا،
بەگ ھاجى شۆھرىتىنى يەرگە ئۇرسا!
قېنىكىن يۆلىكى سىجاك ۋە جۇنجاك،
قېنىكىن يانتاياق بولغاچ خا كوجاك؟
قېنىكىن دوستى ئۇ "دانا" روبىرت شىر،
بۇ يەتلىغ قىلسا تەقدىر ئۇنى تەھقىر!
بەگ ھاجى ئۆيدە دادلار، سىرتتا شاۋقۇن،
تېخىچە ئۆچمىگەن لاپاستا يالقۇن.
پالىلداپ كەتتى گويا يەنە خەنجەر،
كۆرۈندى يەنە گويا ئىككى قەيسەر.
چۆچۈپ"ۋايداد" دېدى، كەتتى ئەقىل-ھۇش،
يىقىلدى دۇم چۈشۈپ ئۇ بولدى بىھۇش.

چىپىشتى نەچچە خادىم ھەر تەرەپكە،
مىنىپ ئات ئىككىسى شەھەر تەرەپكە.
كېلىشتى ساقچىلار، كوجاك، جۇيجاكلار،
يەنە ھەربىي شتابتىن نەچچە جاكلار.
بېرىپ بۇ ھادىسە ھەققىدە تەبىر،
كېچىچە قان يۇتۇپ ئويلاشتى تەدبىر.
بۇنى تەسۋىرلىمەك ئەمدى نە ھاجەت،
شۇنى تەكتىلىمەك بەستۇر ناھايەت-
كى دۇنيا ھەر كىشىگە بىر ئېتىز يەر،
ئۇرۇقنى ياخشى تاللا، پەم بىلەن تەر.
نېمە تەرسەڭ شۇنى ئورۇپ ئالۇرسەن،
تېرىپ ئارپا، نېچۈك بۇغداي ئالۇرسەن؟

## خاتىمە

ئۆتمۈش ئۆلۈمنىڭ، كېلەچەك-سىنىڭكى.
-شېللى پېرسى
قانداقلا بولسۇن، كېلەچەك بىزنىڭكى.
-لۇشۈن

1

تۈگەپ قالدى مانا ئاخىر ھېكايە،
ۋە لېكىن ئارمىنىم كۆپ بەناھايە.
كى داستان ئاخىرى قالدى ناروشەن،
تۇماندا قالغىنىدەك خۇددى گۈلشەن.
قېنى لەيلى، كېرىم، ئوبۇل، غېنىلەر،
قاياقتا كەتتى بۇ ئاغا-ئىنىلەر؟
نە بولدى ئاقىۋەت، نە كەچتى ھالى،
ئۆچۈردى نەگە قىسمەتنىڭ شامالى؟
ئېچىلماي قالدى بۇ داستاندا شۇ سىر،
گويا قالدى كىتابىم چالا تەپسىر.
نېتەيكىم، تۇن ئىدى كۈندۈزمۇ ئۇ چاغ،
يېتتۈردۈم شۇڭا ئۇ ئىزلارنى بىۋاخ.
چېكىپ بۇ يولدا گەرچە دەردۇ مېھنەت
ۋە ھەتتا گاھىدا يۈزمىڭ ئوقۇبەت.
ئېزىنققان بىنەسىپ سەيياھقا ئوخشاش-
كېزىپ چۆللەر ئارا، كۆپ گاڭگىراپ باش،
قىدىردىم، تاپمىدىم ھېچ يەردە بىر ئىز،
كى قەشقەر ئاسمىنى ئىدى قۇياشسىز.
قۇياشسىز ھەم تۇمانلىق بولسا ئالەم،
نېچۈك تاپقاي بېرىپ مەنزىلنى ئادەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

يېزىلغاچقا شۇ زۇلمەتتە كىتابىم،
زاماندىن زارلىنىش بولدى خىتابىم.
ھەمىشە ھەمراھىم بولغاچقا قايغۇ،
تۆكەر كۆز ياشنى مىسرالىرىمۇ.

ىىراق، مەڭگۈ ئەمەسكەن قارا زۇلمەت،
بولۇركەن كېچىنىڭ كۈندۈزى، ئەلۋەت!
مانا تاڭمۇ ئېتىپ، كۈلدى قۇياشمۇ،
تۈمەنمۇ كۈلدى، ئېرتىش، يورۇقتاشمۇ.
ئېسەر گۈلشەندە ئەمدى تاڭ ساباسى،
چاڭلدار باغ ئارا قۇش ناۋاسى.
سابا كەلدى، دېمەك ئىقبالمۇ كەلدى،
تۈگەپ ھىجران-پىراق، ۋىسالمۇ كەلدى.
نېسىپ بولسا يەنە قەشقەرنى كۆرمەك،
تۈمەن بويلىرىدا ئازادە كەزمەك،
تېپىپ لەيلى-كېرىملارنىڭ مۇقامىن،
يازارمەن، شۈبھىسىز، داستان داۋامىن.
يازارمەن ئەمدى تاڭ كۈلگەن زامانىنى،
شۇ تاڭنىڭ نۇرىغا چۆمگەن جاھانىنى.
ئىشەنچىم ھەر زامان كامىل ۋە پاكىز،
نىيەت-ئىقبالدا پاكلىق ئاڭا بائىز.

1948-1949-يىللىرى يېزىلغان.
1979-يىلى تۈزىتىلگەن.

رۇبائىيلار(1)

(ئون يىللىق ئاپەت مەزگىلىدە يېزىلغان)

(1)

قەلەم سۇندى، ئەلەم ئەزدى دىلىمنى.
شامال دارىپ كىكەچ قىلدى تىلىمنى.
قولۇم تۇتماس، پۇتۇم باسماس پالەچ مەن،
نىمەم بىلەن قىلاي رازى ئېلىمنى؟

(2)

قارا يىللار بۆشۈكىگە تۇغۇلدۇم.
تۇغۇلدۇمۇ، قەپەز ئىچرە بوغۇلدۇم.
ئۆمرۈم مېنىڭ ھەسرەت بىلەن ئۆتەرمۇ؟
ئەلگە خىزمەت قىلاي دىگەن ئوغۇلتۇم.

(3)

يوق ئىدىم، بىر كىچىدە بار قىلدى مېنى.
بار قىلدىيۇ، جاپاغا دۇچار قىلدى مېنى.
يەتمەسمىدى شۇ، پەرزەند تاپقىنىم نىمە؟
ساراڭلىقىم تولا گۇناھكار قىلدى مېنى.

(4)

مېنىڭ مەن بولمىقىم ئۆز مەيلىم ئەمەس.
يا ئورۇق - سېمىزلىك تۇپەيلىم ئەمەس.
ئۆز يۇرتتا مۇساپىر، ئۆز يۇرتتا غېرىب
بولمىقىم ھەرگىز ئۆز خۇي - پەيلىم ئەمەس.

(5)

تىرىك دىسەم تىرىكلىكتىن مەنا يوق.
ئۆلەي دىسەم ئۆلمىكىمگە بانا يوق.
كۆڭدە خىيال، كۆڭدە تەشۋىش، كۆڭدە غەم،
دەردىم ئېيتسام دەردكە دەرمان دانا يوق.

www.uyghurkitap.com

(6)

بۇ نىچۇك تۇرمۇشكى ئەمدى، پاك كىشى ئاندىن بىزار.

تەن بىزار جاندىن يەنە جانمۇ ھەم تەندىن بىزار.

كۆڭلۈم ئىستەر مەڭگۈلۈك خىلۋەت ماكان.

ۋاھ ئەجىبكىم! دىلمۇ بۇ جاندىن بىزار.

(7)

ئىلمىڭ بولدى نىمەيۇ، ئەقلىڭ نىمە؟

ئادىمىيلىك خىسلىتىڭ، پەزلىڭ نىمە؟

باقمىسا دەۋران ساڭا كۈلمەس گۈلۈڭ.

قانچىلىك سىڭگەن بىلەن ئەجرىڭ نىمە.

(8)

قارۇنغا خەزىنەيۇ، ئەيساغا ئېشەك.

چىۋىنگە قەنت - شېكەر، ھۇماغا سۆڭەك.

نىمە بۇ بۇنچىلىك بىدادلىق، ستەم؟

قاچانمۇ تۈزىلەر رەپتارى پەلەك؟

(9)

تۆرەلمەكلىك مىنىڭ ئۆز ئىشىممىدۇر؟

تۇغۇلماقلىق مىنىڭ خاھىشىممىدۇر؟

ئانامنىڭ قارنىغا سىغقان ئىدىمكى،

جاھانغا سىغمىغان شۇ بېشىممىدۇر؟

(10)

ئۈمىد پەرقلەندۈرەر بىزنى شەيتاندىن،

ئۈمىدسىز - شەيتان ئىمىش بىنەسىپ جاندىن.

مەڭگۈلۈك زۇلمەتتە قالماس بۇ ۋەتەن.

ئۈمىدنى ئۈزمىگىن سەن سۇبھى تاڭدىن.

# روبائىيلار(2)

(1)

قاياشتۇر ئاي بىلەن قۇياش ئۆمۈربات.
قۇياشسىز قالسا ئاي بولۇر زۇلۇمات.
ھاياتىم بۆشۈكى شۇ ئانا ۋەتەن،
ۋەتەنسىز نە قىلسۇن بۇ تەندە ھايات؟

(2)

ئۆستۈردى قوينىدا مېنى شۇ تۇپراق،
ئۆلسەممۇ ماڭا ئۇ بولغۇسى يۇمشاق.
شۇ ۋەتەن ئىشقىدىن ئۇلۇغ نىمە بار،
سىغمايدۇ كۆڭلۈمگە بۆلەك ئىشتىياق.

(3)

مەجنۇن تال قەددىنى ئېگىپ مۇلايىم،
سۇ بەرگەن ئۆستەڭگە قىلىدۇ تازىم.
سۈت بېرىپ ئۆستۈرگەن ئانا ئالدىدا
بۇرچىمىز قانچىلىك ئويلايلى دائىم!

(4)

ھەر قانچە ئېگىزدە قوش پەرۋاز قىلار،
ئوزۇغى، ئۇۋىسى يەر ئۈزرە بولار.
يەتتىنچى ئاسمانغا يەتسىمۇ بېشىڭ،
پۇتلىرىڭ ھامان شۇ تۇپراقتا تۇرار.

(5)

ئانا سۈتى ئاقارتقاي دىلىڭنى سېنىڭ،
مەرپەت يورۇتقاي يولۇڭنى سېنىڭ.
ۋەتەنگە مۇھەببەت كۈچ - ئۈمىد بېرىپ،
پەلەككە يەتكۈزگەي قولۇڭنى سېنىڭ.

(6)

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

تاھىرغا ئۆزىنىڭ زوھراسى ياخشى،
مەجنۇنغا ھۆردىنمۇ لەيلاسى ياخشى.
مېنىڭ بۇ سۆيگۈگە چاڭقاق دىلىمغا،
ۋەتەن گۈلزارىنىڭ رەناسى ياخشى.

(7)

جاھاندا ئىككى نەرسە مەڭگۈ ئۆلمەس.
بىرى خەلق، بىرى «ھەق ئىگىلەر سۇنماس»
بۇلۇت گەرچە توسار بەزىدە قۇياشنى،
قۇياش ئۆچمەس، يۈزىگە توزان قونماس.

(8)

چىۋىننىڭ قانىتى ئاينى ياپالماس.
چۈمۈلە ھارۋىنى يولدىن توسالماس.
ئالقانچە يەردىكى قۇياش نۇرىنى
مىڭ ھارۋا توپىمۇ ھەرگىز كۆمەلمەس.

(9)

باھار كەتسە توزار گۈلشەندە غۇنچە،
تىرىكنىڭ قەدرىمۇ كۆز يۇمۇلغۇنچە.
لېكىن ئۆلمەس كىشىلەر ھەم بار جاھاندا،
قوياشنىڭ ئۆمرى قانچە، ياشار شۇنچە.

(10)

ئاقار دەريا يۈزىمۇ قىشتا مۇزلار،
قىزىلگۈلنىڭمۇ بىر كۈن خازانى بار.
ئۇلۇغ غەيە بىلەن سوغۇرۇلسا دىل،
ئۇنىڭدا ھەمىشە تۆت پەسىل باھار.

(11)

بىراۋلار ئەلگە قىلدى جاننى قۇربان،
بىراۋلار تەر بىلەن گۈللەتتى بوستان.
ئالار قۇش تۈلكىنى ئۇنىسىز- تاۋۇشسىز،

قاقاقلار بىر تۇخۇم تۇققانغا مىكىيان.

(12)

كىشكىم مەيلى شاھ، مەيلى گادادۇر

ۋە مەيلى دانىشمەن، مەيلى سىپاھدۇر.

دېڭىزدىن تامچە بىز ھەرقاندىقىمىز.

ئادەمزات تارىخى بۈگۈ گۇۋاھدۇر.

(13)

مېنى باغدىن ئەمەس چۆلدىن ئىزلەڭلار،

ۋە يا باغراش دېگەن كۆلدىن ئىزلەڭلار؛

ئۇنىڭدىن ياخشىسى ئۇزۇن سەپەردە-

يېقىلغان گۈلخاندىكى كۈلدىن ئىزلەڭلار.

(14)

چېچىپ نۇر قوغلايدۇ زۇلمەتنى گۈلخان.

ئۆزى كۈل بولۇپ دەشتتە قالار بىنىشان.

نە يەڭلىغ ئۇلۇغۋار ئۇنىڭ غايىسى.

بولالىسام كاشكى شۇ گۈلخانىسىمان.

(15)

بۇلبۇل ئېيتۇر: گۈلزارىمدىن ئايرىما،

لاچىن ئېيتۇر: قاناتىمنى قايرىما.

مەن ئېيتۇرمەن: بېلىق سۇسىز نە قىلغاي،

مېنى خەلقىم قۇچاغىدىن ئايرىما.

(16)

ئۆمۈرنىڭ تولىسى ئۆتتى مەنىسىز.

قاراڭغۇ شولىدەك ئۇنىسىز، شولىسىز.

قىراۋ باستى باش ۋە ساقالنى تەڭلا،

ئەمدى قالارمۇ مەندىن بىرەر ئۆچمەس ئىز؟

(17)

ئالدىمدا بىپايان ۋادىلار، باغلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئارقامدا ئاسمانغا تۇتاشقان تاغلار،
تىزلەتسەم قەدەمنى نە بەخت ئىدى؟
دەرىخا، كەلمەس ئۇ نەۋقىران چاغلار.

(18)

شاتلىق بىلەن قايغۇ قوشكېزەك ئىمىش،
مۆلدۈرگە باھارۇ-كۈز بىردەك ئىمىش.
ئۇتتۇقتا يوق دىمە ئوڭۇشسىزلىقنى،
كىشىلىك ھاياتى شۇ دىمەك ئىمىش.

(19)

ئۆمۈر مەنزىلى ئاق قەغەزگە ئوخشار،
ھەر باسقان قەدەمدىن بىر ئىزنىڭ قالار.
يا ماختان، يا ئۆكۈن ئۆزۈڭنىڭ ئىشى،
ئەڭ ئادىل ھۆكۈمنى ئەل ئاڭا يازار.

(20)

ئالتۇن جام ئىچرە مەي قوزغاتسا ھەۋەس،
گۈزەلنىڭ كۆزلىرى سېنى قىلسا مەس.
كۈنۈڭ ئۆتسە ئالقىش- ماختاشلار ئارا،
ئاگاھ بول، ھاياتىنىڭ بۇ ئۆزى ئەمەس!

(21)

قارىغاينىڭ كۆكلىگى ئۇنىڭ زىننىتى،
تۈزلىگى ئۇنىڭكى قەدىر - قىممىتى.
ھەر كىشى قارىغايدەك بولالىسا تۈز،
ئەل ئىچرە ساقلىنار ئىززەت |ھۆرمىتى.

(22)

ئەل غېمى، شاتلىغى ئىلھامغا بۇلاق،
ئۇنىڭسىز شېئىردا بولماس خوشپۇراق.
كۆر، ئالتۇن قاچىغا چىلانسىمۇ گۈل.
سولىشىپ كېتەر تېز بولمىغاچ تۇپراق.

(23)

ئەل ئۈچۈن يۈگۈرتسەڭ قەغەزدە قەلەم،

تاغلارنىڭ بېشىغا تىكەرسەن ئەلەم.

ۋە لېكىن سۇ قوشۇپ قويساڭ سىياغا،

ئىزلىرىڭ تېز ئۆچۈپ چېكەرسەن ئەلەم.

(24)

شۆھرەت كەمىرىگە ئۇزاتقىچە قول،

ئوتتۇنچى بوۋاينىڭ ئارغامچىسى بول.

تاجدارلار تاجىنىڭ كۆزى بولغۇچە،

كۆكلەم يامغۇرىنىڭ بىر تامچىسى بول.

(25)

شېئىر يازماق ئاسان، ھەق سۆزلىمەك تەس.

شائىرغا ھېرىس -تاما بولمىغاي ھەۋەس.

يازغاننى قەدىرلە ئاۋال سەن ئۆزەڭ،

سېتىپ خەجلىگىلى ئۇ تاۋار ئەمەس.

(26)

بىلىمدۇر يۈگەنسىز بىر ئۇچقۇر تۇلپار.

مىنەلىگەن كىشى مۇرادقا يېتەر.

ئۇ شۇنداق ئاجايىپ مۆجىزىدۇركى،

قارا تاش ئۈستىگە تىرىساڭ ئۈنەر.

(27)

كىشى ھەر نەرسىنى بىلمەككە ماھىر.

بىلىپ بولماققا لىكىن ئۇ ئەمەس قادىر.

ئارىستودەك ھەكىممۇ ئېيتقان ئىدىكى:

«بىلگەنسىرى بىلدىم بىلمەسلىكنى ئاخىر»

(28)

قەددىڭنى پۈكۈپ سەن قىلمىغۇنچە با،

ئاقمىسا تەرىڭدىن ۋە ياكى دەريا،

www.uyghurkitap.com

ئىندەككە كەلمەيدۇ بىلىمنىڭ قۇشى،
قەلبىڭدە گەر بولسا تېرىقچە رىيا.

(29)

بىلىم ئۇ، خۇددى چىن سۆيگۈ مىسالى،
پەرھاتقىلا مەنسۇپ شىرىن ۋىسالى؛
كىمكى ساختىلىق قىلسا خىراۋدەك،
ۋىسالغا ئېرىشمەك ئۇنىڭ خىيالى.

(30)

سايلام بىلەن كىشى تۆرگە چىققان بار.
دۆلەت قۇشى قونسا ئەمەل تۇتقان بار.
ۋەلىكىن ئالىملىق مەرتىۋىسىنى
رىيازەت چەكمەستىن قاچان تاپقان بار؟

(31)

ئۆتنە - يېرىم قىلماق تۇرمۇشتا بار ئىش.
بىلىمنى ئۆتنىگە ئالماقلىق خار ئىش.
بىراۋنىڭ تونىدا تەرلەيمەن دېيىش
ۋىجدانلىق كىشىگە بىر ئۆمۈر ئار ئىش.

(32)

بىلمەكتىن مۇرات - نام - شۆھرەت ئەمەستۇر،
شۆھرەتكە ئىنتىلىش رەزىل ھەۋەستۇر.
بىلگەننى دان قىلىپ ئېتىزغا چاچساڭ،
ھوسۇلى ئەلگە بولسا، ئۇشبۇ بەستۇر.

(33)

ئالدىڭدا يېقىملىق شام - چىراقتا باق،
كېچىنى قىلىدۇ كۈندۈزدەك ئاپپاق.
تەپەككۇر كۆزلە ئۇنى بىر كۆزەت،
ئۆزىچۈن يانامدۇ ئۇشبۇ شام - چىراق.

(34)

ماڭلايدىن ئاقمىسا تارام - تارام تەر.
كۆكەرمەس ھېچقاچان باھاردىمۇ يەر.
بىلىم مەنزىلىمۇ تاشلىق، داۋانلىق،
نىچۈن ئالغاي مىدال جەڭدىن قاچقان ئەر؟

(35)

گەر نادان ئۆگەتسە ساڭا ئەقىل - ئىش.
كۈلۈپ قويغىن ئاڭا سەن قىلما كايىش.
ئېشەكنىڭ بىمەھەل ھاڭراپ تاشلىشى
ئاتوم دەۋرىدىمۇ ئەزەلدىن بار ئىش.

(36)

دۇئا قىلسا ھەر ۋاخ مۆئمىن - مۇسۇلمان
تىلەيدۇ دوزاقتىن بولماقنى ئامان.
ۋەلىكىن دوزاقنىڭ ئۆزى ئېيتارمىش:
«مەن ئۆزۈم قورقىمەن ناداندىن يامان.»

(37)

يولۇڭ بولسا توغرا مەردانە بولغىن.
ھەقىقەت شامىغا پەرۋانە بولغىن.
«ئېشىڭ بولسا ھالال تۆت كوچىدا ئىچ»
دەيدۇ ئەل. ھەق ئۈچۈن قۇربانە بولغىن.

(38)

كۆڭۈل بوستانىغا جاھان سىغىدۇ،
جاھان تۇرماق ھەتتا ئاسمان سىغىدۇ.
مۇبادا رەشك - ھەسەت قاپلىسا ئۇنى،
تېرىقنىڭ قاسرىغىمۇ ئاران سىغىدۇ.

(39)

ئاسمانغا نەزەر سال، يۇلتۇز بىساناق،
ئۇسۇشمەي ئۆتىدۇ ئەزەلدىن ئىناق.
جاھان كەڭرى، دوستۇم، يېتەر ھەممىگە،

ئادەمگە ياراشماس سۆگەك تالاشماق.

(40)

كۆپەيسە دۈشمىنىڭ سەن بولما غەمناك.

بېرىدۇ ئۇ ساڭا ئەقىل ھەم ئىدراك.

ئەگەردە چاقمىسا ئادەمنى يىلان،

نەدىن تېپىلاتتى دورايى تەرياك؟

(41)

ئۆتكىم، دوست دېمە راھەتتە ئىناق.

ئايرىلسا غۇربەتتە سىنىڭدىن يىراق.

سايەڭگە نەزەر سال تەپەككۇر بىلەن،

يورۇقتا بىللەدۇر، زۇلمەتتە يىراق.

(42)

ئۆتكىم، دوست دېمە غەيۋەتكە ماھىر.

سېنى ھەم قويمىغاي بىر چەتتە ئاخىر.

مىسال شۇكى: چايانغا بەرى ئوخشاش،

قىرى - ياش ھەم بوۋاق، دانىش، ئاكابىر.

(43)

ئۆتكىم، دوست دېمە ھەر كۈندە ۋەدە.

بۇگۈننىڭ ئەتىسىمۇ يەنە ئەتە.

مىسالى چۆلدىكى ۋىلىۋىلگە ئوخشار.

ئۆنى قوغلاپ يېتىشمەك ساڭا نەدە؟

(44)

ئۆتكىم، دوست دېمە، ھەم ساڭا يولداش.

رەقىبىڭ بىرلە ھەم ئۇ بولسا مۇڭداش.

مىسال شۇكى؛ نىمە دەر خەلقى ئالەم،

ئەگەردە ئىككى يار تۇتسا قەلەمقاش؟

(45)

نىچۈن ئوتقا ئۇرار ئۆزىنى پەرۋانە؟

نىچۈن شام ئاققۇزار كۆزدىن دۇردانە؟
نە بىلسۇن ھاياتنىڭ بۇ سىرلىرىنى
تۇرمۇشنى تەرك ئەتكەن زاھىد مەستانە؟

(46)

يالغانچىنىڭ تىلى چېچەكسىز پىلەك.
چېچەكسىز پىلەكتە بولامدۇ خەمەك؟
ئۇزارغانسىرى ئۇ ئۆز ئىگىسىنى
بوغىدۇ يىلاندەك بولۇپ چەمبىرەك.

(47)

ئالتۇن ھەل يالاتساڭ كېسەكتۇر كېسەك.
گەر ھالۋا بەرسەڭمۇ تىزەكلەر ئېشەك.
كۆرۈمسىز شۇ پىلە قۇرۇتىغا باق،
يەپ ئاددىي يوپۇرماق بېرىدۇ يىپەك.

(48)

بۇيۇك تاغنى تالقان قىلسىمۇ گەر
ئۆزىگە تەمەننا قويماس يىگىت - ئەر.
كۆر پىلە قۇرۇتى چېغىدا ھەر يىل
بەرسىمۇ غوزىنى بىمىننەت ئۆلەر.

(49)

قىرىماس نەرسە يوق جاھاندا پەقەت.
قۇياشمۇ قېرىيدۇ ھەتتا ھەر سائەت.
ۋەلىكىن بۇنىڭمۇ مۇستەسناسى بار،
ئۇنىڭكى نامىدۇر سۆيگۈ - مۇھەببەت.

(50)

ئەزىم دەريا ئاقار شاۋقۇن - سۈرەنسىز.
نى ئەرلەر قالدى چۆل - دەشتتە كېپەنسىز.
نە ھاجەت كۆرەڭلەش بىزگە ئەي دوستۇم!
ئايلىنار يەر شارى سەنسىزمۇ - مەنسىز.

www.uyghurkitap.com

(51)

نى ئەرلەر كەچتى قان، يەنە قان كېچەر.

ئەل بەختى يەنە كۆپ قان - تەرنى تىلەر.

قان ۋە تەر ئاققۇزۇپ بولۇپ بىر ئۆستەڭ

قاندۇرساڭ چۆلنى ئەل ئەجرىڭنى بىرەر.

(52)

جاراھەتلىك ھەر سادا بولمايدۇ ناخشا.

مۇھەببەت - نەپرەتسىز چىقمايدۇ ناخشا.

ئېشەكمۇ بەزىدە ھاڭرايدۇ قاتتىق.

ئۇنى ئەل ھېچقاچان دېمەيدۇ ناخشا.

(53)

ئەجەپ بىر گۆش ئىكەن بۇ يۈرەك دېگەن،

ھەر تەندە ئۇ ھەر خىل ھىس قىلار ئىكەن.

ئەگەر ئۇ ئىچمىسە ۋىجدان شارابىن،

ئىلغىدا ئېسىقلىق سېسىق گۆش ئىكەن.

(54)

بىر زاھىد ئۆتەركەن نامازنى سەھەر.

ئوي - پىكرى جەننەتتىن ھۆرلەرنى ئىزلەر.

شۇ چاغدا بىر دېھقان قوغۇننى كۆچلەپ،

«ئىلاھىم ئوخشىغاي بۇ قوغۇنۇم» دەر.

(55)

سۇۋادان تىرەككە تاش ئاتماس كىشى.

سەۋەپ شۇكى يوقتۇر ئۇنىڭ يېمىشى.

يېمىشلىق دەرەخكە تېگىپ كۆپ تاياق

ھەمىشە يېرىقلىق تۇرىدۇ بېشى.

(56)

ياشلىق - ھەر كىشىنىڭ گۈلىستان بېغى.

ھەر تاڭدا بۇلبۇلنىڭ ناۋاكەش چېغى.

بىر قاچا سۈت بولسا بۇ ئۆمۈر دېگەن،
ياشلىقنىڭ شۇ سۈتنىڭ قايمىقى، يېغى.

(57)

ياشلىقتۇر ئۆمۈرنىڭ تۇنجى باھارى.
باھارغا باغلىقتۇر بىر يىلنىڭ كارى.
نىمە چاچسا يەرگە باھاردا دېھقان
شۇنىڭ بىرلە توشقاي كۈزدە تاغارى.

(58)

كۆكلەم - باھار كەتسە يېنىپ كەلگەن بار.
جاندىن كەچسە ئەگەر يارنى سۆيگەن بار.
ۋەلىكىن نەدىمۇ بىر قېتىم كەتكەن
ياشلىقنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يەتكەن بار؟

(59)

ۋەتەن يادى مېنىڭ سۈبھىگاھىمدۇر،
ئۇ كۈندۈز ئاپتىپىم، تۈندە ماھىمدۇر.
ئەگەرچە ئەيلىسە رەشك مەيلى كەئبە،
ئانا تۇپراق مۇقەددەس سەجدىگاھىمدۇر.

(60)

نە زەر سال يېقىلغان گۈلخانغا بىر دەم.
ئۇنىڭ خۇلقى - مىجەزى قانداق مۇكەررەم.
يورۇتقاچ بىپايان چۆللەرنى شۇئا
ياتار ئۇ كۈل بولۇپ كەتسىمۇ دىلجەم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مەنزىل

ئىلىم ــ ھېكمەت چۆللىرىدىن مەرىپەت ئىزلىگەن قۇل بىز،
بولغۇسى ھەربىر قەدەمدىن كۆمۈلمەس ئىزلار ئايان.
ئازغان يۈرەك، ھارغان تىلەك، ئەمدى نە قىلماق كېرەك؟
ھەر تىنىقتا بىر سوئال، مەنزىل قايان؟ مەنزىل قايان؟

**مەنزىل تورى ئېلكىتاپ گۇرۇپپىسى**

www.Menzil.biz

book@menzil.biz menzilbiz@163.com